# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

(46)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ـ ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

(46)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى - ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى

مەسلىھەتچى : سىرجە
تەھرىر ھەيئىتى مۇدىرى : ئەركىن ھوشۇر ئەلى
تەھرىر ھەيئەتلىرى : ئەركىن ھوشۇر ئەلى
ئىسمائىل ئىبراھىم
ئالىم جوماش
ئەخمەتجان ھەسەن
توختى ئايۇپ
دىلارە خەمىد
ئەي جىڭشۈن
ماقالىلارنى بېكىتكۈچى : ئەركىن ھوشۇر ئەلى

باش مۇھەررىر : تۇرغۇن ئۆمەر
جاۋابكار مۇھەررىر : جۈرئەت ئابلىمىت
مۇھەررىرلەر : كەنزەي
جەزىرە مۇقامەتوللا

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (46)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ـ ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي يىكەنكۆل يولى 63 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830063

---

ئۈرۈمچى شىنشىيې باسما ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 47 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830002
172 مىلى خەت، چوڭ 32 فورمات، باسما تاۋاق 10.75
2005 ـ يىل 1 ئايدا بېسىلدى
تىراژى: 1 ~ 1000
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

---

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىشقا
رۇخسەت قىلىش ئىجازەت نومۇرى (2005) 061 ئومۇمىي 334

## مۇندەرىجە


باش شۇجى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن قەلبداش
.................................... ۋاڭ جىشيېڭ (1)
زۇڭلىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈش ............. جۇ جۇڭچى (36)
يولداش ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن قەلبداش
.................................... تيەن يۈميەن (47)
شىنجاڭ ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىنكى ۋاڭ جېن ............
.................................... تاۋ تيەنبەي (118)
بىر قىسىم ئازسانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ ئازادلىقنىڭ ئالدى
كەينىدىكى كۆچۈش، ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا ............
.................................... ۋاڭ شاگرېن (138)
دوستلۇق ئەلچىسى ............... جاقىپ مىرزاقان (164)
سوۋېت شيۇ جېڭجۇيىچىلىرى قوزغىلاڭلۇق قىلغان ئىلى، چۆچەك
ۋەقەسى .................................... لۇچيەنشۇن (189)
1966 ـ يىلىدىكى ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋەقەسى توغرىسىدا
.................................... ۋاڭ گاڭلوڭ (234)
پارتىيىنىڭ بىكىتۈەندىكى بىرلىك سەپ خىزمىتى ............
.................................... لۇ جېنيۇن (278)
ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى
ھامۇت داموللا ھاجى توغرىسىدا ............... خې جىڭنەن (297)
شىنجاڭنىڭ «25 ـ سېنتەبىر ھەقىقەتكە قايتىش جەريانىدىكى
بىرقانچە قېتىملىق توپىلاڭ، بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىش
خاتىرىسى............... ليۇ زۇنشيەن (311)

# باش شۇجى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن قەلبداش

## — يولداش جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى تۇنجى قېتىم كۆزدىن كەچۈرگەنلىكى ھەققىدە ئەسلىمە

ۋاڭ جىشېڭ

1989-يىلىدىكى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئېغىر سىياسىي مالىمانچىلىق كىرىزىسى مەزگىلىدە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان يولداش جياڭ زېمىن ئاپتونوم رايونىمىزدا بارىن يېزىسى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلىڭى ئۆزۈل-كېسىل تىنجىتىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي يەنى 1990-يىلى 8-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى، 20 نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمىنى ئارىلىدى. شۇ قېتىمقى كۆزدىن كەچۈرۈش تىلغا ئېلىنغاندا، باش شۇجى قىزىقچىلىق قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ماۋ جۇشى ‹سەددىچىن سېپىلىغا چىقمىغانلار ئەزىمەت سانالماس، بارماق پۈكۈپ ھېسابلىساق مۇساپىمىز 20 مىڭ چاقىرىمدىن ھەرگىز كەم بولماس، دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئېيتقان، مەنمۇ شىنجاڭغا كەلمىگەن بولسام ئەزىمەت سانالمايتتىم، بارمىقىمنى پۈكۈپ سانىسام مۇساپەم 20 مىڭ چاقىرىمغا يېتىپتۇ!».

باش شۇجى ھەر بىر جايغا بارغاندا ھامان زاۋۇت، يېزا-قىشلاقلار، نېفىتلىكلەر، ھەربىي گازارما-قاراۋۇلخانىلاردا ھەر مىللەت دېھقان،

چارۋىچىلار، ئىشچىلار، ھەربىيلەر، پەن-تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىلەن سەمىمىي سىردىشىپ، ئۇلارنىڭ ھال-ئەھۋالىنى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، خىزمەت ئەھۋاللىرىنى سورىدى، جايلاردىكى پارتكوملارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، پارتىيە 13-قۇرۇلتىيى بېكىتكەن «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش، مۇقىملىق، ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىرتەرەپ قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلىدى، تۇنجى قېتىم سەمىمىيلىك بىلەن ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى «قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش» بولۇشى كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

- 1 -

باش كۆزدە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان دۆلەت مۇداپىئەيىسى پەن-تېخنىكا سانائىتى كومىتېتىنىڭ مالەن بازىسىدىكى كۆككە بوي تارتقان ئورمان بەلبېغى ئىللىق سېپىلگەن قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ ئادەتتىن تاشقىرى چىرايلىق تۈس ئالغانىدى.

8-ئاينىڭ 22-كۈنى سائەت 12:00 دە، يولداش جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئولتۇرغان مەخسۇس ئايروپىلان مالەن ئايرودرومىغا قوندى. باش شۇجى قىزىل گالستۇك تاقىغان، سۇس ماشرەڭ كاستيۇم كىيگەن ھالدا كۈلۈمسىرەپ ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، ئايرودرومغا قارشى ئېلىشقا چىققان ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى، بازىدىكى ئوفىتسېر،



جەڭچىلەر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ۋاڭ ئېنماۋ، سۇڭ خەنلياڭ ۋە بازىنىڭ باش قوماندانى چيەن شاۋجۇن قاتارلىق يولداشلار بىلەن سەمىمىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. يولداش جياڭ زېمىن شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت 7:30 دا بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ باشلىنىش مەشئىلىگە ئوت ياققاندىن كېيىن، ئارام ئالمايلا ئايروپىلان بىلەن شىنجاڭغا كەلگەنىدى. ئۇ مالەن ئايرودرومىدىن چىقىپلا چۆلدىكى تومۇز ئىسسىققا قارىماي، بازىدىكى قىسىملار ۋە ئوفىتسېر، جەڭچىلەرنى ماشىنىلىق يوقلىدى. گازارمىغا كىرىش ئېغىزىدا «قۇدرەتلىك، زامانىۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان ئارمىيە قۇرايلى» دېگەن ئۇزۇن لوزۇنكا قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇراتتى. مەشىق مەيدانىدىكى كوماندىر، جەڭچىلەر 19 چاسا شەكلىدە تىزىلىپ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. جياڭ زېمىن: «يولداشلار ياخشىمۇ سىلەر! جاپا چەكتىڭلار!» دېگەندە، كوماندىر جەڭچىلەر «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز!» دەپ ياڭراق ئاۋازدا باش شۇجى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش جياڭ زېمىنغا جاۋاب بەردى. يولداش جياڭ زېمىن سۆزىدە مۇنداق دېدى: «مەنمۇ بىر مەزگىل ئاتوم ئېنېرگىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جاي، دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسى سىناق قىلىنغان يەر، تۇنجى ئاتوم بومبا بۇ يەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق قىلىنغاندىن كېيىن، بىز جۇڭگو خەلقى ئورنىمىزدىن دەس تۇردۇق ھەم چەكسىز شاتلىققا چۆمدۇق. بۇ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرگەنلىك ۋە جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى. بازىدىكى يولداشلار بۇ يەردە 33 يىل كۈرەش قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاتوم قوراللىرىنى تەتقىق، سىناق قىلىپ

ئىشلەش يولىدا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتتى، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتقا ۋاكالىتەن سىلەر ۋە بارلىق يولداشلاردىن سەممىمىي ھال سورايمەن. بۇ يەرنىڭ كۆككە بوي تارتقان ئورمانزارلىق ۋە يېشىلزارلىقى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، بۇلار بىزگە ئەينى يىللاردا دۆلەت ۋە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئارقا-ئارقىدىن بۇ جايغا كەلگەن يولداشلارنىڭ قاقاس چۆللۈكتە جاپالىق مېھنەت قىلغانلىقىنى ئەسلەتتى. يۈكسەك كەسپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بولمىسا، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ. ھازىر ئارمىيىدە ۋە خەلق ئارىسىدا ئەنە شۇنداق جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش كېرەك. نۆۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇرىۋاتىدۇ، بۇلتۇر شەرقىي ياۋروپا ئۆزگىرىپ كەتتى، قانداق ئۆزگىرىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بىز ھەرگىز ئۆزگەرمەيمىز. بىز نۆۋەتتە ئوتتۇرا شەرقتە چوڭ دۆلەتلەرنىڭ كىچىك دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىش، ھەربىي مۇداخىلە قىلىشىغا قارشى تۇرىمىز ۋە ئۇنى ياقلىمايمىز. بىز تۇزەش، تەرتىپكە سېلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق بولمىسا، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئىنتايىن تەس بولىدۇ، ئىگىلىك يۈكسەلمىسە، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشمۇ تەسكە توختايدۇ. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ياخشى، سىلەر ئىقتىسادىي خىزمەت ئىشلىمەيسىلەر، لېكىن ئۆز خىزمىتىڭلار ئارقىلىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى غايەت زور دەرىجىدە قوللاۋاتىسىلەر. جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى داۋاملىق ساقلاپ، خىزمەت ئورنۇڭلاردا تېخىمۇ زور نەتىجە يارىتىشىڭلارغا



تىلەكداشمەن». يولداش جياڭ زېمىننىڭ يوقلىغانلىقى ۋە سۆزى كوماندىر، جەڭچىلەر ۋە بارلىق يولداشلارغا زور تەربىيە ۋە ئىلھام بولدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دىن ئاشقاندى، باش شۇجى ئۇدا ئىككى سائەتتىن كۆپرەك خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چۈشلۈك تامىقىنىمۇ يېمەي، بازا پارتكومىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇلارغا بېغىشلىما يېزىپ بەردى. پارتىيىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش ۋە زور كۈچ بىلەن ماسلىشىشتىن ئىبارەت بازا روھىغا چوقۇم ۋارىسلىق قىلىشنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 5:20 دە يولداش جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كورلا ئايرودرومىدا ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق شوخلا مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى. زاۋۇتتا ئوتتاشتەك شوخلا تاغدەك دۆۋىلەنگەن، ئىتالىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان ماشىنىلار گۈكىرەپ ئىشلەۋاتقان، ئىشچىلار ئېكسپورت قىلىپ 3 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى يارىتىش يىللىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن جىددىي ئىشلەۋاتقاندى. باش شۇجى مەھسۇلاتلارنى كۆرگەچ: «بۇ شوخلا نېمىشقا بۇنداق ئۇششاق بولىدۇ؟»، «ئايال ئىشچىلار نېمىشقا ياخشى شوخىلارنىمۇ تاللىۋېتىدۇ؟» دەپ سورىدى ھەمدە تاللىۋېتىلگەن شوخىلارنىڭ تەركىبىدە قىزىل پىگمېنت مىقدارىنىڭ يۇقىرى بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئۇرۇقلۇق قىلىشىغا قايتۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بېشىنى لىڭشىتتى. كونسېرۋا سېخىدىن چىققاندا، زاۋۇت باشلىقى شاۋ يىخۆي باش شۇجىنىڭ سورىغانلىرى ۋە كۆرسەتمىسىدىن

قاتتىق تەسىرلىنىپ: «باش شۇجى، سىزمۇ كونسېرۋا مۇتەخەسسىسى ئىكەنسىز» دېگەندە، -«شۇنداق، مەن كونسېرۋا زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بولغان»-دەپ جاۋاب بەردى. كۆپچىلىك باش شۇجىنىڭ جاۋابىغا ھەيران قېلىشتى ۋە كۈلۈشۈپ كەتتى.

باش شۇجى شوخلا مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتىدىن مېھمانخانىغا كېلىپلا، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى سۈي دگۋاڭخۇا بىلەن غەربىي شىمال نېفىت-گېئولوگىيە ئىدارىسىنىڭ باش ئىنژېنېرى كاڭ يۈجۈننىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. باش شۇجى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندىزىسى ۋە تارىم نېفىتلىكىنى ئېچىش ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش فاڭجېنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، بازار ئىگىلىكى بىلەن پىلانلىق ئىگىلىكنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش بىر مۇھىم مەسىلە. ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەت مۇرەككەپ، پەن-تېخنىكا تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، نېمىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەكلىكى، نېمىنى ئىسلاھ قىلماسلىق كېرەكلىكى، شۇنىڭدەك سىرتنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگەن بىلەن بولمايدۇ. تارىمنى ئېچىشتىمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، چوڭ قوشۇنلار ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىشى كېرەك، يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى، ئۇ چوڭ ئۇرۇشتا چوڭ قوشۇنلار ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەينى يىللاردا ماۋ جۇشى ئاتوم بومبىسى ياساش ئۈچۈن ‹زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىش› نى تەكىتلىگەنىدى. ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت مەزگىلىدە مەن داچىڭغا بارغانىدىم، پۈتۈن مەملىكەت داچىڭ نېفىتلىكىنى ئېچىشقا ياردەم بەردى، بۇ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشتە



غايەت زور رول ئوينىدى. داچىڭدىن ئۆگىنىش تامامەن توغرا بولدى. بىز شىنجاڭغا، تارىم نېفىتلىكىگە ناھايىتى زور ئۈمىد باغلىدۇق، نېفىت، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى ۋە يەرلىك ئورۇنلار زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىش، ئاپتونوم ئوبلاستتىكى ھەرقايسى تەرەپلەر ھەمكارلىشىش، ھەرقايسى جەھەتتىكى سەپەرۋەر قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىشىشى روھىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. . . .

باش شۇجى كىلاسسىكلارنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ناھايىتى قىزىقارلىق سۆزلەرنى قىلدى. دوكلاتنى ئاڭلاپ بولغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى، يولداش جياڭ زېمىن شۇ كۈنى 15 سائەت ئارام ئالماي خىزمەت قىلدى.

- 2 -

23-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 لاردا يولداش جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كورلىدىن يولغا چىقىپ، ئاپتوموبىل بىلەن 200 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ تارىم نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ جەنۇبىي بۇگۇر قوماندانلىق ئورنىغا يېتىپ كەلدى. بىپايان زېمىنغا نەزەر تاشلىغاندا، ئوتتاشتەك قىزارغان يۇلغۇنلار، باراقسان ئۆسكەن چاتقاللار، كۆككە بوي تارتقان توغراقلار، يېڭى ياسالغان قۇملۇق تاشيولىدىكى ماي باكى سۆرىگەن ئاپتوموبىللار، ئېگىز-ئېگىز بورۇۋايلار، نېفىت قۇدۇقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان تەبىئىي گازنىڭ كۆيۈشىدىن چاقنىغان گۇلخانلار نەچچە ئون مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق جەنۇبىي بۇگۇر

چۆللۈكنى چىرايلىق كىمخاپقا ئوراپ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ تۇراتتى. بۇ يەر نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى مول بولغان يۇقىرى ھوسۇللۇق نېفىت، تەبىئىي گاز رايونى بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. داچىڭ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك، شىمالىي جۇڭگو، سىچۈەن ۋە شىنجاڭنىڭ نېفىتلىكلىرىدىن توپلانغان 10 مىڭدىن كۆپرەك نېفىت ئىشچىسى زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىپ، زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ، باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى.

جياڭ زېمىن قوماندانلىق ئورنىدا باشلامچىلىق بىلەن سۇس ئاپلىسىن رەڭلىك دالا ئىش كىيىمىنى كىيىۋېتىپ: «بۇ ئىش كىيىمىنى كىيگەندە قۇملۇقتا ئېزىپ قالغان تەقدىردىمۇ تېپىۋېلىش ئاسان بولىدۇ» دېدى.

باش شۇجى ئالدى بىلەن بۇرغىلاش سۈرئىتى جەھەتتە ئىلغار كوللېكتىپ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى «7012» بۇرغىلاش ئەترىتى مەشغۇلات قىلىۋاتقان جەنۇبىي بۇگۇردىكى 2-قاتاردىكى 2-قۇدۇقنى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ چاغدا توساتتىن يامغۇر يېغىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يامغۇرغا قارىماي نەچچە قەۋەتلىك بىنا ئېگىزلىكىدىكى بۇرغىلاش سۇپىسىغا چىقتى، تۆۋەندىكى دېۋىگاتىللار گۈكىرەپ ھەرىكەتلىنىۋاتاتتى، يىراقتىكى تۇمان ئارىسىدا «دۇنياغا يۈزلىنىپ، ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتايلى» دېگەن قىزىل لوزۇنكا سۇس كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بۇرغىلاش سۇپىسىدىن چۈشكەندىن كېيىن، پاتقاق كېچىپ يۈرۈپ تاختا گېزىتكە يېزىلغان بۇرغىلاش ئەترىتى قوللانغان 10 تۈرلۈك يۇقىرى يېڭى تېخنىكىنى تەپسىلىي كۆرۈپ: «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيانقى مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئىلغار ئۈسكۈنە، تېخنىكىلارنى شىنجاڭغا ئېلىپ كەپسىلەر» دەپ ماختىدى.



باش شۇجى ھۆل بولۇپ كەتكەن ئىش كىيىمى بىلەن يامغۇرغا قارىماي جەنۇبىي بۇگۇر نېفىت ئېلىش 2-قۇدۇقىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بۇرغىلاش ئەترىتىدىكى ئىشچىلار قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدى. ئۇلار باش شۇجىغا: «بۇ قۇدۇقتىن كۈنىگە 168 توننا نېفىت چىقىدۇ، بۇ، داچىڭنىڭ 10 نەچچە قۇدۇق مەھسۇلاتى بىلەن تەڭ كېلىدۇ» دەپ خۇشخەۋەر مەلۇم قىلدى. باش شۇجى ئىشچىلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشكەندىن كېيىن، كېتىۋاتقاچ بىر قىزدىن: «ئىسمىڭىز نېمە؟»، «يۇرتىڭىز قەيەردە؟»، «نېمە ئىش قىلىسىز؟» دېگەنلەرنى سورىدى، ئۇ قىز: «ئىسمىم فاڭ كې، گېنېراتورغا قارايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. باش شۇجى يەنە: «نەچچىگە قارايسىز؟»، «بۇ يەرگە قاچان كەلگەن؟»، «قايسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن؟» دەپ سورىدى، قىز بولسا: «بەش گېنېراتورغا قارايمەن»، «بۇ يىل كەلدىم»، «شەرقىي جۇڭگو نېفىت ئىنستىتوتىنىڭ كان ماشىنىسازلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن» دەپ جاۋاب بەردى. باش شۇجى ھەيران بولۇپ: «مەن ئونىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ، ئاران 300 نەچچە ئات كۈچىگە ئىگە 2 گېنېراتورغا قارىغانىدىم» دېدى ھەمدە ئۇنىڭغا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «ئىشچىلاردىن ئۇستاز تۇتتىڭىزمۇ؟ ئىشچى ئۇستازلاردىن كۆپرەك ئۆگىنىڭ، ياشلار ئەمەلىيەت داۋامىدا ساغلام يېتىلىشى كېرەك» دېدى. باش شۇجى كۆپچىلىك بىلەن خوشلىشىش ۋاقتىدا قىزىقچىلىق قىلىپ: «كۈزدە ئوزۇقلۇق تولۇقلاش ئۈچۈن يەيدىغان ئىككى ئالمىنى ئاپتاپتا پىشۇرۇپ قويماڭلار!» دېدى، كۆپچىلىك قىزغىن چاۋاك چېلىپ، باش شۇجىنىڭ غەمخورلۇقىغا تەشەككۈر ئېيتتى.

يولداش جياڭ زېمىن شىمالىي جۇڭگو «206» بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ

كۆزۈپ شەكلىدىكى دالا ئۆيلىرىدىن تەركىب تاپقان گازارمىسىغا كەلگەندە، ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. بۇ يەردە 120 كارۋاتلىق 30 ئېغىز ئۆي، كېيىم يۇتكەش ئۆيى، كۇتۇپخانا، ئاشخانا، مۇنچا، ھاجەتخانا قاتارلىقلار بولۇپ، ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى بويىچە ساراي باشقۇرۇش يولغا قويۇلغانىدى. باش شۆجى ئىشچىلارنىڭ ياتىقىدا كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ يوتقان، كۆرپىلەرنى تۇتۇپ كۆردى ھەمدە تۇرمۇشنىڭ قانداقلىقىنى سورىدى، ئىشچىلار رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: «مۇلازىمەت شىركىتى ياخشى مۇلازىم قىلىۋاتىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر كەلگەن چاغدىكىدىن سەمىرىپ قالدى» دېدى. باش شۆجى بېشىنى لىڭشىتىپ: «ئارقا سەپ خىزمىتى ئىسلاھاتىنى ياخشى قىلىپسىلەر، مۇشۇنداق ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى ياخشى، بۇ يېزىلاردا ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتكەنلىك» دېدى.

يولداش جياڭ زېمىن تارىم نېفىتلىكى قوماندانلىق ئورنىنىڭ رەھبىرى چيۇ جۇڭجيەن قاتارلىقلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يۇقىرى يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىپ، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار تېخنىكا كۈچلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، تۆت چوڭ نەتىجىگە ئېرىشىپ، تارىمدا داچىڭغا ئوخشاش نېفىتلىك قۇرغانلىقىنى ماختىدى. ئۇ چوڭ يېرىقتىكى يەر قاتلىمى نۇسخىسى ۋە نۆلدىن تۆۋەن 57℃ دىمۇ قېتىشمايدىغان، ئاۋئاتسىيىدە ئىشلىتىلىدىغان ياخشى سىلىقلاش مېيىنى چەكلىكلى بولىدىغان خام نېفىت ئەۋرىشكىسىنى ھەم نەمۇنىلىك ئىشچى ۋاڭ گۇاڭرۇڭغا دائىر ماتېرىياللار ۋە سۈرەتلەرنى تەپسىلىي كۆردى. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتتىن نېفىتنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى



بىلىۋاتىمىز. نېفىت باشقا ئەشيالار ئورنىنى باسالمايدىغان ئېنېرگىيە، ئىراقنىڭ كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلىشى، ئامېرىكىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا قوشۇن كىرگۈزۈشى (ئىراققا تاجاۋۇز قىلىشقا ھازىرلىق كۆرۈپ) قاتارلىقلاردا بىر ئورتاق سەۋەب بار، ئۇ بولسىمۇ نېفىت تالىشىشتىن ئىبارەت. مەركەزدىكى رەھبىري يولداشلار تارىمدىكى نېفىت، تەبىئىي گازنى قېدىرىپ تەكشۈرۈشتە مۇھىم ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. بۇ تامامەن سىلەرنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش پىداكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرغانلىقىڭلارنىڭ نەتىجىسى. يولداش ۋاڭ گۇاڭرۇڭ سىلەرنىڭ ۋەكىلىڭلار، تۆمۈر ئادەم ۋاڭ جىنشىدەك قەھرىمان. بولتۇر داچىڭغا بارغاندا تۆمۈر ئادەم ۋاڭ جىنشىنىڭ رەپىقىسىنى ئايرىم يوقلىدۇق، يولداش ۋاڭ گۇاڭرۇڭنىڭ رەپىقىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردۇڭلارمۇ؟ تەشكىل ئۇنىڭغا ياخشى غەمخورلۇق قىلىشى كېرەك (ئۇ قارامايدا بولۇپ، نېفىت ئىدارىسى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرغان. ئاپتوردىن). ۋاڭ گۇاڭرۇڭنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى يېزىپ گېزىتتە ئېلان قىلىش (بۇ ھەقتىكى خەۋەر «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 8-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى سانىنىڭ 1-بېتىدە ئېلان قىلىندى. ئاپتوردىن)، ھۆججەتلىك ئاخبارات فىلىمى ئىشلەپ ياشلارنى تەربىيىلەش كېرەك. تارىمنى ئېچىشتا ئومۇمىي جەھەتتە ھەمكارلىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەر چوقۇم زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىشى كېرەك، سوتسىيالىستىك تۈزۈم كونا جەمئىيەتتىن ياخشى، بىز بىر نىشان ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولغان، نۇرغۇن يولداشلار ياشلىق باھارىنى مۇشۇ بىپايان چۆلگە بېغىشلىدى، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە ۋەتەن ئۈچۈن كۆپرەك نېفىت ئېلىش، ۋەتەننىڭ

ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈندە! بىز سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمىز، مەملىكەت خەلقى سىلەرگە رەھمەت ئېيتىدۇ. خەلقئارادىكى رىقابەتتە، تېگى تەكتىدىن ئالغاندا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمەلىي كۈچى بولمىغاننىڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ. سىلەرنىڭ تارىم نېفىتلىكىدىن بالدۇرراق مول ھوسۇل ئېلىشىڭلارغا تىلەكداشمەن». ئاخىرىدا، يولداش جياڭ زېمىن تارىم نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابىغا «تارىم نېفىتلىكىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىشنى تېزلىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنى سىجىل، مۇقىم راۋاجلاندۇرۇشقا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇڭلار» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

- 3 -

يولداش جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئولتۇرغان ئايرۇپىلان 24-كۈنى سائەت 9:20 دە، كورلا ئايرودرومىدىن ئۇچۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كىردى. ئايروپىلاندىن پەسكە قارىغاندا، تارىم دەرياسى قۇياش نۇرىدا خۇددى كۆمۈش ئەژدىھادەك سوزۇلۇپ ياتاتتى، قۇم بارخانلىرى ئالتۇن دۆۋىلىرىدەك كۆزنى قاماشتۇراتتى؛ ھەيۋەتلىك كوئېنلۇن تېغى سوزۇلۇپ ياتاتتى، مۇزلۇق چوققىلار تاۋلىنىپ تۇرغان كۆمۈش خەنجەرگە ئوخشايتتى؛ خوتەن دەرياسى، كېرىيە دەرياسى خۇددى خىرۇستالدىن نەقىش چۈشۈرۈلگەن قاشتېشى بەلۋېغىدەك بوستانلىق بىلەن قۇملۇقنى تۇتاشتۇرۇپ تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. مەنزىرىلەردىن مەن دۆلىتىمىز تارىخىدىكى تۇنجى بۈيۈك شائىر چۈ يۈەننىڭ: «كوئېنلۇن تېغىدا تۇرۇپ سالساڭ ئەتراپقا



نەزەر، ھەيۋەتلىك مەنزىرىدىن سۆيۈنەر دىلىڭ شۇ قەدەر» دېگەن مىسرالىرىنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالدىم.

سائەت 10 دىن ئاشقاندا، ئايروپىلان خوتەن ئايرودرومىغا قوندى، يولداش جياڭ زېمىن خوتەن رايونىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىنىڭ ۋە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئالدىغا چىققان ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى ھەمدە ھايال بولماي ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، خوتەن بۇزاق يېزىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە يۈرۈپ كەتتى. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش جەھەتتە ئىلغار بولغان بۇ يېزىدا ئورمان بەلۋاغلىرى گىرەلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇ يېقىغا كۆز يەتمەيدىغان تاللىق كارىدوردا راسا مەي باغلىغان ساپاق-ساپاق ئۈزۈملەر كىشىنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈرەتتى.

بۇزاق كەنتىدە باش شۇجى ئىككى ئۇيغۇر ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدى. باش شۇجى يېڭىلا ئۆگەنگەن «ياخشىمۇ سىز» دېگەن ئۇيغۇر تىلىدا ياشانغان بوۋاي ئابدۇللا توختىدىن ھال سورىدى. بوۋاي ھۆرمەت بىلەن باش شۇجىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، چويلا توپ ئويناشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن باش شۇجى ئەپچىللىك بىلەن باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ بوۋايدىن ئائىلىسىدە قانچە جان بارلىقى، قىشلىقى ئۆيىنىڭ ئىسسىيدىغان، ئىسسىمايدىغانلىقى، ئوزۇق ئاشلىقىنىڭ يېتىدىغان، يەتمەيدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە 40 ئادەم بارلىقى، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 450 يۈەن ئىكەنلىكى، بانكىدا ئامانەت پۇلى بارلىقى، ئاق ئاش يەيدىغانلىقى، قىشتا ئۆيىنىڭ تازا ئىسسىيدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، رازى بولۇپ كۈلدى. بوۋاي باش شۇجى ئېلىپ كەلگەن چاقماق قەنت قاتارلىق سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بوۋاينىڭ باللىرى بېشىغا

قىزىل تاۋار باغلانغان قوينى يېتىلەپ كىرىپ، ئۇنىڭ گۆشى بىلەن مېھمانلارنى كۈتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. باش شۇجى: «ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، قوينى بىزگە سويماي، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىڭلار» دېدى ھەمدە بوۋاينىڭ كەنجى قىزى سوۋغا قىلغان چىمەن دوپپىنى كىيدى ۋە توقۇۋاتقان خوتەن گىلىمىنى كۆرۈپ: چىرتىيوژ ئىشلەتمەيمۇ گىلەمنىڭ گۈللىرىنى چىرايلىق چۈشۈرۈپتۇ، بۇ قىزنىڭ دىلى گۈزەل، قولى چېۋەر ئىكەن» دەپ ماختىدى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە، باش شۇجى 65 ياشلىق مەخسۇت ئۇستىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە كەلدى، مەخسۇت ئاكا ئۆزى كۆڭۈل قويۇپ ئۇژمە ياغىچىدىن ياسىغان قوشۇقىنى باش شۇجىغا سوۋغا قىلدى ھەمدە يېڭىلا تونۇردىن چىققان ئاق ناننى كەلتۈردى. بوۋاي باش شۇجىغا: «ئىلگىرى خوتەنلىكلەر ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقىچە مۇشۇنداق قوشۇقتا ئۇماچ ئىچىپ كەلگەنىدۇق، ‹داش قازان› چېقىۋېتىلگەندىن كېيىن، تۇرمۇشىمىز نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭكىگە ئوخشاش بارغانسېرى ياخشىلاندى، ھازىر ئاساسلىقى ئاق ئاش يەيدىغان بولدۇق، بىر قىزىم شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتىدۇ» دېدى. بۇ چاغدا مەخسۇت بوۋاينىڭ كىچىك نەۋرە قىزى ھويلىدا تېرىغان گۈلدىن بىر دەستە ئېلىپ كىرىپ، سەمىمىيلىك بىلەن جياڭ بوۋىسىغا تەقدىم قىلدى، جياڭ بوۋىسىمۇ مېھربانلىق بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇيغۇر تىلىدا: «رەھمەت» دېدى، بۇ چاغدا ھويلىدىكىلەر قىزغىن چاۋاك چېلىشتى.

ئاپتوموبىل تاللىق كارىدورىدا كېتىپ بارغاندا باش شۇجى: «بۇ تاللىق كارىدورنىڭ ئۇزۇنلۇقى قانچىلىك؟» دەپ سورىغاندا: «خوتەن



ۋىلايىتىدە جەمئىي 1000 كىلومېتىرغا يېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى. يولداش جياڭ زېمىن: «كارامەت ئىش قىپسىلەر، سۇ بولسىلا، بوستانلىق بىنا قىلغىلى بولىدۇ، سۇيۇڭلار نەدىن كېلىدۇ» دەپ سورىدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياڭ جيەنجاڭ بىلەن ۋالىي غوپۇر ئابدۇللا: «يۇقىرى ئېقىندا سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ياسىدۇق» دەپ جاۋاب بەردى. يولداش جياڭ زېمىن لىنىيىنى ئۆزگەرتىپ، بوستانلىقتىن ئۆتۈپ، تاغ باغرىغا ياسالغان دەريا بويىدىكى يول بىلەن مېڭىپ، قاراقاش دەرياسىدا يېڭىدىن ياسالغان ئۆستەڭ بېشىغا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. «سۇنىڭ ئېقىش مىقدارى قانچىگە يېتىدۇ؟»، «مىنۇتىغا 1100 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، ئۈچتىن بىر قىسمىنى خوتەن ناھىيىسى، قالغان ئىككى قىسمىنى قاراقاش ناھىيىسى ئىچىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى. سەپەردە بىللە بولىۋاتقان ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى يولداش تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دېدى: «ئازادلىقتىن ئىلگىرى، بۇ جايدا ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق بولغان چاغدا، كىشىلەر سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ ئادەم ئۆلۈش ئىشلىرى كۆرۈلەتتى؛ تاغدىن كەلكۈن كەلگەندە يوللارنى ۋەيران قىلىپ، ئادەم، چارۋىلارنى ئېقىتىپ كېتەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، دۆلەت، كوللېكتىپ مەبلەغ سېلىپ، دېھقانلار كۈچ چىقىرىپ نۇرغۇن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ياسالدى، بايا كۆرگەن بۇزاق يېزىسى ‹بەشتە ياخشى› قۇرۇلۇشىدىكى نەمۇنە يېزا، كوئېنلۇن تېغىنىڭ قار سۈيىنى تېزگىنلەپ، سوغۇرۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ‹8-بەش يىللىق پىلان› مەزگىلىدە، مۇشۇ ئېقىننىڭ يۇقىرىغا سۇ سېغىمچانلىقى 600 مىليون كۇب مېتىرلىق ئۇلۇغئاتا سۇ ئامبىرى ياسىلىدۇ». سۇ ئامبىرىنىڭ ياسىلىدىغان تۇسمىسى

ئالدىغا كەلگەندە، پۈتۈن دىققىتى بىلەن سوغۇق شامالغا قارىماي ئەتراپىغا نەزەر سېلىۋاتقان يولداش جياڭ زېمىن چوڭ سۇ ئامبىرى پىلانىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ماختىدى.

باش شۇجى مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىپ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئۇ، سۇچىلىق مۇتەخەسسىسى ۋاڭ ۋېينىڭ بارلىقىنى خوتەننىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇنى چاقىرىپ كۆپچىلىك بىلەن كۆرۈشتۈردى ۋە خوتەننىڭ سۇچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى. ۋاڭ ۋېي مۇنداق دېدى: «بوستانلىق خوتەن ۋىلايىتى يەر كۆلىمىنىڭ ئاران 13% نى تەشكىل قىلىدۇ، قۇم-بوراننىڭ خەۋپى كوئېنلۇن تېغىنىڭ ئېتىكىگە كېلىپ قالدى. لېكىن بۇ يەردە ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقى 2 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، ئۇلۇغئاتا سۇ ئامبىرى قۇرۇلسا، يېقىنقى مەزگىلدە 1 مىليون مو بوستانلىق ئېچىلىپ، گۇما، كېرىيە، خوتەن ناھىيىلىرىنى بىر بوستانلىق قىلىپ تۇتاشتۇرغىلى ھەمدە تۆۋەن ھوسۇللۇق 1 مىليون مو يەرنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ». باش شۇجى يەنە بىر قېتىم قايىل بولغان ھالدا: «سۇ بەك مۇھىم ئىكەن، شىنجاڭدىكى قۇملۇقلار بىپايان بولغىنى بىلەن، سۇلا بولسا، يېشىل ھاياتلىقلار بارلىققا كېلىدىكەن، مەن مۇنداق بىر پرىنسىپقا، يەنى شىنجاڭنىڭ بىر يۈزلىنىشىنىڭ سۇ ئامبىرى ياساش ئىكەنلىكىگە قوشۇلىمەن» دېدى.

ھازىر ئۇلۇغئاتا سۇ ئامبىرى پۈتۈپ، سۇ قاچىلىنىپ يەر سۇغۇرۇش، توك چىقىرىش جەھەتتە غايەت زور ئۈنۈمى كۆرۈلدى.

24-كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە، يولداش جياڭ زېمىن



قاتارلىقلار خوتەن قاشتېشى زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بۇ زاۋۇت باش شۇجىنىڭ يۇرتى، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ياڭجۇ قاشتېشى زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىۋاتقانىدى.

زاۋۇتتا ياڭجۇلۇق 10 ئۇستا بىر تۈركۈم ئۇيغۇر شاگىرت قىزلارنى يېتەكلەپ بەزىسى قاشتېشى سىلىقلاۋاتاتتى، بەزىسى قاشتېشىغا كىچىك ھايۋانلارنىڭ ھەيكىلىنى ئويۇۋاتاتتى. بىرەيلەن چوڭ بىر پارچە قاشتېشىنى ھاراق چەينىكى قىلىپ ئىشلەۋاتاتتى، باش شۇجى ئۇنىڭدىن: «يۇرتداش، بۇ چەينەك پۈتسە قانچە پۇلغا يارايدۇ؟» دەپ سورىدى، ئىشچى ۋۇ لىيەنجې ياڭجۇ شىۋىسىدە «5000 يۈەنگە» دەپ جاۋاب بەردى. زاۋۇتنىڭ مەھسۇلات كۆرگەزمىخانىسىغا ناھايىتى نەپىس تەييارلانغان مەھسۇلاتلار قويۇلغانىدى. ۋۇ لىيەنجې باش شۇجىغا، بۇلتۇر زاۋۇتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 350 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان پايدىسى 170 مىڭ يۈەنگە يەتكەنلىكى، توختام بويىچە، ياڭجۇدىكى زاۋۇت پېرىمىنى ئېلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە 50 مىڭ يۈەنلا ئالغانلىقىنى ئېيتتى. باش شۇجى بېشىنى لىڭشىتىپ: «ناھايىتى ئوبدان قىلىپسىلەر» دەپ ماختىدى ۋە ياڭجۇلۇق يۇرتداشلاردىن: «يىل بويى بۇ يەردە بولىدىكەنسىلەر، يۇرتۇڭلارنى سېغىنىدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇلار: «زاۋۇتىمىزدا نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى ئويلىساق، يۇرتنى سېغىنىپمۇ كەتمەيمىز» دەپ جاۋاب بەردى. باش شۇجى: «ئەڭ مۇھىمى-شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» دېدى.

يولداش جياڭ زېمىن خوتەن يىپەك زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن زاۋۇت باشلىقى

لۇ جۇڭلياڭ (جياڭسۇ ۋۇشىلىق) غا مۇنداق دېدى: «سىلەر شۇنچە كۆپ ئادەم ئىچكىرىدىن چېگرا رايونغا ياردەم بەرگىلى كېلىپسىلەر، زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى راۋاجلىنىپتۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ ياخشىكەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەن، بۇ ئاسان ئەمەس، سىلەرگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت».

كېيىنكى نەچچە كۈنلۈك كۆزدىن كەچۈرۈش داۋامىدا، يولداش جياڭ زېمىن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ۋە كۆزدىن كەچۈرۈشتە ئۆزى بىلەن بىللە بولغان ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە قايتا-قايتا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «مەن خوتەن قاشتېشى زاۋۇتى بىلەن يىپەك زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئۇيغۇر شاگىرتلارنىڭ خەنزۇ ئۇستىلارنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا ناھايىتى تېز ئالغا باسقانلىقىنى كۆردۈم، لېكىن خەنزۇلار ئۆزىنى چوڭ چاغلىماي، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشى لازىم. ھەرمىللەت خەلقى ئۆزئارا بەس سالماي چوقۇم قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشى كېرەك. ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جۈملىدىن 50 نەچچە مىللەتنىڭ بەزىسىنىڭ نوپۇسى كۆپ، بەزىسىنىڭ ئاز، مەسىلەن، قىرغىز، موڭغۇللارنىڭ نوپۇسى ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن ئاز، بۇنداق بولۇشنى تارىخىي شارائىت بەلگىلىگەن. ئۇ مىللەت مۇنەۋۋەر، بۇ مىللەت ناچار دېيىشكە بولمايدۇ، مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن، ھەرقايسى مىللەتلەر بىر بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. قانداق ئادەمنىڭ قالايمىقانچىلىق قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەر مىللەت خەلقى تەڭ قوزغىلىپ قارشى تۇرۇشى كېرەك. بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ماركسىزملىق توغرا مىللەت قارىشى ۋە دىن



قارىشىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. خەلقئارا ئەكسىيەتچى كۈچلەر كۆپىنچە دىنىي ئېتىقادتىن پايدىلىنىپ مىللىي توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا ھەر ۋاقىت مېڭىنى ئىنتايىن سەگەك تۇتۇش كېرەك. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش، ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشىنى داۋاملىق تۇرغۇزۇش، تەشۋىق قىلىش ۋە مۇستەھكەملەش كېرەك. مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. مۇقىملىق بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات دىئالېكتىك بىرلىككە ئىگە، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ناھايىتى ئىناق بولۇشىنى، ئىگىلىكنى بالدۇرراق گۈللەندۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم».

- 4 -

8-ئاينىڭ 25-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 لاردا، يولداش جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئولتۇرغان ئايرۇپىلان قەشقەر ئايرودرومىغا قوندى، ئۇيغۇر ئاممىسى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئالدىغا چىقىپ، باش شۇجىنى قىزغىن قارشى ئالدى. سائەت 11 دە، يولداش جياڭ زېمىن قاتارلىقلار ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى ئاتۇشقا كەلدى. بۇ يەردە مېۋە-چېۋىلەر ئوخشىغان، بازار ئاۋاتلاشقاندى. باش شۇجى ئوبلاست باشلىقى سۇلايمان نىيەتتابىلنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇ يەر خوتەندىن سالقىنراقكەن» دېدى ھەمدە: «سىلەرنىڭ تىلىڭلار قىرغىزىستاندىكىلەر بىلەن ئوخشاشمۇ، روسچە بىلەن

چوڭ پەرقلىنەمدۇ؟» دەپ سورىدى، «چوڭ پەرقلىنىدۇ، لېكىن قىرغىزىستانلىقلارغا ئوخشاش تەلپەك كىيمىز» دەپ جاۋاب بەردى ئوبلاست باشلىقى. بارىن يېزىسى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلىڭى تىنلغا ئېلىنغاندا، سۇلايمان نىيەتقابىل: «بۇ ئەھۋالنى ۋاقتىدا سەزمەپتىمىز، بۇنىڭدا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بار، قاتتىق ئېچىنىمەن» دەپ ئۆزىنى ئەيىپلىدى ھەمدە يۇقىرىنىڭ ئۆزىنى جازالاپ، ئوبلاست باشلىقلىقىدىن ئېلىۋېتىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تەلەپ قىلدى. باش شۇجى: «يولداش سۇلايماننىڭ سۆزىدىن تەسىرلەندىم، شۇ كۈنى كەچتە مەن سۇڭ خەنلىياڭغا (ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى) تېلېفون قىلغانىدىم. دەل يولداش دېڭ شياۋپىڭ ‹4-ئىيۇن› ۋەقەسىگە قارىتا ئېيتقاندەك، ھازىر ئەھۋال بارغانسېرى ئاشكارىلاندى، بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى ئىچكى-تاشقى چوڭ ئاتموسفېرا بەلگىلىگەن. خەلقئارا ئەكسىيەتچى كۈچلەر ھامان دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. بىز چوقۇم سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشىمىز، كوممۇنىزمنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز كېرەك. خەلقئارا ئەكسىيەتچى كۈچلەر دىنىدىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ماۋجۇشى ‹ئىدىئولوگىيە بازىسىنى پرولېتارىيات سىنىپى ئىگىلىمىسە، بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئىگىلەپ كېتىدۇ›، دەپ بۇرۇنلا ئېيتقان، يولداش سۇلايمان، سىز ئىدىيە جەھەتتىكى بېسىمنى تاشلىشىڭىز كېرەك، قوللانغان تەدبىرلىرىڭلارنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيمەن، ھەربىر ئائىلىلەرگىچە خىزمەت ئىشلىشىڭلار، ئاممىنىڭ زور كۆپىنچىسىگە ئىشىنىشىڭلار كېرەك؛ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتنى چەكلەش كېرەك، دىن سىياسىيغا ئارىلىشىۋالسا بولمايدۇ،



ماركسىزملىق دىن قارىشى تۇرغۇزۇش كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ماركسىزم، لېنىنىزمغا قەتئىي ئىشىنىش، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش، ھەر مىللەت كادىر ۋە خەلقلىرى ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشى ۋە ئورتاق ئالغا بېسىشى كېرەك؛ ئىگىلىك يۇكسەلگەن تەقدىردىمۇ بىخوتلىشىشقا بولمايدۇ، ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇپ، مالىمانچىلىقنى بىخ ھالىتىدە يوقىتىش كېرەك».

## ـ 5 ـ

قەشقەر شەھىرىنىڭ پاختەكلە يېزىسىدىكى دېھقانلار يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ۋاقتىدا ماۋ جۇشىغا خەت يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرغانلىق، تۇرمۇشىنى ياخشىلىغانلىق خۇش-خەۋىرىنى مەلۇم قىلغانىدى، ئۇلار ماۋ جۇشىنىڭ جاۋاب خېتىنىڭ ئىلھامى ئارقىسىدا، ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىزم قۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىدى.

8-ئاينىڭ 25-كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە، پاختەكلە يېزىسىدىكى دېھقانلار شاد-خوراملىق ئىچىدە باش شۇجى جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۈتۈۋالدى. ئاپتوموبىل سايە تاشلىنىپ تۇرغان داغدام يولدا كېتىۋاتاتتى، سالا ئېتىزلاردىكى راسا ئوخشىغان شاللىقلاردىن قويۇق شال ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، ھەممە جاينى مول-ھوسۇل مەنزىرىسى قاپلىغانىدى. باش شۇجى بىر پارچە 90 مولۇق شاللىقنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ شاللىقنى ھۆددىگە ئالغۇچى غوپۇر قۇرباننىڭ قولىنى

تۇتۇپ تۇرۇپ هال سورىغاندا ئۇنىڭ چۆكۈرۈپ كىيگەن تېرە تومىقىنى كۆرۈپ: «سىزنىڭ تۇمىقىڭىز باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەنغۇ»، دەپ سورىدى، غۇپۇر قۇربان: «بۇ تۇماقتىن كۆن نۇرى ئۆتمەيدۇ، شۇڭا سالقىن، بۇنداق تۇماق كىيىش-بىزنىڭ ئادىتىمىز. ئائىلەمنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ياخشى، ھازىر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىمىز يىلدىن-يىلغا راۋاجلاندى، تۇرمۇشىمىزمۇ ياخشىلاندى» دەپ جاۋاب بەردى. باش شۇجى ئېتىزدىكى راسا ئوخشىغان شاللىقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ھەر مو يەردىن قانچىلىك گۈرۈچ ئالىسىلەر؟» دەپ سورىدى، غۇپۇر قۇربان: «1000 كىلوگرامدىن 1300 كىلوگرامغىچە» دەپ جاۋاب بەردى. دېھقانچىلىق تېخنىكىسى كادىرى: «بۇ يەرگە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېتىشتۈرگەن يېڭى سورت-مىچۈەن 1-234 نى تېرىدۇق، بىرلىك مەھسۇلات 1300 كىلوگرامغا يېتىدۇ، دەپ گەپ قىستۇردى. باش شۇجى: «ئورمان بىلەن قاپلانغان سالا ئېتىزلارنى قانداق تېرىيسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، «سالا ئېتىزلىقنىڭ ھەر بىر پارچىسى 200-400 مو كېلىدۇ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش ۋە بەش بىر تۇتاش بولۇش، يەنى بىر تۇتاش ماشىنىدا ئاغدۇرۇش، بىر تۇتاش ماشىنىدا تېرىش، بىر تۇتاش سوغۇرۇش. . . . ئاساسىدا تېرىيمىز» دەپ جاۋاب بەردى، دېھقانچىلىق تېخنىكا كادىرى، باش شۇجى مەمنۇنلۇق بىلەن باش لىڭشىتىپ قويدى. كېيىن باش شۇجى تۇگمەنبېشى كەنتىدىكى ئىبراھىم ئاكىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى. بۇ ئائىلىدە 8 جان بولۇپ، ئوغلى بەزىدە سودا ئىشى بىلەن شاڭخەيگە بارىدىكەن، يىللىق كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىكەن، مېھمانخانىسىغا چىرايلىق كىرىسلو قويۇلغان بولۇپ، ئۆي ئوبدان جابدۇلغانىكەن. باش شۇجى ھوشۇر ماموتنىڭ



ئائىلىسىنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇنىڭ مېھمانخانىسىدىكى تام گىلەم ۋە تام تورۇسلاردىكى رەڭلىك سىزما گۈللەرنى كۆردى. باش شۇجى ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىغاندا، ئۇ: «تۇرمۇشىمىز ياخشى، ئوغلۇم تىككىچۈلۈك دۇكىنى ئاچىدۇ، يىللىق كىرىمىمىزمۇ 10 مىڭ يۈەندىن كەم ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى.

پاختەكلەدىكى بىنەم يەرلەر يۇقىرى ھوسۇللۇق شاللىققا ئۆزگەرتىلگەن، نۇرغۇن دېھقان دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەسلىدە دېھقانچىلىق قىلىپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقتىدا سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ياكى سودا-سانائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەن، بەزىلىرى بېيىپ كەتكەنىدى. باش شۇجى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئورتاق بېيىشنى چىن كۆڭلىدىن تىلىدى. كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇ شياۋچېڭنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا، يولداش جياڭ زېمىن يەنە بىر قېتىم مۇنداق تەكىتلىدى: «يېزا ئىسلاھاتىدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنى خېلى ئۇزاققىچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ». ئۇ يەنە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ «بەش بىر تۇتاش بولۇش»نى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىغانلىقىنى ياخشى بوپتۇ، دەپ ماختىدى ھەمدە قەشقەر ۋىلايىتىگە: «مىللەتلەر قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىڭلار» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

8-ئاينىڭ 26-كۈنى سائەت 10 لاردا، يولداش جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەشقەر ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى زاۋۇتىغا كېلىپ، ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە چالغۇ-ئەسۋابلار، زىننەت بويۇملىرى، گۈل چېكىلگەن كىيىم-كېچەكلەر، دوپپا، گىلەملەرنى كۆرۈپ ماختاپ كەتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بۇ زاۋۇت شاڭخەيدىن ياردەمگە كەلگەن تېخنىكلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان 5000 ئىشچى مىليون مېتىر بوراكسىز رەخت توقۇش يېڭى رېكورتىنى ياراتقان، 800 نەچچە خىل مەھسۇلاتى مەملىكەت ئىچى-سىرتىدا بازار تاپقان. باش شۇجى ئېگىرىش سېخىدا كۆيۈمچانلىق بىلەن زاۋۇت باشلىقى گۇ نەيلياڭدىن: «ئىشلەتكىنىڭلار يەرلىك پاختىمۇ؟» دەپ سورىدى، زاۋۇت باشلىقى: «شۇنداق، بىز يەنە شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن تالالىق پاختىسىدىن يۇقىرى سۈپەتلىك يىپ ئىگىرىمىز، دەپ جاۋاب بەردى». باش شۇجى: «ياخشىكەن» دەپ ماختىدى. ئۇ بۇ ئىككى زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

يولداش جياڭ زېمىن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبىرىي ئورگىنى تۇرۇشلۇق ئورۇندا ھەربىي رايون ئورگىنىدىكى ئوفىتسېر، جەڭچىلەرنىڭ سەپ تۈزۈپ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. باش قوماندانى بىلەن سىياسىي كومىسسارى رەھبەرلىك بەنزىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشلامچىلىق بىلەن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، «قاراقۇرۇم روھى»نى جارى قىلدۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى



تۇرۇپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش خىزمىتى ۋە قىسىملارنىڭ تەلىم-تەربىيە، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى دوكلات قىلدى. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى: «جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى شانلىق تارىخقا ئىگە، ئۇنىڭ ئاساسى، يولداش ۋاڭ جېن رەھبەرلىك قىلغان 359-بىرىگادا. بۇ قېتىم يولداش ۋاڭ جېنمۇ كەلمەكچى ئىدى، بەختكە قارشى يېقىلىپ كېتىپ كېلەلمىدى. سىلەر نەننىۋەن روھىنى جارى قىلدۇرۇدۇڭلار. بۇ يەر ناھايىتى مۇھىم چېگرا رايون، 5 دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ھازىر خەلقئارادىكى كۈرەش بىرقەدەر مۇرەككەپ، تەبىئىي شارائىتىڭلار جاپالىق، بۇ يىل بارىن ۋەقەسى دەل ۋاقتىدا تىنجىتىلدى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى چوڭ تۆھپە ياراتتى. بىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسىملارنىڭ چېگرا رايوننىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنى 1-ۋەزىپە قىلىپ، مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىدىن ھەر ۋاقىت ھۇشيار بولۇشىنى ۋە ئۇنى تار-مار قىلىشىنى ھەمدە قىسىمنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئىتتىپاقلىقى، يەرلىك بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، دۈشمەنگە باش تىققۇدەك ئىمكانىيەت بەرمەسلىكىنى، پارتىيە ئارمىيىگە رەھبەرلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي قابىل كادىرلارنى دېۋىزىيە، تۆەن دەرىجىلىك ئورۇن ۋە ئاساسىي قاتلاملارغا سەپلەپ ئىشلىتىشىنى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ جەڭچىلەرنى، ئاساسىي قاتلامنى ھەر ۋاقىت ئويلىشىنى، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇشىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، مىللىي روھنى

ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. جۇڭخۇا مىللەتلىرى كەمسىتىلسە بولمايدۇ. جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش، ئاسترونومىيە نۇقتىسى قاتارلىق چېگرا مۇداپىئەيىسى پونكىتلىرىدىكى ھەربىر جەڭچىنى ھەريىلى 40 توننا ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، قىسىملاردىمۇ ئالاھىدە جاپاغا چىدايدىغان، ئالاھىدە جەڭ قىلالايدىغان بولۇشتەك شىنشىيەنۇەن قاراۋۇلخانىسى روھىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم، تىنچ مەزگىلدە تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك».

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سەپىرىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى يولداش ياڭ بەيبىڭمۇ سۆز قىلدى.

- 6 -

8-ئاينىڭ 27-كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 10 دا، يولداش جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئولتۇرغان ئايروپىلان تارىم ئويمانلىقى ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتۈپ، تەڭرى تېغى ھاۋا بوشلۇقىغا كىرگەندە، تاغ چوققىلىرىدا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىز دولقۇنىدەك كۆرۈنەتتى، تەڭرى تېغىنىڭ ھەيۋەتلىك چوققىلىرى ۋە دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى قويۇق بولۇتلار ئارىسىدىن ھېلىدىن-ھېلىغا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلىپ تۇراتتى. ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكى خۇددى يېشىل مەرمەر بەلۋاغدەك ئىلى بوستانلىقىدا ئىنتايىن گۈزەل كۆرۈنەتتى. سائەت 10:30 دا ئىلى ئايرودرومىغا



قونغاندا، سىم-سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. باش شۇجى يېڭى ياسالغان ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكىنى كۆرگەندىن كېيىن، يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، غۇلجا شەھىرىدىن چېگرا ئېغىزى قورغاسقا كەلدى. چېگرا ئېغىزى بىناسىدا چېگرا سودىسى ئەھۋالىغا دائىر دوكلاتنى ئاڭلاپ «قورغاس دېگەن سۆز نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟» دەپ سورىدى، ئىلى ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىرى: «بۇ موڭغۇلچە سۆز، چارۋا باقىدىغان جاي، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا پاسىل دەريانىڭ نامى» دەپ جاۋاب بەردى. ئوبلاستلىق ئىقتىساد-سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دوكلات قىلىپ مۇنداق دېدى: «1988-يىلى ئوبلاستىمىزدىن 3 شىركەت چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازىتىگە ئېرىشتى، ئۇلار ئۆزى مال مەنبەسى تېپىپ، ئۆزى بازار تېپىپ، چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مىللەتلەر ئوخشاش بولۇش، تاۋار جەھەتتە بىر-بىرىنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت پايدىلىق ئامىللاردىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى 5 جۇمھۇرىيەت بىلەن چېگرا سودىسى مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، 1989-يىلى چېگرا سودىسى سوممىسىنى 5 مىليون نەچچە يۈز مىڭ شۋېتسارىيە فىرانكىغا يەتكۈزۈپ، ياخشى باشلىنىش ھاسىل قىلدى». باش شۇجى: «تامامەن مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىمۇ؟ دەپ سورىدى، «سودا ھېساباتى شۋېتسارىيە فىرانكى بويىچە ھېسابلىنىپ، مال ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى ئوبلاستلىق ئىقتىساد-سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى. ئۇنىڭ كەينىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد-سودا ئىدارىسىنىڭ رەھبىرى قورغاس ئېغىزى ئارقىلىق بولىدىغان يەرلىك سودا، دۆلەت سودىسى ۋە ئەمگەك كۈچى چىقىرىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. باش شۇجى مۇنداق دېدى: «بىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇپ چەت ئەللەر

بىلەن بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ كارخانا ۋە سودا ئورۇنلىرىنى قۇرۇشىمىز، ئەمگەك كۈچى جەھەتتىكى ھەمكارلىقنىمۇ كۈچەيتىپ، چېگرا سودىسى، يەرلىك سودا ۋە دۆلەت سودىسىنى ئۈزلۈكسىز تېخىمۇ ئوبدان يولغا قويۇشىمىز كېرەك».

يولداش جياڭ زېمىن چېگرا ئېغىزى يېنىدا تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئەسى ليەنىگە ئالاھىدە كېلىپ ئوفىتسېر، جەڭچىلەرنى يوقلىدى. ئۇ جەڭچىلەرنىڭ ھۆرمەت ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، مەردانە سۆزلەر يېزىلغان مەسنەۋىلەر ۋە ھۆسنخەت، رەسىم ئەسەرلىرى ئېسىلغان ئارامخانىدا ليەنجاڭ شۈ يۈەنجېنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ليەندۈينىڭ ھەربىلى ۋەزىپىنى كۆرۈنەرلىك ئورۇنداۋاتقانلىقىنى ۋە 39 كىشىنىڭ 3-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، يولداش جياڭ زېمىن، يولداش ياڭ بەيبىڭ چاۋاك چېلىپ كەتتى. ئارقىدىن چېگرا مۇداپىئەسى «سۆزلىشىش پونكىتى» نىڭ باشلىقى جۇ گۈيلەينىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. يولداش جياڭ زېمىن: «سىز سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىكىلەر بىلەن قايسى تىلدا سۆزلىشىسىز» دەپ سورىدى، ئۇ «خەنزۇ تىلىدا» دەپ جاۋاب بەردى، «تەرجىمان بارمۇ؟» ، «بار، مەن ئىلگىرى روس تىلى تەرجىمانى بولغان» دەپ جاۋاب بەردى پونكىت باشلىقى. يولداش جياڭ زېمىن روس تىلىدا: «سىز تەرجىمانلىق قىلالامسىز؟» دەپ سورىدى ۋە «قىلالايمەن» دېگەن جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە: «سىز روسچىنى نەدە ئۆگەنگەن» دەپ سورىدى، جۇ گۈيلەي باش شۆجىگە روسچە راۋان جاۋاب بەردى. يولداش جياڭ زېمىن سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنى ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسى ئىشلىرىغا كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى. يولداش جياڭ زېمىن قورغاس چېگرا مۇداپىئەسى



پونكىتى ۋە سۆزلىشىش پونكىتىغا «دۆلەت قوۋۇقىنىڭ ياخشى قوغدىغۇچىلىرىدىن بولۇڭلار، مەدەنىي كۆزنەك بەرپا قىلىڭلار» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. كوماندىر، جەڭچىلەر «باش شۇجىنىڭ بېغىشلىمىسى بىزنىڭ يۈرەك سۆزىمىز» دېيىشتى.

باش شۇجى غۇلجا شەھىرىگە قايتىش يولىدا، چېگرا ئېغىزى يولىدا ئادەم، هارۋا ۋە ئاپتوموبىللار توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرىۋاتاتتى، يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى دەل-دەرەخلەردىن ئىنتايىن چىرايلىق يېشىل كارىدور ھاسىل بولغانىدى، ئىلى دەريا سۈيى كۆمۈشتەك دولقۇن يېرىپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتاتتى، كۆزلۈك يىغىم باشلىنىپ كەتكەن داللار مول-ھوسۇل شاتلىقىغا چۆمگەنىدى. كۆپچىلىك «ئىلىنىڭ مەنزىرىسى ھەقىقەتەن جەنۇبىي جۇڭگونىڭ مەنزىرىسىدىن قېلىشمايدىكەن» دەپ ماختىشىپ كەتتى. ئومۇمەن كوچا-كويلارنىڭ ھەممىسىدە باللاردىن تارتىپ ياشانغانلارغىچە، ھەتتا ئېتىزدىن ھېلىلا قايتىپ كېيىمىنىمۇ يۆتكەشكە ئۈلگۈرمىگەن دېھقانلار يول بويىغا چىقىپ باش شۇجىنىڭ چېگرا رايوننى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىشتى.

باش شۇجى مەنزىرىسى تولىمۇ چىرايلىق ئوبلاستلىق مېھمانخانا (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ ئورنى) نىڭ مەجلىسخانىسىدا دەم ئالمايلا، ئوبلاست رەھبەرلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتتە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىرتەرەپ قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى ياخشىلاپ ۋە مۇستەھكەملەپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش

ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. باش شۇجى دوكلاتنى ئاڭلاپ بولۇپ، قازاقچە «ئىبسىل تائام» لار بىلەن غىزالاندى (ئوبلاست رەھبەرلىرى باش شۇجى دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەرنى يېمەيدىكەن، قازاقچە تائام تەييارلاڭلار دەپ تاپىلىغان).

- 7 -

8-ئاينىڭ 27-كۈنى چۈشتىن كېيىن، يولداش جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىخەنزىگە كېلىپلا ئاپتوموبىل بىلەن 145-تۇەن (مەيدان) دىكى جۇ ئېنلەي زۇڭلى 1965-يىلى «چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار» نى قوبۇل قىلغان جايغا كېلىپ، جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ خاتىرە مۇنارى ۋە خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئاندىن كېيىن يولداش گوگاڭنىڭ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتكومىغا ۋاكالىتەن قىلغان خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. باش شۇجى مۇنداق دېدى: «بىڭتۇەننى ئاز-تولا چۈشىنىمەن، بىڭتۇەندە نۇرغۇن ‹شاڭخەيلىك زىيالىيلار› بار، مەن شاڭخەيدە ئىشلەۋاتقان چېغىمدا، باھار بايراملىرىدا ‹شاڭخەيلىك زىيالىي ياشلار› قايتىپ كېلىدىكەن، دېگەن گەپلەر بولاتتى، ئۇلارغا بولغان خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ماۋ جۇشىنىڭ تەلىمىنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، خاتىرجەم ھالدا ‹بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش› لازىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، شاڭخەي سىلەرگە ياردەم قىلىپ تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى كۆچەيتىپ يەتكۈزۈش ئىستانسىسى قۇرۇپ بەرگەن». بۇ چاغدا بويى زىلۋا، كۆزلىرى چوڭ، قېشى ئۆزىگە ياراشقان، تۇنجى تۈركۈمدە شىنجاڭغا كەلگەن «شاڭخەيلىك



زىيالىي ياش» ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ، يولداش جياڭ زېمىن ئىمزاسى قويۇلغان پارتىيە 13-قۇرۇلتىيىنىڭ خاتىرە كونۋېرتىنى باش شۇجىگە كۆرسەتتى، «‹ نى خاۋمېي› دېگەن بۇ ئىمزانى مەن قويۇپ بەرگەن. . . .»، شۇ چاغدا بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولۇپ ئىشلەۋاتقان يولداش نى خاۋمېي مۇنداق دېدى: «ئۇ چاغدا يېزا ئىگىلىك 1-دېۋىزىيىسىدە (سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى) ئىشلەۋاتاتتىم، ئەينى چاغدا ‹شاڭخەيلىك زىيالىي ياشلار› بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ئارالدا تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆچەيتىپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى قۇرماقچى ئىدۇق، مەبلەغ ۋە تېخنىكا كۈچى يېتەرسىز بولغاچقا، شاڭخەيگە بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلدۇق، سىزنىڭ قوشۇلۇشىڭىز بىلەن، شاڭخەي شەھىرى 970 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى، ئىستانسىنى قۇرۇۋالدۇق، شاڭخەي شەھىرىدىكى مەسئۇل يولداشلاردىن ياڭ شى مۇشۇ ئىش بىلەن بىڭتۇەنگە كەلگەنىدى. مەن بېيجىڭدا پارتىيە 13-قۇرۇلتىيىغا قاتناشقاندا، شاڭخەي شەھىرىنىڭ ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن، سىزنى ئىزدىگەنىدىم، سىز بولمىغاچقا، خەتنى پارتىيە 13-قۇرۇلتىيىنىڭ خاتىرە كونۋېرتى بىلەن بىللە كاتىپىڭىزغا قويۇپ كەتكەنىدىم، كېيىن سىز خاتىرە كونۋېرتقا ئىمزاھىڭىزنى قويۇپ ماڭا ئەۋەتىپسىز. . . . .» باش شۇجى مۇنداق دېدى: «سىلەر چېگرا رايوندا خاتىرجەم ئىشلەۋېتىپسىلەر، سىياسىي ئېڭىڭلار يۇقىرى ئىكەن. مېنىڭچە، شاڭخەيلىكلەر بىڭتۇەنگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىدۇ. ھازىر نۇرغۇن ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانىڭلار بار ئىكەن. مېنىڭچە، يېزىلار يەنىلا باياشات ئەمەس، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىدىن تەۋرەنمەسلىك كېرەك. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىمۇ داش قازان تامىقىغا

ئېسىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. بىڭتۇەندىكى ‹ياشلار› نىڭ باشقا جايلارغا كېتىپ قالماي، مۇقىم تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. يەرلىك پارتكوم بىڭتۇەننى مۇھىم كۈچ دەپ بىلىپ، بىڭتۇەننىڭ ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشىگە ياردەملىشىشى كېرەك». باش شۇجى دوكلاتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك زىيالىي ياشلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان لۇ چىڭلۇڭ، ما گوشى، فېي جېنفېي، خو خۇيجېن، چېن شۆچىن، يۈكودىڭ، شياۋ چۈەنگېنلەرنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۈەن (مەيدان) نىڭ سىياسىي كومىسسارى، دېۋىزىيە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، بەزىسى ئوقۇتقۇچى، دورىگەر بولۇپ ئىشلەۋاتقانىدى. قوبۇل قىلىشتىن كېيىن، باش شۇجى يەنە ئۆزى چۈشكەن مېھمانخانا قورۇسىدا پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە پېشقەدەم كادىرلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى. باش شۇجى مۇنداق دېدى: «سىلەر ۋە بىڭتۇەندىكى چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشكە كەلگەن ياشلارنىڭ تۆھپىسى دۆلىتىمىز ۋە بىڭتۇەن تارىخىغا پۈتۈلدى. سىلەرنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەپ، بىڭتۇەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، خىزمەت ئەترىتى، جەڭگىۋار ئەترەت ئىكەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئوبدان تەشۋىق قىلىشىڭلارنى، شۇنىڭدەك بىڭتۇەن روھىنى جارى قىلدۇرۇشۇڭلارنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن».

8-ئاينىڭ 28-كۈنى باش شۇجى 145-تۈەن (مەيدان) دە، «چېگرا رايونغا ئىختىيارى ياردەمگە كەلگەن ياش» گاۋ بەيچېڭنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە 6 جان بولۇپ، ئاساسلىقى كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، يىللىق كىرىمى 15 مىڭ يۈەن ئىكەن، چوڭ ئوغلىنى ئۆيلەش ئۈچۈن 6 ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ جىددىي



تەييارلىق قىلىۋاتقانىكەن. «كىچىك ئوغلىڭىزغىچۇ؟»، «ئۇنىڭغىمۇ 6 ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ بەرمەكچى»، «قىزىڭىزغىچۇ؟»، «قىزىمنىڭ ئۆيى ئىشىغا باش قاتۇرمىساممۇ بولىدۇ». كۆپچىلىك گاۋ بەيچېڭنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، باش شۇجى: «سىز زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپسىز، نەتىجىڭىزمۇ كۆرۈنەرلىك ئىكەن» دېدى. گاۋ بەيچېڭ: «پارتىيىنىڭ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش سىياسىتى ئۆزگەرمىسىلا، ئىشلىرىمىز ئوڭغا تارتىدۇ» دېدى.

8-ئاينىڭ 30-كۈنى يولداش جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى، يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن قىلغان خىزمەت دوكلاتىنى، يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ۋە باشقا رەھبىرىي يولداشلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەسەۋۋۇرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدا ئەتراپلىق يوليورۇق بەردى. كۆزدىن كەچۈرۈشكە بىللە كەلگەن يولداش ۋاڭ تاۋ، يې چىڭ، ليۇ جياڭ، زېڭ چىڭخۇڭلارمۇ سۆز قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يولداش جياڭ زېمىن ئارمىيە ۋە يەرلىكتىكى پېشقەدەم كادىرلار ۋە نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى قىزغىن قوبۇل قىلدى. كەچتە باش شۇجى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈش تەسىراتلىرى ھەققىدە مەخسۇس كەڭ-كۇشادە سۆزلەشتى ھەمدە قولىغا قەلەم ئېلىپ: «نېفىتلىكلەرنى ئاچايلى، سۇ، تۇپراقتىن پايدىلىنايلى، مىللەتلەر ئىناق ئۆتۈپ، ئۇلۇغ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرايلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ، تۆمۈر

داۋامەتكە ھەدىيە قىلدى.

ئەتىسى، باش شۇجى تۆمۈر داۋامەتكە ھەدىيە قىلغان تۆت جۈملىلىك بېغىشلىمىسىنىڭ مەنىسىنى كۆپچىلىككە چۈشەندۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن: «تۆمۈر داۋامەت-ئۇيغۇر شائىرى، مەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىدىن مىللەتلەر ئىناق ئۆتۈش، نېفىتلىكلەرنى ئېچىش، سۇ، تۇپراقتىن پايدىلىنىش جەھەتتە كۈتىدىغان ئۈمىدىم ۋە ئارزۇيۇم ئاساسىدا بۇ بېغىشلىمىنى يېزىپ ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدىم» دېدى.

باش شۇجى ئاخبارات خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. يولداش يې شۈبەي بىلەن ئىككىمىز باش شۇجىغە ھەمسەپەر بولۇپ زىيارەت قىلىش داۋامىدا، ئۇنىڭ جا فامىلىك كاتىپىغا «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېغىشلىما يازدۇرۇش ئارزۇيىمىز بارلىقىنى ئېيتىۋىدۇق، باش شۇجى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل كۆرۈپتۇ، باش شۇجى بىزدىن: «نېمىنى يېزىپ بېرەي؟» دەپ سورىدى، بىز ئويلىغىنىمىزنى ئېيتتۇق، ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپلا «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىڭلار، شىنجاڭ گېزىتخانىسىدىكى يولداشلارغا ھەدىيە» دەپ يېزىپ، ئىمزاھسىنى قويۇپ بىزگە بەردى. باش شۇجىنىڭ بۇ بېغىشلىمىسى كۆركەم ھەم تولىمۇ چىرايلىق يېزىلغانىدى.

يولداش جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىنى تاماملاپ، ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىدا ئاسىيا-ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى 2-لىنىيىسى تولۇق تۇتاشتۇرۇلغانلىقىغا لىنتا كەستى، 10 مىڭلىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى بۇ كاتتا ئىشنى داغدۇغىلىق ئالقىشلىدى.

يولداش جياڭ زېمىن شىنجاڭنىڭ ئېچىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىنى



تولىمۇ چۈشىنىدۇ، ئۇ ھەر مىللەت شىنجاڭ خەلقى بىلەن قەلبداش، ھەر مىللەت شىنجاڭ خەلقى مەڭگۈ پارتىيىگە تەلپۈنۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم داغدام يولىدا مېڭىپ، شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ! بۈگۈندىن 13 يىل ئىلگىرى يولداش جياڭ زېمىنىنىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدىكى مەنزىرىلەرنى ئەسلىسەم، ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى، يېقىملىق سىماسى ھېلى ھەم كۆز ئالدىمدا ئېنىق نامايەن بولىدۇ.

(ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ سابىق باش مۇھەررىرى)

ئىمىنجان تەرجىمىسى

# زۇڭلىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈش

— بىرىنچى نۆۋەتلىك «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى» دە زۇڭلى لى پېڭ چەت ئەللىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلغان چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلەيمەن

## جۇ جۇڭچى

«ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى» 1992-يىلىدىن باشلاپ ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدا، جۈملىدىن ئۈرۈمچىدە ئون مىڭدەك جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمان توپلاشقان خەلقئارا ئىقتىساد-سودا يەرمەنكىسىنى ئۆتكۈزۈش تۇنجى قېتىملىق ئىش بولغاچقا، تەجرىبە يېتەرسىز، شارائىت چەكلىك ۋە تەييارلىق تازا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. تۇنجى نۆۋەتلىك ۋە ھەر نۆۋەتلىك يەرمەنكىلەردە ئەمەلىيەت سىناقلىرىدا دادىل ئىزدىنىش، تەجرىبە، ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش ھەم يەرمەنكە ئۆتكۈزۈش شارائىتىنى تەدرىجىي ياخشىلاش ئارقىلىق، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى بارغانسېرى قېلىپلاشتى، ئىلمىيلاشتى ۋە مۇكەممەللەشتى؛ يەرمەنكىنىڭ كۆلىمى، ئۈنۈمى، رولى ۋە تەسىرى ئۈزلۈكسىز ئۆستى ۋە زورايدى؛ يەرمەنكىنىڭ سۈپىتى، سەۋىيىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، بارغانسېرى ياخشى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. ھەر نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا، تۇنجى نۆۋەتلىك «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئالدىدا زۇڭلى لى پېڭنىڭ چەت ئەللىك ئەزىز مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈش خىزمىتىگە تەييارلىق قىلىش ۋاقتىدىكى



مەنزىرە تاھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

1

تۇنجى نۆۋەتلىك «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى» نىڭ تولۇق ئاتىلىشى «1992-يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا يەرلىك ئىقتىساد-سودا سۆھبەت يىغىنى». يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى 9-ئاينىڭ 1-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى بېكىتىلگەن بولسىمۇ، 8-ئاينىڭ 30-كۈنى بوران چىقىپ يامغۇر يېغىپ كېتىپ، 9-ئاينىڭ 2-كۈنىگە سۈرۈلدى. مەن ئۇ چاغدا «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى» كۈتۈۋېلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدىم. 8-ئاينىڭ باشلىرى «باۋدى» مېھمانخانىسىغا كۆچۈپ كىرگىنىمدىن باشلاپ، تاشقى ئىشلار كۈتۈۋېلىش گۇرۇپپىسى (تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىدىكى يولداشلار بىلەن ئارىيەتكە يۆتكەپ كەلگەن تەرجىمانلاردىن تەشكىل قىلىنغان)، چېگرا ئېغىزى خىزمىتى ئىشخانىسىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت تەرەپتىن «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى»گە تەكلىپ قىلىنغان قوشنا ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا خادىملىرى، چەت ئەللەرنىڭ داڭلىق چوڭ كارخانىلىرىنىڭ باش لېدىرلىرىنىڭ يەرمەنكىگە قاتنىشىشىغا دائىر ئۇچۇرلارنى توپلاش، رەتلەش ۋە كۈتۈۋېلىش لايىھىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى، چەت ئەللىك مېھمانلار، سودىگەرلەرنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشىنى باشقۇرۇشنى ئۇنۇۋېرسال تەڭشەش خىزمىتى بىلەن ئالدىراش بولدۇق، ھەتتا، 9-ئاينىڭ 1-كۈنى كېچىسىمۇ چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ يەرمەنكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا تەشرىپ قىلىشىغا ئائىت

ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئۆتكۈزدۇق.

سائەتنىڭ ستىرېلكىسى 2-چېسلا كېچە سائەت بىرنى كۆرسەتكەندە، تۇيۇقسىز تېلېفون قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى، تېلېفون كۈئېنلۇن مېهمانخانىسىدىكى «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى» ئىشخانىسىدىن كەلگەنىدى، تېلېفون قىلغۇچى: مېنىڭ دەرھال شۇ مېهمانخانىنىڭ 2-قەۋىتىدىكى مەجلىسخانىغا بېرىشىمنى، يولداش جىن يۈنخۇي (ئەينى چاغدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) نىڭ جىددىي يىغىن ئاچىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، مەن ھېچنەرسىنى سورىماي ۋە ئويلىمايلا دەرھاللا مەجلىسخانىغا باردىم. يىغىنغا چاقىرىلغانلار تولۇق كەلگەندىن كېيىن، مۇئاۋىن شۇجى جىن يۈنخۇي مۇنداق دېدى: «زۇڭلى لى پېڭ بۈگۈن كەچ (شۇ چاغ 2-چېسلا سەھەر ۋاقتى ئىدى) ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن كېڭىشىش ئارقىلىق، يەرمەنكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىن ئىلگىرى چەت ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىدىكى ئەزىز مېهمانلارنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. بۇ ئىنتايىن مۇھىم پائالىيەت، كېچىدە يولداشلارنى چاقىرتىشتىكى مەقسەت-بۇ جىددىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قانداق قىلىپ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مەسلىھەتلىشىش». جىددىي مەسلىھەتتىن كېيىن، مۇئاۋىن شۇجى جىن يۈنخۇي مۇنداق دېدى: «قوبۇل قىلىش ۋاقتى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9:30 لاردا، ئورنى خەلق سارىيىنىڭ ئىلى زالىدا بولىدۇ، قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا جۇ جۈڭچى، قوبۇل قىلىش ئورنىنى جايلاشتۇرۇشقا ساراي باشقۇرۇش باشقارمىسى، تەشۋىقات، قوغداش خىزمىتىگە يەرمەنكە ئىشلىرى ئىشخانىسى مەسئۇل بولىدۇ، ھەممەيلەننىڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنىڭ



ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىنى، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ماڭا بالدۇرراق مەلۇم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن». تۇيۇقسىز تاپشۇرۇلغان بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئاڭلاپ ھەم ھاياجانلاندىم ھەم جىددىيلەشتىم. ھاياجانلىنىشىمدىكى سەۋەب، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن شىنجاڭغا، «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى» گە ئەھمىيەت بەردى، كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنى قوللىدى، بۇنىڭ بىلەن «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى» نىڭ ئۆلچىمى شۇنچە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بۇنداق پۇرسەت ئاسان كەلمەيدۇ، بۇ، ناھايىتى زور شان-شەرەپ. روھىي جەھەتتىن جىددىيلىشىشىم ۋە بېسىم ھېس قىلىشىمدا ۋەزىپىنىڭ تاپشۇرۇلۇشى بەك تۇيۇقسىز بولغاچقا، ئىدىيىدە تەييارلىقىم يوق ئىدى، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىغا كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغىنىمغا ئەمدىلا ئۈچ ئاي بولغان، تاشقى ئىشلار ۋە چەت ئەللىك مېهمانلارنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىدىن قىلچە خەۋىرىم يوق ئىدى، دۆلەت زۇڭلىسىنىڭ چەت ئەللىك مېهمانلارنى قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى تەشكىللىشىم تۇنجى قېتىملىق ئىش بولغاچقا، ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي قالارمەنمۇ دەپ تەشۋىشلەندىم. ۋاقىت تۈن نىسپى بولۇپ قالغاچقا، كەسىپ ئەھلىلىرىدىن سوراپ ئىش قىلىشقا ۋاقىت يار بەرمەيتتى. ئەينى چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالمۇ ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى، چۈنكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شۇ كۈنى كەچتە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، خادىملار ۋە ئادەم سانىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تېخى ئېنىق ئىگىلەپ كېتەلمىگەنىدۇق، چەت ئەللىك مېهمانلاردىن قوبۇل قىلىش زالىغا مۇددەتتىن بۇرۇن كېلىشنى تەلەپ قىلىشمۇ تازا ئەپسىز ئىدى.

كۈئېنلۇن مېهمانخانىسىدىن ياتىقىمغا قايتىپ كېلىۋېتىپ، نۇرغۇن

ئىشلارنى، جۈملىدىن ۋەزىپىنى ئورۇنداشنىڭ چارىسى ۋە ھەرىكەت لايىھىسىنى ئويلىدىم ۋە قايتىپ كېلىپلا ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتۇردۇم. «يەر شارى» مېھمانخانىسى، «دوستلۇق» مېھمانخانىسىدىكى تاشقى ئىشلار ئالاقە گۇرۇپپىلىرىغا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا خادىملىرى، ئۆزىمىزنىڭ روسچە، ئىنگلىزچە تەرجىمانلىرىغا چوقۇم ئەتىگەن سائەت 9 دا خەلق سارىيىغا يېتىپ كېلىشنى، كەلگەن ھامان تىزىمغا ئالدۇرۇش ھەم چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ ئىسمىلىكىنى تاپشۇرۇشنى ئەدەپ بىلەن ئۇقتۇرۇشنى خەۋەر قىلدىم. تاماقنى بالدۇر يېيىش، ئاپتوموبىل ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مۇۋاپىق ھەل قىلىشنى، قىسقىسى مېھمانلارنىڭ ۋاقتىدا تەق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تاپشۇردۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن قوبۇل قىلىش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلىنى پىلانلىدىم، مەسىلەن، زۇڭلى لى پېڭ ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن رەھبەرلەرنىڭ چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئورنى، ئۇسۇلى، ساھىپخانلارنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنى بىلەن مېھمانلارنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنى ۋە سانى؛ تەرجىمە خىزمىتى؛ زۇڭلى مېھمانلارنى قوبۇل قىلغان چاغدا خىزمەتچىلەردىن بولىدىغان تونۇشتۇرۇش قاتارلىقلار. مېھمان قوبۇل قىلىش سورۇنىنى تېخى كۆرمىگەنىدۇق، مېھمانلارنىڭ سانى ھەم ئېنىق ئەمەس ئىدى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى نەق مەيدانغا بارغاندىن كېيىن ئەمەلىيلەشتۇرۇشكە توغرا كەلدى. شۇ تەرىقىدە سەھەر سائەت 3 كېچە مالال بولدۇق.



## 2

2-چېسلا سائەت 8 دىن ئېشىشىغا ئۇلگۇرۇپلا خەلق سارىيىنىڭ ئىلى زالىغا يېتىپ كەلدىم. ساراي خىزمەتچىلىرى يېرىم كېچىدىن باشلاپلا ئادەت بويىچە قوبۇلخانىدىكى كىرىسلولارنى رەتلەشكە باشلىغانىكەن. قوبۇلخانىنىڭ ئوڭ، سول تەرىپىگە ساھىپخانلار بىلەن مېھمانلار ئولتۇرىدىغان كىرىسلو تىزىلىپ، مېنىڭ كۆزىدىن كەچۈرۈپ بېكىتىشىمنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بۇ يەردە مېھمانلار كىرىشتىن بۇرۇن ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغان مۇنداق بىرنەچچە ئىش سېزىلدى: بىرى، زۇڭلى لى پېڭغا بىللە بولىدىغان رەھبەرلەرنىڭ ئورنى مەسىلىسىدە، كۆرسەتمە بويىچە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمائىل ئەھمەد، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتلەرنىڭ ھەمراھ بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى. مەسىلە، زۇڭلى لى پېڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن 8-7 مۇناسىۋەتلىك تارماق رەھبەرلىرىنىڭ ئورنىنى قانداق جايلاشتۇرۇش ئىدى، بەزىلەر: شىنجاڭنىڭ رەھبەرلىرى ھەمراھ بولسا، بىللە كەلگەن مەركەز تارماقلىرى رەھبەرلىرىمۇ بىللە بولۇشى كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن قوبۇلخانىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەر ئولتۇرىدىغان جايغا، يەنە كىرىسلو قويغاندا سىغمايتتى ياكى كۆرۈمسىز بولۇپ قالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىملەرنىڭ قوبۇل قىلىشتا بىللە بولىدىغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى، بۇ ئىشقا ئەمدى باش قاتۇرۇشقا ۋە يولىيورۇق سوراشقا ۋاقىت يار بەرمەيتتى. مەن: «مەركەز تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى يانداشتۇرۇپ

قويۇلغان كىرىسلولارغا ئولتۇرغۇزايلى، جاۋابكارلىق سۈرۈشتۈرۈلسە، مەن ئۈستۈمگە ئالاي» ، دېدىم-دە شۇنداق ئورۇنلاشتۇردۇق. زۇڭلى لى پېڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن مەركەز تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ناھايىتى ئاڭلىق ھالدا بىز كۆرسەتكەن جايدىن ئورۇن ئالدى. يەنە بىرى، ئورۇن تەرتىپىنى بېكىتىش ئىدى، بىز نەق مەيداندىلا ھۆكۈمەت تەكلىپ قىلغانلار، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ۋەزىپىدىكىلەر ئۆمەك باشلىقى بولغان قىرغىزىستان، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان ۋە ئۇكرائىنادىن ئىبارەت 6 دۆلەت ۋەكىلىنىڭ ئورنىنى بەلگىلىدۇق. قىرغىزىستاننىڭ 1-مۇئاۋىن زۇڭلىسى كوزنىزوف مېھمانلارنىڭ ئالدى بولۇپ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى، شۇنداق بولغاندا، ساھىپخانىنىڭ ئولتۇرغان ئورنى بىلەن ماس كېلەتتى. قالغان 20 نەچچە ئۆمەكتىكى مېھمانلار ۋە جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا خادىملىرى مۇناسىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەن ئالاقە گۇرۇپپىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە تەرجىمانلارغا مېھمانلارنى جەزمەن بەلگىلىگەن ئورۇندا ئولتۇرغۇزۇش ۋە ئىسمىلىكنى دەرھال تەرجىمە قىلىپ بېرىشنى تاپىلىدىم. ئۈچىنچى، رەھبەرلىرىمىزنىڭ چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۇسۇلى. شۇ چاغدىكى ئەھۋالدا، سەۋەنلىك ۋە ئۇقۇشماسلىق كۆرۈلۈشتىن ساقلىنىش، ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن، مۇرەككەپ رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ساھىپخان مېھمانلارنى قوبۇل قىلغاندا بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، ئىككى تەرەپنىڭ سالاھىيىتىنى تونۇشتۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم ۋە تەرجىمان ئورۇنلاشتۇرماي، ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تونۇشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردۇق.

زۇڭلى لى پېڭ ۋە باشقا رەھبىرىي يولداشلار سائەت 9 دىن ئاشقاندا



ئىلى زالىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى مۇئاۋىن شۇجى جىن يۈنخۈيغا دوكلات قىلىپ، ماقۇللۇقىنى ئالدىم. مۇئاۋىن شۇجى جاڭ فۇسېن (شۇ چاغدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىدى) ، مۇئاۋىن شۇجى جىن يۈنخۈي مېنىڭ ئازراق جىددىيلەشكەنلىكىمنى بايقاپ، مېنى تەمكىن، سالماق بولۇشقا ئۈندىدى. لى پېڭ زۇڭلى، ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمائىل ئەھمەد، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەتلەر بەلگىلەنگەن لايىھە بويىچە، زال ئىچىدە چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن بىر بىرلەپ قول ئېلىشىپ سالاملاشقاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن جايدىن ئورۇن ئالدى. زالنىڭ ئىچى-سىرتى مېھمانغا لىق تولدى، قوبۇلخانىنىڭ ئىشىكى ئالدى يەرمەنكە مۇراسىمىنىڭ رەئىس سەھنىسىگە چىقىدىغانلار بىلەن تولغان بولۇپ، كەيپىيات قىزغىن، قايىنام تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. ئەمدى بۇ مۇھىم سورۇندا ئوتتۇرىغا چىقىپ جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنى تونۇشتۇرىدىغان دەقىقە يېتىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن قايتا جىددىيلىشىشكە باشلىدىم. قوبۇلخانىدا مېھمانلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تەرجىمان ۋە مۇخبىرلارمۇ دەرقەم بولدى، مەن رەھبەرلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن رەھبەرلىرىمىزنى، يەنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىسى لى پېڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەد، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتلەرنى تونۇشتۇردۇم ھەمدە مېھمانلار سورۇندىن ئورۇن ئالغان چەت ئەللىك مېھمانلاردىن قىرغىزىستاننىڭ 1-مۇئاۋىن زۇڭلىسى كوزنىزوف

قاتارلىقلارنى تونۇشتۇردۇم. ئەڭ ئاخىرقى مېھمان تونۇشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز جايىمغا قايتاي دەپ تۇرۇشۇمغا، مۇئاۋىن شۇجى جىن يۇنخۇي ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئۇلاپلا زۇڭلى لى پېڭنى سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن قوبۇل قىلىش مۇھىم باسقۇچقا كىردى. بۇ چاغدا مەن زۇڭلىنى سۆزگە تەكلىپ قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمدىن ئىنتايىن بىئاراملىق ھېس قىلىپ، ئىچىمدە ئۆزۈمنى ئەيىپلىدىم. لى پېڭ زۇڭلىنىڭ سۆزىمۇ تولۇق قولىقىمغا كىرمەپتۇ، سۆزىنىڭ ئاساسلىق مەنىسى: چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى»گە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، دۆلەت ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنى ئۆتكۈزۈشنى قوللايدۇ، «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى»نى ھەر يىلى ئۆتكۈزۈش، يىلدىن-يىلغا ياخشى ئۆتكۈزۈش لازىم، بۇنىڭدىن كېيىن دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ئەللەر ۋە باشقا ئەللەرنىڭ ئىقتىساد-سودا ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىمىز. . . .
لى پېڭ زۇڭلىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلاپ، كۆپچىلىكنىڭ يەرمەنكە مۇراسىمىغا قاتنىشىشىنى تەكلىپ قىلدىم. قوبۇلخانىدىن چىققاندىن كېيىن، مەندىكى جىددىيلىكمۇ ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلدى، خېلى يېنىكلەپ قالدىم، شۇ چاغدىلا تېخى ناشتا قىلمىغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. مۇنداق كىچىككىنە بىر ئىش مەندىكى ھاياجانلىنىش ۋە جىددىيلىكنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. مەن قوبۇلخانىدا فوتو مۇخبىرلىرىغا بىر ئىككى پارچە خىزمەت سۈرىتى تارتىپ قويۇشنى تاپىلىغانىدىم، ئەمما، ئىشنىڭ ئالدىراشلىقىدا بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، قوبۇل قىلىش ئاخىرلاشقاندىلا ئېسىمگە كەلدى. مۇخبىرلار:



«سىز بىزگە دۇمبىڭىزنى قىلىپ تۇرۇۋالدىڭىز، شۇڭىغا رەسىمگە تارتىش پۇرسىتى بولمىدى» دېيىشتى. قوبۇل قىلىش ئاخىرلىشىپ تەرجىمانلار لى پېڭ زۇڭلى ۋە باشقا رەھبەرلەر بىلەن سۈرەتكە چۈشىدىغان چاغدىمۇ ئىنكاسىم كېچىكىپتۇ. دېمەك، مۇشۇنداق مۇھىم سورۇندا سۈرەتكە چۈشۈپلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغىنىمدىن ھېلىمۇ قاتتىق ئۆكۈنىمەن.

3

9-ئاينىڭ 3-كۈنى ئېچىلغان بىر قېتىملىق يىغىندا مۇئاۋىن شۇجى جىن يۇنخۇي 2-چېسلا ئورۇنلاشتۇرغان زۇڭلىنىڭ چەت ئەللىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلىش، بوران چۈشۈرۈۋەتكەن يەرمەنكە تاختىسىنى رېمونت قىلىپ دەرھال ئورنىغا تۇرغۇزۇش، يەرمەنكىنى باشلاش مۇراسىمى، سوغۇق يېمەكلىك-ھاراق زىياپىتى، سەنئەت كېچىلىكى قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ياخشى ئورۇنلانغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئالدى بىلەن زۇڭلىنىڭ چەت ئەللىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلىش پائالىيىتىگە دائىر خىزمەتنى تەقدىرلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «كېچە سائەت 2 دىن ئاشقاندا ئورۇنلاشتۇرغان جىددىي ۋەزىپە ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاندى، كۆپچىلىك جاپا چەكتى، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭدىن ناھايىتى رازى ۋە خۇشال بولدۇم» بۇ رەھبەرلەرنىڭ بىزگە قىلغان ئىلھام ۋە تۈرتكىسى ئىدى.

مەن شۇ قېتىمقى ناھايىتى يۇقىرى ئۆلچەملىك مېھمان كۈتۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئەمەلىيىتىدە چېنىقىش ۋە سىنىلىش ئارقىلىق،

يېڭى ماھارەت ئۆگىنىپ قالغانلىقىمنى، ئىقتىدارىم ئاشقانلىقىنى ۋە سەۋىيىدە كۆتىرىلىش بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن شۇ چاغدا، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق ۋەزىپە تاپشۇرۇلسا، مۇشۇ قېتىمقى تەجرىبەم ئاساسىدا، قىلچە جىددىيلەشمەي، سالماقلىق، پۇختا، ئەتراپلىق، ۋەزىپىنى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇنداشقا ئىشەنچىم كامىل، دەپ ئويلىدىم.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ سابىق شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى)

ئىمىنجان تەرجىمىسى



# يولداش ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن قەلبداش

تيەن يۈميەن

يولداش ۋاڭ ئېنماۋ جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا يېتىشتۈرگەن ۋە چېنىقتۇرغان كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساس ئىگىسى، مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىر. ئۇ تەۋرەنمەس كوممۇنىزم غايىسىگە ئىگە بولۇپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يۈكسەك نىشان قىلغانىدى. ئۇ، كەمتەر، ئېھتىيانچان، ئىستىلدا دېموكراتىك بولۇپ، باشقىلارغا سەمىمىي سىپايە ئىدى. بۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان ئىشلار مەن يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلغان كۈنلەردە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

## شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيىمەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلىشنى خالايمەن

20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ باشلىرى، مەن ئاۋستىرالىيىلىك بىر ئالىمنىڭ مەخسۇس شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىپ يازغان ماتېرىيالىنى كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭدا، شىنجاڭنىڭ تارىخى ئىنتايىن ئوبيېكتىپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ھەر يىلى چاقىرىلغان ۋەكىللەر قۇرۇلتايلىرى،

ئالماشقان رەھبەرلەرنىڭ ئىسىملىكى، ھەر يىلقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات مىقدارى، ياسالغان تاشيوللار، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا دائىر سانلىق ئاساسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: شىنجاڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە ۋاڭ ئېنماۋ ئەڭ ئۇزاق ھاكىمىيەت تۇتقان، ئۇ، كومپارتىيىگە ۋەكىللىك قىلىپ، شىنجاڭنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىدارە قىلغان، ئۇنىڭ سىياسىي نەتىجىسى ئەڭ كۆرۈنەرلىك.

ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى بولغان مەزگىل جەمئىيەت داۋالغۇپ تۇرغان ۋە ئۆزگىرىش ئەڭ زور بولغان مەزگىل ئىدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونى، چېگرا رايون، ئىقتىسادىي ئاساسىي ئاجىز، سىياسىي ھەرىكەت كۆپ بولۇشتەك نۇرغۇن ئالاھىدىلىك ۋە پايدىسىز ئامىللار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان بۇ خىل شارائىتتا، ئەگەر سىياسىي نەزەرىيە، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قاتارلىق جەھەتلەردە پىشقان رەھبەر بولمىسا، بۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى تېزگىنلەپ تۇرالمايتتى. ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى يىلدىن-يىلغا راۋاجلاندى، ئېگىلىكى يىلدىن-يىلغا گۈللەندى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى يىلدىن-يىلغا ياخشىلاندى، جەمئىيەت مۇقىم بولدى، ھەر مىللەت خەلقى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈردى. بۇلار، ئۇنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلغانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، جان دىلى بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەنلىكىدىن بولدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشتا ۋە يەر ئىسلاھاتى بولىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ



ھەر يىلى دېگىدەك نامرات ئۇيغۇر دېھقانلار ئائىلىسىدە تۇرۇپ، تۇرمۇشتا ۋە ئەمگەكتە بىللە بولدى، ئۇلارنىڭ دەرد-ھالىنى ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى، مەركەزنىڭ سىياسەتلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىجرا قىلىپ، دېموكراتىك ئىسلاھاتنى مۇۋەپپەقىيەت ئېلىپ باردى. سانسىزلىغان نامراتلارنىڭ قەددىنى رۇسلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. شۇ جەرياندا، ئۇ، نامرات پۇقرالار بىلەن ئۆمۈرلۈك چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتتى.

1981-يىل 10-ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئىشلىشىنى قارار قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1-شۇجىلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ 1-شۇجىلىقى ۋە 1-سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلىدى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1984-يىلى ئۇ يەنە بىڭتۈەن پارتكومىنىڭ 1-شۇجىسى، 1-سىياسىي كومىسسارلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دانا تەدبىرى ئىدى. مەركىزىي كومىتېت ۋاڭ ئېنماۋنى چۈشىنەتتى، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلغانىدى. ۋاڭ ئېنماۋ 10-ئاينىڭ 24-كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، 10-ئاينىڭ 27-ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم زالىدا كادىرلار يىغىنى ئاچتى. بۇ يىغىندا، ۋاڭ ئېنماۋ چوڭقۇر ھېسسىياتى بىلەن مۇنداق دېدى: «شىنجاڭدىن ئايرىلغىنىمغا 10 نەچچە يىل بولدى، بۈگۈن يولداشلار بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ، ئىنتايىن يېقىنلىق ھېس قىلىۋاتىمەن، ئىنتايىن ھاياجانلىنىۋاتىمەن، تولىمۇ خۇشال بولىۋاتىمەن. بېيجىڭدىن يولغا چىقىشنىڭ ھارپا كۈنى يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ، ناھايىتى مۇھىم يوليورۇق بېرىپ ‹سىز

شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى خېلى چۈشىنىسىز، كادىرلار بىلەنمۇ تونۇش، شىنجاڭدىكى يولداشلار شىنجاڭغا قايتا بېرىشىڭىزنى قارشى ئالىدۇ، مەركەز كۆپ قېتىم ئويلىشىش ئارقىلىق، سىزنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ ئىشلىشىڭىزنى قارار قىلدى، دېدى. مەركەزنىڭ مېنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ ئىشلىشىمنى قارار قىلغانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن خۇشال بولدۇم، بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك سەۋەب بار: بىرى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيىمەن، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلىشنى خالايمەن؛ يەنە بىرى، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيىمەن، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىغا كۈچ قوشۇشنى خالايمەن؛ ئۈچىنچىسى، شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، زومىگەرلىككە قارشى ئالدىنقى قاراۋۇل، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايمەن».

ئۇ يەنە، ئۆزى يۈزلىنىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنىمۇ كۆرۈپ يەتكەنىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئىشلىشىمدە قىيىنچىلىقلارمۇ بار، بىرىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› دىن كېيىنكى ئەھۋالىنى چۈشەنمەيمەن؛ ئىككىنچىدىن، يېڭى ۋەزىيەتتە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ كېتىشكە ئىشەنچىم تازا كامىل ئەمەس؛ ئۈچىنچىدىن، ئىلگىرىكى نەتىجە بۈگۈنكى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەرمىللەت كادىرلىرىنى ۋە ئاممىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلىغىلى بولىدۇ».



ئۇ، يىغىنىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى شىنجاڭدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمنى ئىزچىل، مۇتلەق توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن يېتەرسىزلىكىم بارلىقىنى بىلىمەن، خاتالىقىممۇ ئاز ئەمەس، ھېچبولمىغاندا ئۈچ تۈرلۈك خاتالىقىم بار، بىرى، ‹ئوڭ›، چىللىقىقا قارشى كۈرەشنى كېڭەيتىۋەتتىم؛ يەنە بىرى، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا كۈرەشنى بەك كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتىم؛ ئۈچىنچىسى، ئوڭچىل پۇرسەتپەرەسلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىشتا يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلار بار». ئۇ شۇ مەيداندىلا خاتا تەنقىد قىلىنغان يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوف (ئىلگىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان) قا ناماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئۇ، بەزىلەرنىڭ ئەندىشىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ مەيداندا مۇنداق پوزىتسىيە بىلدۈردى: «‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› دا مېنىڭ ئۈستۈمدىن چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلىغان، مېنى تەنقىد قىلغان، ھەتتا مېنى غۇلاتماقچى بولغانلارغا ھەرگىز غوم ساقلىمايمەن. ئۆتكەن ئىشلارنى كۆڭۈلدە ساقلىغانىنىڭ پايدىسى يوق، بىر رەھبەردە ئاز-تولا كەڭ قورساقلىق بولمىسا قانداقمۇ رەھبەر دېگىلى بولسۇن؟! يولداشلارنىڭ غەم-ئەندىشىدە بولماي، تولۇق خاتىرجەم بولۇشىنى سورايمەن».

مەن شۇ قېتىمقى يىغىننى زىيارەت قىلغانىدىم. يىغىن مەيداندا خېلى ئۇزۇن گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭراپ، ۋاڭ ئېنماۋغا ھۆرمەت بىلدۈردى. بولۇپمۇ ئۇ يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوفقا ناماقۇللۇق بىلدۈرگەندە، سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى كۆكسىگە

قويۇپ، ۋاڭ ئېنماۋغا ئېھتىرام بىلدۈرگەندە، يىغىن مەيدانى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ۋاڭ ئېنماۋنىڭ يۈرەك سۆزلىرى ئۇنىڭ ئوچۇق كۆڭۈل، چىقىشقاق، كىچىك پېئىل، پاك، پارتىيىگە، ۋەتەنگە، خەلققە چەكسىز سادىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

## ئۇ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئىدى

يولداش ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭدا ئىشلەشكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە مۇھىم تاپشۇرۇقى بويىچە، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت، خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش راۋاج تاپمىغان، ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ بولىۋاتقان ئەھۋالدا، 1982-يىل 4-ئاينىڭ ؛ كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە، 10-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە، 1984-يىل 4-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە ئۇدا ئۈچ قېتىم جەنۇبىي، شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئېلىپ باردى؛ ھەرمىللەت كادىرلار، ئاممىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى، جايلاردا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە ئوفىتسېر، جەڭچىلىرىنى يوقلىدى ۋە سۆھبەتلەشتى؛ نۇرغۇن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. مەن ئۇنىڭ تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا قىلغان ئۇدا ئۈچ قېتىملىق سەپىرىدە، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن



كېيىنكى ئاساسىي قاتلامدا ئېلىپ بارغان كۆپ قېتىملىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرىدە بىللە يۈرۈپ زىيارەت قىلدىم.

جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر قىلىشتىن ئىلگىرى ۋاڭ ئېنماۋ مۇنداق دېدى: «‹مەدەنىيەت ئىنقىلابى› تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىن ئايرىلغىنىمغا 10 نەچچە يىل بولدى، شىنجاڭدىمۇ باشقا ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا ئوخشاش نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر كۆرۈلدى، شۇڭا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئارىلاپ، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئىگىلىشىمگە توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنالايمەن».

ۋاڭ ئېنماۋ تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا قىلغان سەپىرىدە، ھەرمىللەت كادىر ۋە ئاممىسى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ۋە پىكرىنى ئاڭلىدى. ئۇ يول بويى ئاز سانلىق مىللەت كوممۇنا ئەزالىرىنى ۋە يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئائىلىسىنى يوقلىدى، ئۇلار بىلەن سەمىمىي سىردىشىپ، ھال-ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇ كەمتەر ۋە كىچىك پېئىل بولغاچقا، پۇقرالارمۇ تارتىنماي يۈرەك سۆزىنى تولۇق ئېيتىشتى. 4-ئاينىڭ 5-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ۋاڭ ئېنماۋ كورلا شەھىرىنىڭ تېكچى گۇڭشې ئالتاش دادۇي ئىشلەپچىقىرىش 3-ئەترىتىدە ھەببۇللانى سۇپىدا ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنىڭدىن قانچە ياشقا كىرگەنلىكى، ئائىلىسىدە نەچچە جان بارلىقى، يىلدا قانچە كۈن ئەمگەككە قاتنىشىدىغانلىقى، بىر ئەمگەك كۈنىگە قانچە پۇل كېلىدىغانلىقى، بانكىدا ئامانەت قويغان پۇلى بار-يوقلۇقى، مەكتەپتە ئوقۇغان-ئوقۇمىغانلىقى

قاتارلىقلارنى سوراپ، خۇددى كونا دوستلاردەك بەھوزۇر سۆزلەشتى. شۇ ئارىدا، ھەبىبۇللا بىر پارچە ناننى ۋاڭ ئېنماۋغا سۇنغاندا ۋاڭ ئېنماۋ نانغا ئېغىز تېگىپ، خۇشاللانغان ھالدا ئۇيغۇر تىلىدا «خوش-خوش» دېدى.

ۋاڭ ئېنماۋ ھەبىبۇللانىڭ ئۆيىدىن چىقىپ نىياز مەسۇمنىڭ ئائىلىسىگە كەلدى. نىياز مەسۇم، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ، 1957-يىلى ئۇرۇمچىدە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىغا قاتناشقاندا ۋاڭ ئېنماۋنى كۆرگەن، 1959-يىلى يەنە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىغا قاتناشقانىدى. ئۇ بۇ قېتىم ۋاڭ ئېنماۋنى كۆرۈپ، ئۇزاق مەزگىل كۆرۈشمىگەن قەدىناس دوستلار ئۇچراشقاندەك ھاياجانلانغىنىدىن نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. ۋاڭ ئېنماۋ نىياز مەسۇمدىن: ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قانداق يولغا قويدۇڭلار، قانچىلىك يەرنى ھۆددىگە ئالدىڭىز، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشتە نەچچە بىر تۇتاش بولۇشنى يولغا قويدۇڭلار، تېرىقچىلىقنى ماشىنىلاشتۇردۇڭلارمۇ دېگەندەك سوئاللارنى سورىغاندا، نىياز مەسۇم بىر-بىرلەپ جاۋاب بەردى. ۋاڭ ئېنماۋ: «مەن 1949-يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەن، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەرمىللەت خەلقى بىلەن چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتتىم، ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› دىكى ئىچكى مالىمانچىلىقتا، لىن بياۋ، ‹تۆت كىشىلىك گۇرۇھ› پىشقەدەم كادىرلارغا زەربە بەرگەندە، مەنمۇ زەربىگە ئۇچرىدىم ھەمدە شىنجاڭدىن ئايرىلدىم. بۇلتۇر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئىشلىشىمنى قارار قىلدى، بۇ قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ قەدىناس دوستلار ۋە يولداشلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. يەنە نۇرغۇن يولداشلار بىلەن كۆرۈشەلمىدىم.



مېنىڭ سالىمىمنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭلارنى سورايمەن». ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى كادىرلار ۋە ئەزالار ۋاڭ ئېنماۋنىڭ نىياز مەسۇمنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇ قورۇغا كېلىشتى، قورۇ ۋە قورۇ ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ۋاڭ ئېنماۋ نىياز مەسۇمنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ھەرمىللەت ئاممىسى بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ سالاملاشتى. ئاما ۋاڭ ئېنماۋ ئولتۇرغان ئاپتوموبىل خېلى ئۇزاق كەتكىچە، يولنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ قول پۇلاڭلىشىپ ئۇزىتىپ قويدى.

4-ئاينىڭ 6-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ۋاڭ ئېنماۋ يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىگشىن گۇڭشېسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. بۇ گۇڭشېدا ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ، موڭغۇل، دۇڭشياڭ، زاڭزۇ قاتارلىق 7 مىللەت ئولتۇراقلاشقانىدى. ۋاڭ ئېنماۋ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ بۇ گۇڭشېدا نۇقتىدا تۇرىۋاتقان مۇئاۋىن رەئىسى بارات ئەيسانىڭ ھەمراھلىقىدا 3 ئائىلە خۇيزۇ، موڭغۇل ئاممىسىنى يوقلىدى. كېيىن، گۇڭشې رەھبەرلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. بارات ئەيسا ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بۇ يەردىكى دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، كېيىن گۇڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى بولغان. شۇڭا، ئۇ گۇڭشېنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى. دوكلات ئاڭلاۋېتىپ، ۋاڭ ئېنماۋ: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا مەسىلە كۆرۈلمىگەندۇ؟»، دەپ سورىغاندا، بارات ئەيسا: «كۆرۈلمىدى» دەپ جاۋاب بەردى. ۋاڭ ئېنماۋ: «ياخشى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: «‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› دا ‹بەشتە ياخشى› بولۇش پېپەن

قىلىندىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، بارات ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ: «ياق» دەپ جاۋاب بەردى، بۇنى ئاڭلىغان ۋاڭ ئېنماۋ: «بارات، سىزنىڭ ئىرادىڭىز پولاتتەك مۇستەھكەم ئىكەن» دەپ ماختىدى.

ۋاڭ ئېنماۋ دوكلاتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن شىگشىن گوڭشېسىدىكى كادىرلارغا مۇنداق دېدى: «شىگشىن گوڭشېسى ئىلگىرى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئۈلگە گوڭشېسى، شۇنداقلا باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئۈلگە گوڭشې ئىدى. سىلەر كۆپ يىلدىن بۇيان يېزىلارنىڭ ‹بەشتە ياخشى› قۇرۇلۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئېتىزلارنى سالالاشتۇرۇش، يول ياساش، ئېرىق-ئۆستەڭ ياساش، ئورمان بەلۋىغى بەرپا قىلىش، ئاھالىلار رايونى قۇرۇشتا نەتىجە قازاندىڭلار، ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى›دا لىن بياۋ، ‹تۆت كىشىلىك گۇرۇھ›، ‹ئىككى مەسلەك، بىر پادىشاھلىق›نى، شۇنىڭدەك ‹بەشتە ياخشى› يېزا قۇرۇلۇشىنى ھەدەپ پىپەن قىلدى. لېكىن سىلەر بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇپسىلەر، بەزى جايلار تاقابىل تۇرالماي ‹بەشتە ياخشى› قۇرۇلۇشى نابۇت قىلىۋېتىلدى. سىلەرنىڭ بۇ خىل قەيسەر روھىڭلار مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. ‹تۆت كىشىلىك گۇرۇھ› تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ‹بەشتە ياخشى› يېزا قۇرۇلۇشىنى بارغانسېرى ياخشى ئېلىپ بېرىپسىلەر، ھازىر گوڭشېنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 18 مىليون كىلوگرامدىن كۆپرەككە، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن 2000 كىلوگرامغا، دۆلەتكە تاپشۇرۇش مىقدارىنى كىشى بېشىغا 1000 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، دۆلەتكە ناھايىتى زور تۆھپە قوشۇۋېتىپسىلەر، گوڭشې بويىچە ئەزالارنىڭ كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى ئىككى يۈەندىن



كۆپرەككە، 3-ئەترەتنىڭ 5 يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپتۇ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 700 نەچچە يۈەنگە، بەزى ئائىلىلەرنىڭ كىرىمى 6600 نەچچە يۈەنگە يېتىپ، بانكىغا بىرلا قېتىمدا 5000 يۈەن ئامانەت قويغان. دېمەك، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، تۆھپە زور بولغان، كىرىم كۆپەيگەن، تۇرمۇش ياخشىلانغان، بۇنىڭدىن بىز ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىڭلارنى تەبرىكلەيمەن! سىلەرنىڭ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تىرىشىپ دۆلەتكە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن».

4-ئاينىڭ 6-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ۋاڭ ئېنماۋ لوپنۇر ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ئۆتتۈق نىيازنىڭ ھەمراھلىقىدا، شەھەر ئەتراپى گوڭشېسى 1-دادۈي 5-ئەترەتتىكى گوڭشې ئەزاسى توختى ئوسماننىڭ قورۇسىغا كەلدى، ساھىپخان مېھمانلارنىڭ ئۆرۈمچىدىن كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئالدىغا چىقىپ ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ چاغدا، ئۆتتۈق نىياز: «بۇ كىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇرغاندا، توختى ئوسمان خۇشاللىقىدىن «ۋاڭ شۇجى، ۋاڭ شۇجى» دېگىنىچە يەنە بىر قېتىم قول ئېلىشتى، كۆپچىلىكمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى. توختى ئوسمان 66 ياشتا بولۇپ، ئائىلىسىدە 9 جان، 4 ئوغلى بار ئىدى، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن 40 مو يەرگە بوغداي، 12 مو يەرگە كېۋەز تېرىغان. ئالدىنقى يىلى دۆلەتكە 12 مىڭ 800 جىڭ بوغداي سېتىپ بېرىپ، ئۆزىگە 4600 جىڭ قالدۇرغان،

600 جىڭدىن كۆپرەك پاختا سېتىپ بەرگەن، ئائىلىسىدە 12 تۇياق قوي، 4 كالا ۋە 3 ئېشەك ھارۋىسى بار ئىكەن. ئۇ خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «پېشقەدەم رەھبىرىم قايتىپ كەلدى، بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولدۇم، ئەگەر رەھبەرنىڭ ۋاقتى بولسا، مەن بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسەم» دېدى-دە تۆۋەندىكى ناخشىنى ئوقۇدى:

پارتىيە غەمگۇزارىمىز،
ھەرقاچان كۈچ-قۇۋۋەت مەنبەيىمىز.
ھەر يىلى ئاشلىقتىن ھوسۇل ئالىمىز،
ئۆتەر باياشات كۈنىمىز.
پارتىيە غەمخورلۇقىنى ئەستە تۇتىمىز،
سېكرېتار ۋاڭ ئېنماۋغا ھەم ئۇنىڭدەك
ياخشى رەھبەرلەرگە،
چىن دىلىمىزدىن تۇمەنلەپ رەھمەت ئېيتىمىز.
.....

توختى ئوسماننىڭ يۈرەك ساداسىغا شۇ مەيداندىكى كىشىلەر قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. ۋاڭ ئېنماۋ تەسىرلىنىپ، توختى ئوسماننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ: «رەھمەت، رەھمەت» دېدى.

ھېسابلاپ كۆرسەم، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىسىدىن 36 نى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئائىلىسىدىن 10 نى زىيارەت قىلغان. زىيارەت قىلىپ بارغانلىكى ئائىلىدە كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى. 4-ئاينىڭ 12-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋاڭ ئېنماۋ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر گۇڭشېسىدىكى مۇھەممەت روزى كەنجىنىڭ



ئائىلىسىگە كەلدى. ۋاڭ ئېنماۋ ئىشىكتىن كىرىشىگىلا، ساھىپخان ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ: «ۋاڭ شۇجى، بىز سىزنى تولىمۇ سېغىندۇق» دېدى. مۇھەممەت روزى كەنجى 60 ياشتا بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئىدى. ئۇ، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ۋاڭ شۇجى، سىز يەر ئىسلاھاتى باشلانغان يىلى ۋە 1964-يىلى ئىككى قېتىم ئۆيۈمگە كەلگەن ئىدىڭىز، بۇ قېتىم 3-قېتىم كېلىشىڭىز، بىز قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق». ئۇلار تەكەللۇپ بىلەن سۇپىغا چىقىپ ئولتۇردى، مۇھەممەت روزى كەنجى يەنە مۇنداق دېدى: «ۋاڭ شۇجى سىز شىنجاڭدىكى ۋاقتىڭىزدا بىزنى ‹بەشتە ياخشى› يېزا قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا چاقىرغان ئىدىڭىز، ‹مەدەنىيەت ئىنقىلابى› دا دەل-دەرەخلەر كېسىلىپ، ئېچىمىز ئېچىشىپ كەتتى، دەرەختە نېمە گۇناھ؟ نېمە ئۈچۈن كېسىلىدۇ؟ ئەمدى سىز قايتىپ كەلدىڭىز، ‹بەشتە ياخشى› يېزا قۇرۇلۇشىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك». ۋاڭ ئېنماۋ ئۇنى ماختاپ مۇنداق دېدى: «توغرا ئېيتتىڭىز، يېزىلاردا ‹بەشتە ياخشى› يېزا قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش ھەمدە تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك».

4-ئاينىڭ 15-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋاڭ ئېنماۋ خوتەن ناھىيىسىدە چۇڭخۇا گۇڭشېسىنىڭ كۆچەتزارلىقى، باش سۇ ئايرىش تومىسىنى، شياڭيۇ گۇڭشېسىنىڭ دېھقانچىلىق پەن-تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئورنىنىڭ بۇغداي تەجرىبە يېرىنى، بۇزاق گۇڭشې 11-دادۈي 5-ئەترىتىنىڭ ئېتىزلاردا ئوت-چۆپنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئەھۋالىنى، 17-دادۈينىڭ سۇغىرىش قۇدۇقلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. كېيىن بۇزاق گۇڭشې قۇرۇلۇش ئەترىتى

پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەمەتتۇرسۇن ياقۇپنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدى. بۇ چاغدا يۇرتداشلار مەمەتتۇرسۇن ياقۇپنىڭ قورۇسىغا تولۇپ كەتتى. ۋاڭ ئېنماۋ سەممىيلىك بىلەن ئۇلارنى ئاقساقال، ئاكا، ئاچا دەپ ئۇيغۇرچە ئاتىدى. قورۇدا شۇ ھامان كۇلكە ساداسى كۆتۈرۈلۈپ، قىزغىن كەيپىياتقا تولدى. ۋاڭ ئېنماۋ سۇپىدا ئولتۇرۇپ ساھىپخان بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ھايال بولماي، ئايال ساھىپخان ئۆزى تەييارلىغان بىر پىيالە ئۈزۈم شىرنىسىنى ئېلىپ چىقىپ ۋاڭ ئېنماۋغا تۇتتى ھەمدە: «ۋاڭ شۇجى، سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى ئۇقماي، تەييارلىقسىز قاپتىمىز، بۇ، ئۆزىمىز تەييارلىغان ئۈزۈم شىرنىسى، تېتىپ بېقىڭ» دېدى، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ دوختۇرى شىرنە پىيالىسىدە ئازراق ئۈزۈم شۆپۈكلىرى بارلىقىنى كۆرۈپ، ئىچسە ئىچى سۈرۈپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ۋاڭ ئېنماۋغا پىچىرلاپ «ئازراق ئىچىڭ» دېدى. ئەمما ۋاڭ ئېنماۋ قىلچە ئىككىلەنمەي بىر پىيالە شىرنىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى، ھەمدە ئۇيغۇر تىلىدا: «رەھمەت، رەھمەت» دەپ تەكەللۇپ قىلدى. شۇ مەيداندىكى قىز-ئاياللار بۇنى كۆرۈپ بىر-بىرىنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاشتى، ئەرلەر بولسا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئۇزاق سەپەر قىلغاندا ماشىنىدا ئۇخلايدىغان ئادىتى بولۇپ، ماشىنا توختىغاندا، بەي جېنۋېندىن نەگە كەلدۇق دەپ سورايتتى. ۋاڭ ئېنماۋ ماشىنىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا ئولتۇراتتى، ئارقىدا ئولتۇرغان بەي جېنۋېن ماشىنا تېز تورمۇزلانسا ياكى سىلكىنسە ۋاڭ ئېنماۋنىڭ سوقۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى، مەن بەي جېنۋېندىن: «ئۇ ئۇخلىيالامدۇ» دەپ سورىسام، ئۇ:



«ۋاڭ ئېنماۋ داۋاملىق تېتىك يۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئارام ئېلىشنى بىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن ۋاڭ ئېنماۋ ماشىنىدا ئۇخلىمىسا، شوپۇرنى تېز ھەيدەشكە دەۋەت قىلىدىكەن. ۋاڭ ئېنماۋ «ماشىنىنىڭ سائەتلىك ئەڭ تېز سۈرئىتى 180 كىلومېتىر لايىھىلەنگەن، ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك» دەيدىكەن. بىر قېتىم كېتىۋېتىپ ناھىيە بازىرىغا ئاز قالغاندا، ۋاڭ ئېنماۋ يولدا ماشىنا ئازلىقىنى كۆرۈپ، شوپۇرغا ئالدىدىكى ماشىنىدىن ئۆتۈپ كېتىشنى بۇيرۇدى، سۈرئەت بەك تېز بولغاچقا، ھادىسە چىققىلى قىل قالدى. ماشىنا توختىغاندىن كېيىن، جاۋ ئۇستام ماڭا: «گېپىنى ئاڭلىمىسام خاپا بولىدۇ، ئاڭلاپ تېز ماڭاي دېسەم، ھادىسە چىقىشتىن ئەنسىرەيمەن، ھادىسە چىقسا، جاۋابكارلىقنى كۆتىرەلمەيمەن» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «ماشىنىدا سىزنىڭ دېگىنىڭىز ھېساب، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرسىڭىز بولىدۇ» دەپ قويدۇم.

ۋاڭ ئېنماۋ ئاساسىي قاتلامدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، «ئاتلىق گۈل تاماشا قىلغاندەك» ئىش قىلمايتتى. دوكلاتنى ئاڭلاپلا قالماستىن، يەنە ئەڭ ئاساسىي قاتلاملارغىچە باراتتى؛ بارماقچى بولغان جايلار ئورۇنلاشتۇرغان ئوبيېكتلار بىلەن كۆرۈشمەي، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزى تاللايتتى. شۇڭا ئۇ ئىگىلىگەن ماتېرىياللار بىر قەدەر ئەمەلىي ھەم ئىشەنچلىك، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى.

4-ئاينىڭ 25-كۈنى ۋاڭ ئېنماۋ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ كىچىك ئاتۇش گۇڭشېسىغا كېلىپ، تۆت ئائىلىنى زىيارەت قىلدى. ئىشلەپچىقىرىش 3-ئەترىتىگە كەلگەندە، تامىلىرى ناھايىتى كونىراپ كەتكەن بىر ئۆينىڭ ئالدىدا ۋاڭ ئېنماۋ ماشىنىنى توختاتتى. ئۇ،

هويلا ئىشىكىنىڭ ئۇچۇقلۇقىنى كۆرۈپ: «ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟» دېگىنىچە هويلىغا كىردى. ساھىپخان كەلگەنلەرنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالدى. تەرجىمان مېھمانلارنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ساھىپخان ۋاڭ ئېنماۋنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ۋاڭ ئېنماۋ نۇرغۇن سوئال سورىدى، ساھىپخان بىر-بىرلەپ جاۋاپ بەردى. ساھىپخان پاتىگۇل مۇنداق دېدى: «ئىككى يىل بۇرۇن يەيدىغان ئاشلىق يېتىشمەيتتى، قورسىقىمىز تويمايتتى، هازىر ئاشلىق يېتىدىغان بولدى». ۋاڭ ئېنماۋ خاتىرجەم بولالماي، ساھىپخانىنىڭ ئامبىرىغا كىرىپ تاغار-تاغار ئاشلىقلار قاچىلانغان تاغارلارنى ساناپ، يېڭى ئاشلىق چىققىچە يەيدىغان يېتەرلىك ئاشلىقى بارلىقىنى بىلىپ خاتىرجەم بولدى. ۋاڭ ئېنماۋ بۇ ئائىلىدىن چىقىۋېتىپ: «مۇشۇنداق ئىگىلىگەن ئەھۋال ھەقىقىي بولىدۇ» دېدى.

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەش

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، ۋاڭ ئېنماۋ بارغانلا يەردە ئالدى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى سۈرۈشتە قىلاتتى، سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەيتتى، بۇنى مەن چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇ مۇنداق دەيتتى: شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولمىسا، جەمئىيەت ۋە سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، بۇ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ۋە غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاساسىي كاپالىتى.

ۋاڭ ئېنماۋ بارغانلا جايدا جايلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلاپ ماڭدى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىشلەيدىغان خىزمەتلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىشنى بىرىنچى مەسىلە قىلىپ تەكىتلىدى. جايلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمىغاچقا، ئۇ شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سۆز قىلاتتى. قاراتمىلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى.

4-ئاينىڭ 6-كۈنى ۋاڭ ئېنماۋ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق كادىرلار يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا تىنچ-ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە كادىرلار ئۆزئارا ئىشىنىشى، بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، قوللىشى، ئۆزئارا ئۆگىنىشى، بىر-بىرىنى چۈشىنىشى، ھەقىقىي ئىتتىپاقلىشىپ، قېرىنداشلاردىنمۇ ئىناق ئۆتۈشى كېرەك. ئۆزئارا ئىشەنمەيدىغان، بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان، بىر-بىرىنى قوللىمايدىغان ۋە ئەپۇ قىلمايدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقى كېرەك. ئىلگىرى بەزى جايلاردا مىللەتلەر سىياسىتىگە خىلاپ ئەھۋاللار كۆرۈلدى، قاتناش ھادىسىسىگە دائىر ئەھۋاللار كۆرۈلدى، بەزى جايلاردا ئادەمنى سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان، بېسىۋېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان

ئىشلار بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلۈشىگە ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك. كۆرۈلسە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، قانۇنلىرى بويىچە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. يەرلىك ئورۇنلار بىلەن قىسىملار ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلەن، جۈملىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا مېنى يوقاتماقچى بولغان كىشىلەر بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىش كېرەك، پەقەت ئۇلار «ئۈچ خىل كىشى» لا بولمىسا، ئۇلار بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. زەربە بېرىش دائىرىسى قانچە كىچىك بولسا شۇنچە ياخشى. ئىنقىلابىي كىشىلەر كۆپرەك بولغىنى ياخشى. ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك. پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، ھەقىقەتكە قايتقان ئوفىتسېرلار ۋە ھەقىقەتكە قايتقان خادىملارغا قارىتىلغان سىياسەتنىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. قىسقىسى، ئىتتىپاقلىنىشقا بولىدىغانلىكى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىللارغا ئايلاندۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئىشلىرىمىزدا چوقۇم غەلىبە قازىنالايمىز.

4-ئاينىڭ 16-كۈنى ۋاڭ ئېنماۋ خوتەن ۋىلايىتىدىكى كادىر ۋە ئامما



ۋەكىللىرى يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ خەنزۇلار قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. مېنىڭچە، قېرىنداش مىللەتلەر ناھايىتى ياخشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. خەنزۇلارمۇ ناھايىتى ياخشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملارمۇ ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىسى بولۇشى كېرەك. جايلارمۇ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى لازىم. ئارمىيە خەلقنى سۆيسە، خەلق ئارمىيىنى ھىمايە قىلسا، ئارمىيە، خەلق بىردەك ئىتتىپاقلاشسا، كىممۇ ئۇنىڭغا تەڭ تۇرالسۇن؟ . . . . «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا، شۇنىڭدەك تارىختا نۇرغۇن ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار يۈز بەرگەن، ھازىر ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاقلاندى ۋە تۈزىتىلدى، بۇ ياخشى ئىش. ئۈزۈل-كېسىل ئاقلاندىمۇ؟ تۈزىتىلدىمۇ؟ ئەگەر تولۇق ئاقلانمىغان ۋە تۈزىتىلمىگەن بولسا، ئۇلارنى ئاقلاپ ۋە تۈزىتىپ سىياسەتنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بىرلىك سەپ سىياسىتى، زىيالىيلار سىياسىتى، ھەقىقەتكە قايتقانلار سىياسىتىنى ۋە ھەرقايسى جەھەتتىكى سىياسەتلەرنى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. ماۋجۇشى ھايات ۋاقتىدا «ئىتتىپاقلاشقان كىشىلەر كۆپرەك بولسا ياخشىمۇ ياكى ئازراق

بولسا ياخشىمۇ؟ ئىتتىپاقلاشقان كىشىلەر كۆپرەك بولغىنى ياخشى، دېگەن. ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغانلىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. ئىتتىپاقلىشىپ ئالدىغا قاراش، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك».

ۋاڭ ئېنماۋ جايلاردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى توغرىسىدا قايتا-قايتا توختالغان بولسىمۇ، لېكىن جايلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشىمىغان نۇقتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ سۆزلىدى.

4-ئاينىڭ 24-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋاڭ ئېنماۋ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كادىرلار يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھازىر ساقلانغان مەلۇم جەھەتلەردىكى تىنچسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىق ئامىللىرىنى تۈگىتىش كېرەك. شىنجاڭدا، بولۇپمۇ قەشقەردەك ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان قېرىنداش مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايدا تىنچ-ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. شىنجاڭدا، بولۇپمۇ قەشقەر ۋىلايىتىدە مىللەتلەر ئىتتىپاق بولمىسا، پۈتكۈل شىنجاڭ تىنچ-ئىتتىپاق بولالمايدۇ، جەمئىيەت تىنچ بولمىسا، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىگىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئويلاپ باقايلى، 1980-يىل ‹16-سېنتەبىر› دىن تارتىپ، 1981-يىل ‹30-ئۆكتەبىر›، گىچە بەزى ۋەقەلەر يۈز بەردى. شۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بولۇپ كەتتۇق، مىللەتلەر



ئىتتىپاقلىقىغا، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر يەتتى، كىشىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىگە تەسىر يەتسە، قانداقمۇ كۈچنى توپلاپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغىلى بولىدۇ؟ قەشقەردە ‹30-ئۆكتەبىر› ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەخسۇس يىغىن ئېچىپ بۇ ۋەقەگە دائىر تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇردى، نەتىجىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت تىنچ بولغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. يېرىم يىلدىن بۇيان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي تەرتىپ جەھەتتە ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىدى دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلە كۆرۈلدى، ئەمما توغرا بىر تەرەپ قىلىنىپ، ۋەقەگە ئايلىنىپ كەتمىگەچكە، تىنچ-ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتكە تەسىر يەتمىدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولدى، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىمۇ ئوبدان بولدى. مۇشۇنداق بولغاندا، كۈچنى بىر قەدەر مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ‹30-ئۆكتەبىر› ۋەقەسى بىر تەرەپ قىلىنىۋىدى، بەزىلەر ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ نورمال ئەھۋال. بەزىلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ‹30-ئۆكتەبىر› ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشىنى توغرا دەپ قارىدى. بۇ ھەقتە ئوخشىمىغان پىكىرلەر بولسۇن-بولمىسۇن، بۇمۇ ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. ئىشىنىمەنكى، زور كۆپ ساندىكى يولداشلار ‹30-ئۆكتەبىر› ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشنى توغرا بولدى، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ توغرا-خاتالىقىنى يىغىندا تالاش قىلىپ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى لازىم. ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى. ئاپتونوم رايونلۇق

پارتكوم «30-ئۆكتەبىر» ۋەقەسىنى بىرتەرەپ قىلغان يېرىم يىلدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلگىرىلەش بولدى، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى ياخشىلاندى، بۇ، بىرتەرەپ قىلىشنىڭ توغرا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا ئەمدىلا يېرىم يىل بولدى، ئۇنىڭ توغرىلىقى يېرىم يىل بىلەنلا خالاس بولمايدۇ، خۇلاسىنى بەك بالدۇر چىقارمايلى، يەنىمۇ ئۇزاقراق سىناش كېرەك. بۇ يېرىم يىل ۋاقىت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنى ۋە 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە دائىر سۆزلىرىنىڭ روھىنى، مەركەزنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «30-ئۆكتەبىر» ۋەقەسىنى بىرتەرەپ قىلىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. «30-ئۆكتەبىر» ۋەقەسىنىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىنىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى مۇستەھكەملەشتە ئوبدان رول ئوينىدى، بۇ جەھەتتىكى بەزى ياخشى، ئەمەلىيەت سىنىقىدىن ئۆتكەن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تىنچ-ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. ئىرخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى سۆزلىسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. توغرىسىنى ئېيتقاندا بۇ خاتالىق ھېسابلانمايدۇ، خاتانى توغرا دېگىلى بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ سۆزلىشىدىن قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئىدىيىسى بەك قاتمال كىشىلەردىن بولمىسىلا ئەمەلىيەت جەريانىدا توغرىلىقى ئىسپاتلانسا، توغرىنى خاتا دەپ تۇرىۋالمايدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا خىزمەت قىلىشتا، ھەر دەرىجىلىك



پارتكوملار، ھەر مىللەت كادىر ۋە خەلقى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بولۇپمۇ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مەخسىدىمىز، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە خىلاپلىق قىلمىغاندىلا، ھەر مىللەت خەلقى چوقۇم ئىتتىپاق، ئىناق بولىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە مۇخالىپ ئىشنى قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەندە، ھەرگىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكىلى بولمايدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى تامامەن بىردەك. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئېكسپىلاتاتسىيىچى، ئەزگۈچى سىنىپلار يوقالدى، ھەممىيلەن ئەمگەكچى خەلق بولدى، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ مەنپەئىتى بىردەك، زىددىيەت مەۋجۇت ئەمەس، ئىتتىپاقلىشالايدۇ. شۇڭا خەنزۇ كادىرلار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن، خەنزۇ خەلقى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىدىن ئايرىلالمايدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خەنزۇ كادىرلاردىن، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىمۇ خەنزۇ خەلقىدىن ئايرىلالمايدۇ. قىسقىسى، ھەر مىللەت خەلقى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ھەممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىردەك بولۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن

شۇغۇللىنىدۇ. بۆلىنىش ھەممە مىللەتكە پايدىسىز، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» قارشىنى چوقۇم چوڭقۇر تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشسا، تۈپ مەنپەئەتكە يېتەلەيدۇ، مىللەتلەر بۆلۈنسە ئۇلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە زىيان يېتىدۇ.

پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈش كېرەك. كىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بەرسە، شۇ كىشى ھىمايە قىلىنىشى، قوللاشقا ئېرىشىشى، تەرىپلىنىشى كېرەك، كىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزسا، ئۇ قارشىلىققا ئۇچرىشى، تەنقىد قىلىنىشى، چۆرۈۋېتىلىشى لازىم. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ناھايىتى ياخشى، خەنزۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ياخشى ۋە ناھايىتى ياخشى، ئەمما ئايرىم يامان كىشىلەرمۇ بار. قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ياخشى ۋە ناھايىتى ياخشى. بىز نەچچە ئون يىلدىن بېرى بىرلىكتە ئىشلەپ ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسىنىڭ ياخشى ۋە ناھايىتى ياخشىلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. ئايرىم ساندىكى يامان كىشىلەرمۇ بار، ئايرىم كىشىلەر ھامان ئايرىم كىشىلەر، بۇنىڭلىق بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنى يامان دېگىلى بولمايدۇ، بۇ، خەنزۇلار ئىچىدىمۇ ئايرىم ساندىكى يامان كىشىلەر بولغانغا ئوخشاش ئىش. «30-ئۆكتەبىر» ۋەقەسىدە بىر خەنزۇ ياش بىر ئاز سانلىق مىللەت قېرىندىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى، ئۇ، خەنزۇلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئۇ جازالىنىشى كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئايرىم يامان كىشىلەر خەنزۇلارنى ئۇرسا، ئۇمۇ بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، يامان كىشىلەر ھامان ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. «30-ئۆكتەبىر»



ۋەقەسىدە ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار جەسەتنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلدى، خەنزۇلارنى ئۇردى، ئەھۋال تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى. لېكىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ياخشى. ئەمەلىيەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن خەنزۇلارنى قوغدىغانلار، قۇتقازغانلار ناھايىتى كۆپ، ئەگەر ئاز سانلىق مىللەتلەر قوغدىمىغان بولسا، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر، يارىلانغانلار تېخىمۇ كۆپ بولاتتى. ئاز سانلىق مىللەت ياشنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغۇچىنىڭ بارلىق خەنزۇلار بولماستىن، بەلكى خەنزۇلار ئىچىدىكى بىر يامان كىشى ئىكەنلىكىنى چوقۇم ئېنىق ئايرىش كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى خەنزۇلارنى ئۇرغانلارمۇ ئوخشاشلا پۈتكۈل ئاز سانلىق مىللەت بولماستىن، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان كىشىلەر. بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ناھايىتى ياخشى! شىنجاڭدا ئىشلىگىنىمگە 20 نەچچە يىل بولدى، بۇ ھەقتە بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرىم بار. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەمگەكچان، باتۇر، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، ئىنتايىن قىزغىن، جۇڭگو كومپارتىيىسىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئۇلار خەنزۇ قېرىنداشلار بىلەن بىرلىكتە ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنى ئورتاق گۈللەندۈردى ۋە قوغدىدى. ئەگەر ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئايرىم يامان كىشىلەرنىڭ خەنزۇلارنى ئۇرغانلىقى بىلەن پۈتكۈل ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن يامان قاراشتا بولۇش خاتا. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان كىشىلەرنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەش كېرەك، ئۇلار ناھايىتى ياخشى قىلغان، ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ياخشىلار، ئۇلار ياخشى تەقدىرلىنىشى كېرەك. ئۇرۇلغان خەنزۇ يولداشلارنىڭ بەزىسى ئۆلدى، بەزىسى يارىلاندى. بۈگۈن مەن ئۇرۇلغان بىر نەچچە خەنزۇ يولداش

بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن ھال سورىدىم، تاياق يېگەنلىك بىلەن ناتوغرا كەيپىياتتا بولۇشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى تونۇشىنى ئايدىڭلاشتۇردى، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى، خەنزۇلارنى قوغدايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. دېمەك، بىنورمال ھەرىكەت كۆرۈلمىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان كىشىلەرنى قانۇن بويىچە قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بولسا، شۇنداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، خەنزۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئاز ساندىكى يامان كىشىلەرنىمۇ جازالاش كېرەك. چۈنكى، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. شۇنداق بىر تەرەپ قىلغاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ».

ۋاڭ ئېنماۋ بۇ مەسىلىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ، قائىدە چۈشەندۇرۇپ، خىزمەتنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىشلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئايرىم يولداشلار شىنجاڭدا ئىشلىسەك خاتىرجەم بولالمايدىكەنمىز، دەپ قاراشتى. بۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئايرىم يامان كىشىلەر خەنزۇلارنى ئۇرغانلىق بىلەن قارشىلىشىش كەيپىياتىدا بولۇشقا بولمايدۇ، بىر نەچچە يامان ئادەمنىلا كۆرۈپ، سانسىزلىغان ياخشى كىشىلەرنى، قېرىنداش مىللەت خەلق ئاممىسىنى، كادىرلارنى كۆرمىسەك بولمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما ۋە كادىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنسەڭلەرلا، بىخەتەر ھېس قىلىسىلەر، بىخەتەر بولمايدىغان نېمە ئىش بار! بىر نەچچە يامان كىشى ئىش چىقىرالامتى! يامان كىشىلەر ھامان قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، خەنزۇلارلا ئەمەس، ئاز سانلىق



مىللەتلەرمۇ يامان كىشىلەرنى جازالاشنى بىردەك قوللايدۇ. خاتىرجەم ئەمەسمىز دەپ قارايلا خاتىرجەم بولمىساق بولمايدۇ، خاتىرجەم بولماسلىق توغرا ئەمەس. خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭغا كەلگىنىگە ناھايىتى ئۇزاق بولدى، ئۇلار شىنجاڭنى قوغداش، گۈللەندۈرۈش يولىدا نۇرغۇن جاپا چەكتى ۋە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، بۇنداق روھنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيۈپ، شىنجاڭدا يىلتىز تارتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، چېگرا رايوننى ئورتاق قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش كېرەك. سىلەر ئىلگىرى تۆھپە ياراتتىڭلار، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىڭلار كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتى چوقۇم يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ».

ۋاڭ ئېنماۋ يەنە مۇنداق دېدى: «تىنچ-ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىجرا قىلىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشقاندا، چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ئىستراتېگىيە فاڭجېنىغا خىلاپلىق قىلىش چوقۇم مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئىتتىپاقلىشىش دائىرىسى كەڭ بولۇشى كېرەككى، تار بولسا بولمايدۇ. ئىتتىپاقلىشىدىغانلار كۆپ بولۇشى كېرەك، بەك ئاز بولسا بولمايدۇ. ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› داۋامىدا، ئامما ئىككى گۇرۇھقا بۆلىنىپ كەتتى، ئەمدى بىز ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا

قارىشىمىز لازىم. ئەلۋەتتە، ھەق-ناھەقنى، ياخشى-يامانىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك، ئۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ خورىكى تازا ئۆسكەن چاغ، كىشىنى سىنايدىغان چاغ بولدى. مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى كادىرلار ۋە ئامما ناھايىتى ياخشى، ئۇلار لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلدى. لېكىن لىن بياۋ، جياڭ چىڭغا ئەگەشكەنلەرمۇ بولدى. كىمنىڭ لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ ئىشەنچىسىگە، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى بىلەن كىمنىڭ ئۇلارنىڭ زەربە بېرىشى ۋە بوزغۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقىنى ئېنىق ئايرىش لازىم. كىمنىڭ شۇ چاغدا ئىسيان كۆتۈرۈپ ھوقۇق تارتىۋالغانلىقىنى، كىمنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قارشى تۇرغانلىقىنى ئېنىق ئايرىش لازىم؛ كىمنىڭ رەھبىرىي كادىرلارنى ئاغدۇرغانلىقى ۋە ئۇلارنى قىيناپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، كىمنىڭ پېشقەدەم كادىرلارنى قوغدىغانلىقىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك. بۇلار ئېنىق ئايرىلمىسا، ھەق-ناھەقتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش كېرەك. ھەق بىلەن ناھەقنى، ياخشى بىلەن يامانىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ھازىرقى ۋاقىت لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىغان دەۋر ئەمەس، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تار-مار قىلىنغىنىغا 6 يىل بولدى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلگىنىگە 4 يىل، 6-ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈلگىنىگە 2 يىل بولدى، ئەلۋەتتە ھەق بىلەن ناھەقنى، ياخشى بىلەن يامانىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى تارىخىي شارائىتتا،



خاتا گەپ قىلىش، خاتا ئىش قىلىش دائىم كۆرۈلدى؛ ھەرگىز خاتا سۆز ۋە خاتا ئىش قىلماسلىق مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شىنجاڭدا مەن ۋاڭ ئېنماۋنى يوقاتماقچى بولغانلار بولدىمۇ؟ كارى چاغلىقمۇ! . ئەشۇ تارىخىي شارائىتتا، يوقىتىمەن دېمىسە بولمىسا. ئۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مېنى تەنقىد قىلغانلار كۆپ بولدى، ئۇنىڭغىمۇ مەيلى، ئۇلار «ئۇچ خىل كىشى» بولمىسىلا، ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. «ئۇچ خىل كىشى»لەر لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ تايانچىلىرى؛ نىيىتى يامان، ئىسيان كۆتۈرۈپ ھوقۇق تارتىۋېلىشقا تايىنىپ باش كۆتەرگەنلەر، باشقىلارنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا باش كۆتەرگەنلەر؛ ئىزچىل تۈردە ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغانلار. بۇنداقلار ناھايىتى ئاز، كېڭەيتىۋەتمەسلىك كېرەك. باشقىلار بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئىتتىپاقلىشىش كېرەك، ئىتتىپاقلىشىپ ئالدىغا قاراپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك. ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات، زور كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. لېكىن «ئۇچ خىل كىشى» لەرنىڭ كادىرلار قوشۇنىدا تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، بۇنى مەركەز كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 17-نومۇرلۇق ھۆججەتنى تارقاتتى، جايلار ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئىجرا قىلىشى كېرەك. توغرا بىلەن خاتانى ئېنىق ئايرىش كېرەك، ھەق-ناھەق ئايرىلغاندىن كېيىن ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۇنداق ياكى مۇنداق خاتالىقلارنى سادىر قىلىشتىن، خاتا سۆزلەپ قويۇش ياكى خاتا شوئار توۋلاپ قويۇشتىن ساقلىنىش ناھايىتى تەس ئىدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئىدىيەدە

ئازاد بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، خاتالىقلارنى تۈزىتىش، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، كۈچنى يىغىپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، جۇملىدىن بىرلىك سەپ سىياسىتىنى، ھەقىقەتكە قايتاتقانلارغا قارىتىلغان سىياسەتلەرنى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى جەھەتتىكى سىياسەتلەرنى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلساقلا، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سالالايمىز، پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا خىزمەت قىلالايمىز. ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان كىشىلەرنى چەتكە قاقماي، قوزغاشقا بولىدىغان ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغاپ، ئاكتىپ ئامىللارنى پاسسىپ ئامىل قىلىۋەتمەسلىك كېرەك. بىز كۆپچىلىك ئىتتىپاقلىشىپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانساقلا ئىشلىرىمىز چوقۇم ئۇتۇقلۇق بولىدۇ».

ۋاڭ ئېنماۋ 4-ئاينىڭ 25-كۈنى چۈشتىن كېيىن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى كادىرلار يىغىنىدا سۆز قىلدى. 4-ئاينىڭ 27-كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى كادىرلار (شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيىنىڭ يىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك، يېزا ئىگىلىك 1-دېۋىزىيىسىنىڭ يىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك، ۋىلايەتنىڭ باشقارمىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى بولۇپ جەمئىي 1200 دىن كۆپ كىشى قاتناشتى) يىغىنىدا سۆز قىلدى، شۇنىڭدەك ناھىيىلەرنىڭ كادىرلار يىغىنىدا سۆز قىلىپ، ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىنى تەكىتلىدى، مىللەتلەر



ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسىنى چوڭقۇر، ئېنىق بايان قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىسىنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى قىلدى. بۇنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولدى. ئۇ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كادىرلار يىغىنىدىكى سۆزىدە مۇنداق ئىككى نۇقتىنى تەكىتلىدى: مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش، مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، ئاچقۇچ ئاممىدا ئەمەس بەلكى رەھبەرلىكتە؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ۋەقە يۈز بەرسە قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش فاڭجېنىنى قوللىنىش كېرەك، ھەدېسىلا ھەربىي، قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىش فاڭجېنىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ، زۆرۈر بولمىسىلا بۇ فاڭجېنىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. مەسىلە كۆرۈلسە بىقارارلىق قىلماي، ۋاقتىدا ھەل قىلىش كېرەك. ئەستايىدىللىق بىلەن ۋاقتىدا ھەل قىلمىغاندا، يوق يەردىن پۇتاق چىقىدۇ، كىچىك ئىشلار چوڭىيىدۇ. ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنسا، چاتاق بولسىمۇ ئۇنى يوق قىلغىلى بولىدۇ، چوڭ ۋەقەلەرنى كىچىكلەتكىلى بولىدۇ.

ۋاڭ ئېنماۋ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا قىلغان سەپىرىدە، بارغانلا يېرىدە مىللەتلەر خىزمىتى ئىشلىدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى چوڭ يىغىنلاردىلا ئەمەس، كىچىك يىغىنلاردىمۇ، ھەتتا ئايرىم خىزمەت ئىشلىگەندىمۇ تەكىتلىدى. خەنزۇلارغىلا تەكىتلەپ قالماي، ئاز سانلىق مىللەتلەرگىمۇ تەكىتلىدى؛ كادىرلارغىلا ئەمەس، ئاممىغىمۇ تەكىتلىدى؛ ئورگانلار، قىسىملار، زاۋۇت-كانلار، يېزىلار، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە مەكتەپلەردىمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلەپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

4-ئاينىڭ 23-كۈنى ۋاڭ ئېنماۋ قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، سېخلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، زاۋۇت باشلىقى تەن چىفەن، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ياۋ ۋېنجۇنلەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، زاۋۇتتىكى كادىرلارغا سۆز قىلدى؛ قەشقەر شەھىرى دۆڭخاڭخۇڭ گۈڭشې 5-دادۈيدە گۈڭشې ئەزاسى نىياز پالتا، قادىر مامۇت، ئابدۇرېھىم مامۇت، توختى ئىمىنلارنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىپ، نۇرغۇن ئەھۋاللارنى سورۇشتە قىلدى؛ قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا، سىنىپ ۋە ئوقۇغۇچى ياتاقلىرىغا كىرىپ كۆردى، پروفېسسور، لېكتور، كافېدىرا مۇدىرى، باشقارما باشلىقى ۋە مەكتەپ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. ۋاڭ ئېنماۋ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى سورىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا سۆز قىلدى؛ «30-ئۆكتەبىر» ۋەقەسىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغىمۇ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى؛ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مىللىي، دىنىي ساھە ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا سۆز قىلدى.

«30-ئۆكتەبىر» ۋەقەسىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومغا ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ كەلگەندە، ئۇلار ھەقىقەتەن قاتتىق ئاچچىق بىلەن كەلگەنىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ چىشى تۆكۈۋېتىلگەن، بەزىلىرىنىڭ پۇتى سۇنغان، يەنە بەزىلىرىنىڭ بېشى يېرىلغان بولۇپ، تېخى ساقايمىغانىدى. خىزمەتچىلەر بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى تونۇۋالماي ئۇچىنى ۋاڭ ئېنماۋدىن ئېلىشىدىن ئەنسىرىدى. بۇنىڭغا قارىتا ۋاڭ ئېنماۋ: «ھېچقىسى يوق، ئۇلار بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈپ، پىكىرىنى ئاڭلاي» دەپ، ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول



ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىن ئىبارەت ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا خىزمەت ئىشلەۋاتقىنىغا 30 نەچچە يىل بولدى، ئاز سانلىق مىللەت يولداشلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتۇق، بىز مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ناھايىتى ياخشىلىقىنى ئوبدان چۈشىنىمىز. ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› نىڭ ئېغىر سىنىقىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسىنىڭ ناھايىتى ياخشىلىقى ئىسپاتلاندى. قەشقەردىكى ‹30-ئۆكتەبىر› ۋەقەسى پەقەت مىللەتلەر ئىچىدىكى ئاز ساندىكى يامان كىشىلەر، ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇنسۇرلارنىڭ قىلغان ئىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئىنتايىن ئايرىم يامان كىشىلەر، ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارنىڭ قانلىق ۋەقە توغدۇرۇشى بىلەن، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ياخشى دېگەن قاراشتىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ.

پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى نەچچە ئون يىللىق تەجرىبىلىرى شۇنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە كادىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ناھايىتى ياخشى، يامان كىشى ۋە ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلار ئىنتايىن ئاز سانلىق، پارتىيىمىز ھەر قانداق ۋاقىتتا بۇ ئاساسىي تونۇشتىن ۋە ئاساسىي قاراشتىن تەۋرەنمەيدۇ. بۇ ئاساسىي تونۇش ۋە ئاساسىي قاراشتىن تەۋرىنىش، مەيلى قايسى ۋاقىتتا بولسۇن ئوخشاشلا خاتا، ئەمەلىيەتكىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شىنجاڭ ئازاد بولۇپ 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، دېموكراتىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۆتنى

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئېرىشكەن غەلىبىلەرنىڭ ھەممىسى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قەتئىي ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئورتاق كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا قولغا كەلگەن.

پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش لازىم، بۇ، بىزنىڭ ھەرقايسى خىزمەتلەردە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنىڭ كاپالىتى، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى، تۈپ مەنپەئىتى. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىشلىرىمىزدا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. ھازىر تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز، مەركەز بىر قولدا ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى، يەنە بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تۇتۇش شىنجاڭدا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىكى ئەڭ چوڭ ئىش. بىز مەركىزىي كومىتېتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئومۇمەن، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەنلەرنىڭ ھەرىكىتى توغرا، ئۇلارنى قوللىشىمىز، تەقدىرلىشىمىز كېرەك؛ ئومۇمەن، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە زىيان كەلتۈرگەنلەر ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنىڭ ھەرىكىتى خاتا، قانۇنغا



خىلاپ، بىز ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلىدە سىلەر توغرا قىلدىڭلار، تۆھپە ياراتتىڭلار، سىلەرنى تەقدىرلەيمىز. سىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ، قەشقەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، قەشقەرنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، قەشقەرنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن»......

ۋاڭ ئېنماۋ سۆزىدە ھەم قائىدە چۈشەندۈردى ھەم ھەق-ناھەقنى ئايرىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ ئاچچىقى يېنىپ، پېشقەدەم شۇجىنىڭ ئۆزلىرىگە چۈشەندۈرۈش بەرگىنىگە رەھمەت ئېيتتى. ۋاڭ ئېنماۋ قەشقەردىكى مىللەت، دىن ساھەسىدىكى ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇلاردىن ئۇيغۇر تىلىدا ھال سورىغاندا، سورۇننىڭ كەيپىياتى دەرھال جانلىنىپ كەتتى. ۋاڭ ئېنماۋ ناھايىتى كىچىك پېئىللىق بىلەن مۇنداق دېدى: «كۆپچىلىككە مەلۇم، مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا 20 نەچچە يىل ئىشلىگەنىدىم، 1949-يىل 11-ئاينىڭ ئاخىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەندە، ئالدى بىلەن قەشقەرگە كەلدىم، قەشقەردە ئىككى يىلدىن كۆپرەك ئىشلەپ، 1952-يىل 7-ئايلاردا ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدىم. ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› دىن كېيىن شىنجاڭدىن ئايرىلغانىدىم، قەشقەرگە كەلمىگىنىمگە 10 نەچچە يىل بولدى. بۈگۈن كۆرۈشكەن يولداشلار ۋە دوستلارنىڭ ھەممىسى پېشقەدەم يولداشلار، قەدىناس دوستلار بولىدۇ. ھازىر سىلەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىلەردىن ھال سورايمەن، تېنىڭلارغا سالامەتلىك، خىزمىتىڭلارغا ئۇتۇق تىلەيمەن.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتتى. ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلىشتا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە سودا-سانائەت ساھەسى، دىن ساھەسىدىكى زاتلار، باشقا ساھەلەردىكى دېموكراتىك زاتلار ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ تۆھپە ياراتتى، سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بۇ بىر چوڭ ئىش. ئىلگىرى، سىلەر تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا خىزمەت ئىشلىدىڭلار ۋە رول ئوينىدىڭلار، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خىزمەت ئىشلىشىڭلار ۋە رول ئوينىشىڭلار كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك، ھەر مىللەت خەلقىمۇ ناھايىتى ئوبدان ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك. دىن ساھەسىدىكى زاتلار ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى كۆپرەك ئىشلىشىڭلار لازىم. ئىتتىپاقلىق خىزمىتى ئىشلىگەنلەر ۋە ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بەرگەنلەرنى بىز قوللايمىز، ئالقىشلايمىز. ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى تەنقىد قىلىش ۋە ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىش كېرەك.

خەنزۇ پەن-تېخنىكا كادىرلىرى ۋە باشقا كادىرلار قېرىنداش مىللەتلەر



بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاپ، قەشقەردە خاتىرجەم ئىشلەپ، قەشقەرنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى يۇرتى قىلىشى، قەشقەرنى قىزغىن سۆيۈشى، قەشقەردە يىلتىز تارتىشى، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈشى، شۇنىڭدەك قەشقەر ۋىلايىتىدە گەۋدىلىك تۆھپە يارىتىشى لازىم.

پارتىيىمىز، دۆلىتىمىز، خەلقىمىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقانلارنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنۇتمايدۇ، سىلەر ئىلگىرى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشتۇڭلار، پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلق سىلەرنى ئۇنتۇغىنى يوق. سىلەر ھازىرمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇۋاتىسىلەر، پارتىيە، دۆلەت، خەلقىمۇ سىلەرنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق، سىلەر پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلق بىلەن تەقدىرداش بولدۇڭلار».

ۋاڭ ئېنماۋنىڭ بۇ سۆزلىرى يىغىنغا قاتناشقان ئاز سانلىق مىللەت دىنىي ساھە ۋەكىللىرىنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى. ئۇلار ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ھەربىر سۆزىگە باش لىڭشىتىپ قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا كۆپرەك تۆھپە قوشۇپ، شۇجى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

4-ئاينىڭ 10-كۈنى ۋاڭ ئېنماۋ چەرچەن ناھىيىسى توغراقلىق گۇڭشې چيەنجىن دادۇي 3-ئەترىتىدە گۇڭشې ئەزاسى مۇھەممەت نۇجۇپ، يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى ئاسىياخان نىياز، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ئەلىلارنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدى. چوڭ كۆل گۇڭشېسىدا ئېھاتە ئورمان بەلۋېغىنى كۆزدىن كەچۈردى؛ ئارال

گۇڭشېيىدا گۇڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى روزى سىدىق، باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى تۇردى موللا، مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇكېرىملەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى سورىدى. ئۇ ئەزالارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چەرچەن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئۇ خەنزۇ كادىرلارنىڭ بۇ جايغا كېلىپ ئىشلەشنى خالىمايدىغانلىقى، كەلگەندىمۇ خاتىرجەم بولالماي كېتىشنى ئويلايدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھەمسۇرۇن بولغان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خەنزۇ مۇئاۋىن شۇجىسىدىن: «بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن خاتىرجەم بولالمايسىلەر؟» دەپ سورىدى. بۇ مۇئاۋىن شۇجى: «يۇرتۇمدا ئانام بار، مەن يالغۇز ئوغۇل، يۇرتۇمغا خىزمىتىمنى يۆتكەپ كېتىش ھەققىدە ئىلتىماس يازدىم» دەپ جاۋاب بەردى. ۋاڭ ئېنماۋ كۈلۈپ تۇرۇپ: «چەرچەن-ياخشى جاي، زېمىنى كەڭ بولۇپ، 130 نەچچە مـ كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ كۆلىمىدىنمۇ چوڭ، چەرچەن ناھىيىسىدە يەتتە دەريا ئېقىنى بار، ئەڭ چوڭ دەريا - چەرچەن دەرياسى، بۇنىڭغا باشقا ئىككى دەريانى قوشقاندا سۇ مىقدارى بىر مىليارد 125 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، بۇ سۇدىن پايدىلىنىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرساق نەقەدەر ياخشى! چەرچەن ناھىيىسىدە سۇ بايلىقى مول بولۇپلا قالماستىن، كان زاپىسىمۇ مول. ئالتۇن، قاشتېشى، تاشپاختا، مىس، تۆمۈر، نېفىت، شۇنىڭدەك كەم ئۇچرايدىغان رەڭلىك مېتاللارمۇ ناھايىتى كۆپ. بۇنداق ياخشى يەردىن كېتىشكە قىيامسىز؟ .... ئانىڭىزنى بۇ يەرگە ئەكىلىۋالسىڭىز بولامدۇ؟ .... مېنىڭ ئاتاممۇ كونا قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەترىتىنىڭ



باشلىقى ئىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە كېسەلچان بولغاچقا، شىنجاڭدا ئۆلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، يۇرتىمىز جياڭشىگە كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالغانىدى، مەن ئۇنىڭغا: قەيەرنىڭ تۇپرىقىغا ئادەم دەپنە قىلىشقا بولمايدۇ؟ قەيەردە بولسا ئوخشاش، ناۋادا بۇ يەردە ئۆلۈپ كەتسىڭىز تەگرىتېغىنىڭ ئېتىكىگە دەپنە قىلساقمۇ ئوخشاشقۇ. كېيىنكى كۈنلەردە مەنمۇ ۋاپات بولغاندا، ئوخشاشلا تەگرىتېغىنىڭ ئېتىكىدە يېنىڭىزدا ياتىمەن، دېدىم. دادام بۇ سۆزلىرىمدىن تەسىرلىنىپ قايىل بولدى ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەگرىتېغىنىڭ ئېتىكىگە دەپنە قىلىشىمىزغا قوشۇلدى». ۋاڭ ئېنماۋنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خەنزۇ مۇئاۋىن شۇجىسى چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، يۇرتىغا كېتىشنى تەلەپ قىلماي، شىنجاڭدا ئۆمۈر بويى ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## چېگرا رايوننى قىزغىن سۆيۈش، چېگرا رايونغا يىلتىز تارتىش، چېگرا رايوننى قوغداش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش

ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا قىلغان سەپىرىدە، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى ئورۇنلاشقان جايلارنى قويماي ئارىلىدى. مېنىڭ زىيارەت خاتىرەمدە ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى سەپىرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەنىدى. جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپەردە ئۇ 29 - ، 34 - ، 36 - ، 1-تۈەن، مەيدانلار ۋە يېزا ئىگىلىك 1-دىۋىزىيىسى شتابىنى

تۇرۇشلۇق جايلارغا ئالاھىدە بېرىپ، لىيەندۇيلەردىكى ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن سەمىمىي سىرداشتى، ئۇلارنىڭ ھال ئەھۋالىنى سورۇشتە قىلدى.

مەن ئۇرغۇن ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زەيكەش يەرلەرگە سېلىنغان ناھايىتى نەم ئۆيلەردە ئولتۇراتتى، ئەتراپ بىپايان زەيكەشلىك ئىدى. ئاز ساندىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيى گەمە ئىدى؛ ياشانغانلار ئاغرىقچان بولۇپ داۋالىنىشقا قولى قىسقا ئىدى. 4-ئاينىڭ 8-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ۋاڭ ئېنماۋ 36-تۇەنگە كېلىپ، ئورمان بەلۋېغى، ئېتىزلىقلار، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى كۆردى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلىلىرىنى ئارىلىدى. بەزىلەر تۇرۇۋاتقان جاينىڭ تولىمۇ جاپالىق ئىكەنلىكىنى، يۇرتىغا قايتىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئىنكاس قىلغاندا، ۋاڭ ئېنماۋ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەپ مۇنداق دېدى: «ئىچكىرىدە ئادەم بەك كۆپ، قايتىپ كەتمەڭلار، بۇ جاينىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ناھايىتى زور، يەنە بىر سۇ ئامبىرى ياسىغاندا، 120 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ چوڭ توما، غول ئۆستەڭ ۋە ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىمۇ ياسىساق، تۇرمۇشۇڭلار بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ». ئۇ يەنە تۇەن، مەيداننىڭ لىيەندىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «يولداشلارنىڭ مىرەندە ئىشلەۋاتقىنىغا 17 يىل بولدى، بۇ 17 يىل سىلەر جاپالىق ئىگىلىك تىكلەپ، جاپالىق كۈرەش قىلغان 17 يىل. ئىلگىرى



مىرەندە ئادەم ناھايىتى ئاز ئىدى، 50 نەچچە ئائىلە، 3000 مو يەر بار ئىدى، 17 يىل جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش، جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ھازىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى، 31 مىليون مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يەر ئېچىلدى، تاشپاختا كانى قۇرۇلدى، بۇلتۇر يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا 23 مىليون يۈەندىن كۆپ بولۇپتۇ. كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپسىلەر، بۇ يىلىلا 600 مو يەرگە 250 نەچچە مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىپسىلەر، بۇنىڭغا نەچچە يىللاردا تىككەن كۆچەتلەرنى قوشقاندا، 7-6 يۈز مىڭ تۈپكە يېتىدىكەن. چارۋىچىلىقنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپسىلەر، 50 نەچچە مىڭ تۇياق قويۇڭلار بار ئىكەن، نەتىجە چوڭ ئىكەن».

ۋاڭ ئېنماۋ يەنە مۇنداق دېدى: «بۇ يەر چارقىلىق ناھىيىسىگە يىراق، كورلا، ئۈرۈمچىگە تېخىمۇ يىراق، بۇ يەرگە كېلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىكەن، سىلەر بىلەن بىر كۆرۈشەي دەپ كەلدىم، سىلەرگە سالام بەرگىلى كەلدىم. بۇ جاي تولىمۇ مۇھىم. مىرەننى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ، گەرچە بۇ يەردە ئارانلا 8000 دىن كۆپرەك ئادەم، 31 مىليون مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يەر، بىر كان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جاي زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئارقا سەپ. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى زومىگەرلىرى دۆلىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلغۇدەك بولسا، بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ جاي يىمىرىلمەس پولات قورغان، بىخەتەر ياخشى ئارقا سەپ. بۇ جاينىڭ جەنۇبى ئالتۇن تاغقا، شەرقى ماڭيا، چىڭخەي، غەربى چەرچەن، شىمالى كورلا بىلەن تۇتىشىدۇ، ھازىر تىنچلىق دەۋرى، لېكىن ئۇرۇش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ قويۇش كېرەك، ئالدىن تەييارلىق بولسا ئاپەتتىن

ساقلانغىلى بولىدۇ. نۇرغۇن يولداشلار ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇرۇش بولۇپ قالسا، تەييارلىقلا بولسا ئاپەتتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇ جاي ئىنتايىن مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك ئارقا سەپ، تەرەققىيات ئىستىقبالى ناھايىتى زور. چۈنكى بۇ يەردە مىرەن دەرياسى بار، باش غول ئۆستەڭ، ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە سۇ ئامبارلىرى ياسالسا، 31 مىليون مودىنمۇ كۆپرەك يەر ئاچالايمىز، تېرىلغۇ يەرنى كېڭەيتىپ، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاشلىق، پاختا ۋە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىرەننى سوتسىيالىستىك گۈللەنگەن، ئاۋات جايغا ئايلاندۇرالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نۆۋەت مەن سىلەرنى چوقۇم يوقلاپ ئۆتمەكچى بولدۇم، بۇ مۇنبەت گۈزەل زېمىننى كۆرۈپ كەتمەكچى بولدۇم. سىلەرنىڭ بۇ يەردە خاتىرجەم بولۇشۇڭلارنى سورايمەن، چۈنكى بۇ جاي سىلەرنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇڭلار. شىنجاڭدا يولداشلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭلىق، ئۈرۈمچىلىك، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە مىرەنلىك بولىدۇ.

36-تۈەندىكى ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئەسلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1-دالا قىسمى 1-يۈەنلىش ئارمىيىسى 2-جۈن 6-شىسىدىن بولۇپ، نۇرغۇن پېشقەدەم يولداشلار ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەن. تىنچ قۇرۇلۇش دەۋرىدە، مىرەندىن ئىبارەت بۇ جاپالىق جايدا يەنە ناھايىتى كۆپ جاپا چېكىپ خىزمەت كۆرسەتتىڭلار. مەنمۇ بۇ يەردىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلغان، شىنجاڭدا قولغا كەتمەن ئېلىپ دېھقانچىلىق قىلغان، شۇنداق تۇرۇقلۇق، يولداشلارنى يوقلاپ كەلمىسەم بولمايدۇ. مەن



يولداشلارنى ئۇنتۇپ قالالمايمەن!

نۇرغۇن پېشقەدەم يولداشلار ئازادلىق ئۇرۇشى مەملىكەت بويىچە غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتى، قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، ھەمكارلىق كوپېراتىپى، خەلق گوڭشېسى قۇرۇش، شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ئۇلار بىلەن چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتتى. مەنمۇ شىنجاڭدا 20 نەچچە يىل ئىشلىدىم، كېيىن لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زەربە بېرىشى، زىيانكەشلىك قىلىشىغا ئۇچرىدىم، بۇنداق بولغانلار مەنلا ئەمەس، ئۇلار نۇرغۇن كىشىگە زەربە بەردى، پۈتۈن مەملىكەتتە ئوخشاش. نۇرغۇن پېشقەدەم يولداشلار ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى يولداشلار، ئۇلار پارتىيىگە، خەلققە سادىق. شىنجاڭدىن ئايرىلغىنىمغا 10 نەچچە يىل بولغانىدى، ئۆتكەن يىل پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئىشلىشىمنى قارار قىلدى، شۇڭا 36-تۈەنگە كېلىشكە نىيەت قىلىپ سىلەرنى يوقلاپ كەلدىم، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىلەردىن ھال سورايمەن. سىلەرنىڭ داۋاملىق تىرىشىپ، مىرەننى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشۈڭلارنى ۋە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!».

ۋاڭ ئېنماۋنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتلىق سۆزلىرى ھەممە كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى، گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، نۇرغۇن پېشقەدەم يولداشلار كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى. يىغىن تارقىغاندىن كېيىن، پېشقەدەم يولداشلار ۋاڭ ئېنماۋنى ئورىۋېلىپ، بىر ئائىلە

كىشىلىرىدەك ھال-مۇڭ ئېيتىشتى.

ۋاڭ ئېنماۋنىڭ 4-ئاينىڭ 17-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن يېزا ئىگىلىك 3-شىسى 47-تۇەنى (كۇئېنلۇن دېھقانچىلىق مەيدانى) كادىرلار يىغىنىدا قىلغان سۆزىمۇ كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى. شۇ كۈنى بىز يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ 47-تۇەن كادىرلىرىنى خوتەنگە چاقىرتىپ قوبۇل قىلىشىنى تەكلىپ قىلدۇق، ۋاڭ ئېنماۋ: «ئۇلارنىڭ شارائىتى بەك جاپالىق، خوتەنگە كېلىشىمۇ ئاسان ئەمەس، بىزدە پىكاپ بولغاندىكىن بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتىلا بارىمىز» دېدى. دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەندىن كېيىن، ۋاڭ ئېنماۋ 1947-يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش خىزمەتچىسى شاۋ ۋېنبىڭنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ۋە تۇرمۇش، كىرىم ئەھۋاللىرىنى سورىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ئىككى ئائىلىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ھال-مۇڭ ئېيتىشتى. تۇەن، مەيدان كادىرلار يىغىنىدا ۋاڭ ئېنماۋ مۇنداق دېدى: «سىلەر ئۇزاق مۇددەت ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا قاتناشتىڭلار، بەزىلىرىڭلار پېشقەدەم 8-ئارمىيە جەڭچىسى، بەزىلىرىڭلار پېشقەدەم يېڭى 4-ئارمىيە جەڭچىسى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ 8 يىل جەڭ قىلغان، بەزىلىرىڭلار ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان پېشقەدەم ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى. بەزىلەر ئازادلىق ئۇرۇشىدىن باشلاپ غەربىي جەنۇبىي سەنشى ئۇرۇشىغا قاتناشقان، كېيىن خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يەنئەننى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى قوغداپ چىڭخۇادىن باشلانغان ئۈچ قېتىملىق جەڭنىڭ ھەممىسىدە غەلىبە قىلغان. شەنشىدىن گەنسۇ، نىڭشا، چىڭخەي، شىنجاڭغىچە بولغان جايلاردىكى



ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقان، شىنجاڭغا كەلگىچىمۇ ناھايىتى كۆپ جاپا چەككەن. ئۇ چاغدا، تاۋ سىيۆنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇنى ئىچىدىكى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، قوشۇنىمىز قومۇلغا يېتىپ كەلگەندە توپىلاڭ كۆتەردى، پىچان، بۈگۈر، كۇچالارغا كەلگەندىمۇ گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى توپىلاڭ كۆتىرىپ، ئوت قويۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ تىنچ ھەقىقەتكە قايتىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، قاتنىشى قولايسىز بولسىمۇ، قىسىملار شىنجاڭغا تېزدىن كېلىپ تىنچ ھەقىقەتكە قايتىش مېۋىسىنى مۇستەھكەملىشى زۆرۈر ئىدى. 15-تۇەن كۇچاغا كىرىشى كېرەك ئىدى. سىلەر تۇرغان تۇەننىڭ ۋەزىپىسى-خوتەنگە كىرىپ، خوتەندىكى تىنچ ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىپ، خوتەن خەلقىنى كۆيدۈرۈلۈش، ئۆلتۈرۈلۈش، بۇلاڭ-تالاڭدىن خالىي قىلىش ئىدى. ئاقسۇ ئارقىلىق يەكەن، قاغىلىقلاردىن ئۆتۈپ خوتەنگە كېلىشتە يول بەك يىراق بولغاچقا، كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللار كۆرۈلۈشى، ھەتتا قۇراللىق توپىلاڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. مەن گوپېڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تۈز يول بىلەن مېڭىشنى قارار قىلدۇق. 2-جۇننىڭ 5-دېۋىزىيە 15-تۇەنى ئىنسان ئاياغ باسمىغان تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتتى، بۇ، يەنە بىر قېتىم 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەر قىلغان بىلەن ئوخشاش ئىدى، قىسىم بۇ جەرياندا قارلىق تاغلار ۋە يايلاقلارنى بېسىپ ئۆتكەندىكىدەك جاپا چېكىپ، خوتەندىكى تىنچ ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ غەلىبىسىنى قوغدىدى.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چىگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش باشلىنىپلا، ئويلىمىغان نۇرغۇن قىيىنچىلىق كۆرۈلدى. سىلەر بىر تەرەپتىن كۈرەش قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ،

جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، كۆئېنلۈن دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇردۇڭلار. شىنجاڭغا كەلگەن چاغدىكى ياش ئەزىمەت، سىلەرنىڭ پېشقەدەم لىۋ مەيدان باشلىقىڭلار ھازىر 69 ياشقا كىردى، ئەينى چاغدا ئۇ 36 ياشتا ئىدى. ئۇ چاغدا 36 ياشتىكىلەر قىران مەزگىلىدىكىلەر ھېسابلىناتتى، ھازىر 69 ياشقا كىرىپ، ئاقساقال (بوۋاي) بولدى، پەرزەنتلىك بولۇپ، 2 -، 3-ئەۋلادلىرىمۇ بار بولدى، كېيىن 4 -، 5-ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمۇ بار بولىدۇ، دېمەك سىلەر شىنجاڭلىق، خوتەنلىك، كۆئېنلۈنلۇق بولۇپ كېتىۋېرىسىلەر!

سىلەر تۆھپە ياراتتىڭلار، پارتىيە ۋە خەلق تۆھپەڭلارنى ئۇنۇتمايدۇ، تۆھپەڭلار مەڭگۇ ئۇنتۇلمايدۇ، ئەۋلادلار تۆھپەڭلارنى ئۇنۇتمايدۇ! لېكىن مەغرورلانماسلىقىڭلار لازىم. تېخىمۇ كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۇچۇن ياراتقان تۆھپەڭلارنىڭ يەنىلا يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى، يېڭى تۆھپە يارىتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىشىڭلار كېرەك. شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى تۆھپە يارىتىشىڭلار كېرەك. سىلەرنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا خاتىرجەم بولۇپ، مەۋقەنى دېھقانچىلىق مەيدانىغا قويۇپ، پۈتۈن جۇڭگوغا ۋە پۈتۈن دۇنياغا نەزەر سېلىپ، دېھقانچىلىق مەيدانىنى تېخىمۇ گۈللەندۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى نۇرغۇن شارائىتلىرى ياخشى. يەر كۆپ، ھاۋا كېلىماتى ياخشى، قىروسىز مەزگىل بىرقەدەر ئۇزاق بولۇپ، كۆپ خىل ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى، قوغۇن، كېۋەز قاتارلىقلارنى تېرىشقا تازا باپ كېلىدۇ. پايدىسىز شارائىت شۇكى، سۇ ئاز، قۇم، بوران كۆپ. ھازىرغا قەدەر 30 نەچچە يىل بولدى، بۇ جەرياندا دېھقانچىلىق مەيدانى ئاران ئۈچ يىل زىيان تارتمىدى. ھازىر



دېھقانچىلىق مەيدانىدا 4000 دىن كۆپرەك ئادەم بار، ھەر بىر ئادەم چارە-ئاماللارنى تېپىپ، تەجرىبىلەرنى ئوبدان يەكۈنلەپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەك. سىلەرنىڭ مېۋىلىك دەرەخ، ئوت-چۆپلەرنى كۆپرەك ئۆستۈرۈشۈڭلارنى، ئوت-چۆپ بىلەن زىرائەتنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىپ چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشۇڭلارنى تەكلىپ قىلىمەن. قوشۇمچە پىششىقلاپ ئىشلەشنى يولغا قويۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىپ، تۇرمۇشنى ياخشىلاشقىمۇ بولىدۇ».

4-ئاينىڭ 26-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ۋاڭ ئېنماۋ يېزا ئىگىلىك 2-دېۋىزىيىسىنىڭ 1-تۇەنىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، شاڭخەيدىن چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشكە كەلگەن ياشلارنىڭ ئەھۋالىنى ئالاھىدە سورىدى. ۋاڭ ئېنماۋ نۇرغۇن ياشنىڭ شاڭخەيگە قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، تۇەن، مەيداننىڭ ئۇلارغا بولغان خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى، ئۇلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشنى، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلدى. تۇەن، مەيدان كادىرلىرى ۋاڭ ئېنماۋغا: «ۋاڭ شۇجى، بىزنى كۆپرەك تەنقىد قىلىڭ» دېگەندە، ۋاڭ ئېنماۋ كۈلۈپ تۇرۇپ: «سىلەر جاپا چەكتىڭلار، پارتىيە، خەلق ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلدىڭلار، پارتىيە ۋە خەلق سىلەرنى ئۇنۇتمايدۇ، سىلەرنىڭ چېگرا رايوننى قىزغىن سۆيۈشۈڭلارنى، چېگرا رايونغا يىلتىز تارتىشىڭلارنى، چېگرا رايوننى قوغدىشىڭلارنى ۋە چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن».

ۋاڭ ئېنماۋ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، جەڭچىلەرنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ

ئورۇن، كۆرپىلىرىنى، تامىقىنىڭ قانداقلىقىنى، مەشىق ئەھۋالىنى، شان-شەرەپ ئىشخانىسىغا قويۇلغان تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا دائىر ماتېرىيال ۋە سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. 4-ئاينىڭ 29-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ كۇچا ناھىيىسىدىكى كادىرلار ۋە 4-دېۋىزىيىنىڭ يىڭ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارغا ئېچىلغان يىغىندىكى سۆزى كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ئىلگىرى 4-دېۋىزىيىدىكىلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت بىللە كۈرەش قىلغان، شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنمۇ 4-دېۋىزىيىدىكى يولداشلار بىلەن بىرگە ئىشلىدىم. ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا، يولداشلارچە، سەبداشلارچە، قېرىنداشلارچە چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتتىم». ۋاڭ ئېنماۋ 4-دېۋىزىيىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك شانلىق ئىنقىلابىي كۈرەش مۇساپىسىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «4-دېۋىزىيە-ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي تارىخقا ئىگە قىسىم، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي تارىخ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش تارىخىدا، بولۇپمۇ ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› داۋامىدا، 4-دېۋىزىيىنىڭ ھەر خىل سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقى، پارتىيىگە، خەلققە، سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە سادىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇھىم خىزمەت نۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۆتكەلدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش ۋە ئىنقىلابىيلىشىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. 4-دېۋىزىيە - ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشتىكى زاپاس قوشۇنى، شۇنداقلا ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ ئاساسىي زەربىدار



قوشۇنى. شۇڭا ئۇ مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىش، ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىشتا ھازىرلىق كۆرۈشى، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى زومىگەرلىرى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرسە، قاتتىق زەربە بېرىشى كېرەك».

ۋاڭ ئېنماۋ 4-دېۋىزىيىدىن پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنى ئارمىيە، خەلق ئىتتىپاقلىشىپ زومىگەرلىككە ئورتاق قارشى تۇرىدىغان مۇستەھكەم قورغانغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەشىقنى ياخشى قىلغاندىلا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەندىلا، شىنجاڭدىكى 13 مىليوندىن كۆپرەك ئادەم ئىتتىپاقلاشقاندىلا زومىگەرلىككە قارشى مۇستەھكەم قورغان بولالايدۇ، ھەر قانداق دۈشمەن بىزدىن غالىب كېلەلمەيدۇ. 4-دېۋىزىيە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قىزغىن سۆيىدۇ، ھازىر ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق، ھەر قايسى مىللەتلەر ئىناق ئۆتىۋاتىدۇ. ئارمىيە جان-دىلى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىگە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىشى، 3 چوڭ ئىنتىزام، 8 دىققەتكە رىئايە قىلىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە قىلچە دەخلى-تەرۇز قىلماسلىقى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىدىن ئۆگىنىشى، ئۇلاردىن بىلىم، تىل-يېزىق ئۆگىنىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە مەسىلە كۆرۈلسە توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ئاساسلىقى سىياسەت ئارقىلىق

بىرتەرەپ قىلىش قائىدىسىنى قوللىنىپ، ئاممىۋى خىزمەتنى، تەشۋىق-تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىش لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى ياخشى ئىش-ھەرىكەتلەرنى تەقدىرلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى يامان ئادەم، يامان ئىشلارنى تەنقىد قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش كېرەك. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق قوراللىق كۈچى، ئۇنىڭ مەقسىتى، جان-دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، كوممۇنىزم تەربىيىسي ئېلىپ بېرىش، خەلقنىڭ ياخشى پەرزەنت قوشۇنى بولۇش».

ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان تۇنجى سەپىرىدە، 4-ئاينىڭ 2-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا ئۈرۈمچىدىن پويىز بىلەن يولغا چىقىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تە ئالغۇيغا يېتىپ باردى ۋە ئارام ئالمايلا «شەرق شامىلى» زاۋۇتى، «مول-ھوسۇل» زاۋۇتى، «ئۈچقۇن» زاۋۇتى، «يانغىن» زاۋۇتى، «غالىبىيەت» زاۋۇتىنى ئارىلاپ كۆرۈپ، سېخلاردا ئىشچىلار بىلەن پاراڭلاشتى، ئارقىدىنلا تۆمۈريول قىسىملىرى 5-دېۋىزىيىسىگە باردى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن سائەت 25 : 10 تىن 30 : 12 غىچە تۆمۈريول قىسىملىرى 5-دېۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى جەنگونىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە تۆمۈريول قىسىملىرى 5-دېۋىزىيىسى كادىرلار يىغىنىدا سۆز قىلدى. دېمەك ئۇ سەپەرنىڭ 1-كۈنىلا 13 يېرىم سائەت ئىشلىدى. بۇنىڭدىن ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ۋاقىتنى نەقەدەر چىڭ تۇتىدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.



ۋاڭ ئېنماۋ تۆمۈريول قىسىملىرى 5-دېۋىزىيىسىدىكى كادىرلارغا مۇنداق دېدى: «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە، تۆمۈريول قىسىملىرى 2-قوماندانلىق شتابى 5-دېۋىزىيىسى 8 يىلدىن كۆپرەك جاپالىق كۈرەش قىلىپ، تۇرپان-كورلا تۆمۈريولىنى ياسىدى. مانا ئەمدى تۇرپاندىن يۈئېرگۈغىچە بولغان لىنىيىسى تۆمۈريول ئىدارىسىغا تىجارەت قىلىشقا تاپشۇرۇلۇپتۇ. سىلەرنىڭ نەتىجەڭلار ناھايىتى چوڭ، سىلەر ئىنتايىن چوڭ تۆھپە قوشتۇڭلار، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى سىلەرگە رەھمەت ئېيتىدۇ، سىلەرنى ئۇنۇتمايدۇ».

بۇ تۆمۈريولنى ياساش داۋامىدا 287 يولداش قۇربان بولغانىدى، ۋاڭ ئېنماۋ بۇ يولداشلارغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورىدى. ئۇلار شىنجاڭ خەلقىگە تۆمۈريول ياساش ئۈچۈن، بەزىلىرى قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى، بەزىلىرى يارىلاندى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارنىڭ بۇ روھىنى ئۆگىنىشى كېرەك.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ بۇ تۆمۈريولنى ياساشنى قارار قىلىشى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك زور ئىش. بىرىنچىدىن، بۇ تۆمۈريول زومىگەرلىككە قارشى قىلىۋاتقان ئۇرۇش تەييارلىقىدا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. شىنجاڭدا لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈريولىلا رول ئويناۋاتىدۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى زومىگەرلىرى تاجاۋۇز قىلىپ قالسىلا بىخەتەرلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئېھتىياجغا كاپالەتلىك قىلىش تەس بولىدۇ. كېيىنچە شىنجاڭ-چىڭخەي تۆمۈريولى ياسىلىدۇ، بىز بۇ تۆمۈريولنى ياساپ،

چىڭخەي-شىنجاڭ تۆمۈريولىنى ياساشقا شارائىت ياراتتۇق. ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا زور رول ئوينايدۇ. بۇ تۆمۈريولنىڭ ياسىلىشى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا پايدىلىق، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىگە پايدىلىق. ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى ئېچىشتا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. تارىم ئويمانلىقىنى ئاچساق، چوڭ نېفىتلىكلەرنى بەرپا قىلساق، دۆلەتنىڭ سوتسيالىستىك قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە ناھايىتى زور پايدىسى تېگىدۇ.

تۆمۈريول قىسىملىرى بۇ تۆمۈريولنى ياساش ئۈچۈن قاتتىق جاپا چەكتى، ئەمما بۇ ياخشى ئىشلار ئەۋلادلارغا مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ تۆمۈريولنى ياساشتىكى تەجرىبىلەرنى ناھايىتى ياخشى، ئەتراپلىق، سىستېمىلىق يەكۈنلەش لازىم. ھەرقايسى جەھەتتىكى ئىشلار ئومۇمەن ئالغاندا ياخشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇ تۆمۈريولنى ياساشقا 1 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، كوشەگىن داۋىنىدىن ئۆتكەندە، يىللىق توشۇش مىقدارى ئاران 3 مىليون 600 مىڭ توننا بولىدىكەن، توشۇش مىقدارىنى قانداق كۆپەيتىش كېرەك؟ ھازىر داۋانغا ماڭغاندا ئىككى پاراۋۇز، داۋاندىن چۈشكەندە ئىككى «ئوت ئەژدىھا» پويىزنى سۆرەيدۇ. داۋاندىكى تونىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6156 مېتىر، نۇرغۇن ئايلانمىنى ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پىلاننى ئوبدان قىلىش، كۆپ تەرەپلىمە سېلىشتۇرۇش لازىم، ئەڭ ياخشىسى ئىشتىن بۇرۇن ياخشى پىلانلاش كېرەك، ئىشتىن كېيىنمۇ ئىنچىكە بولۇش كېرەك».



ۋاڭ ئېنماۋ تۆمۈريول قىسىملىرى 5-دېۋىزىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى بىر بىرلەپ خاتىرىلەپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مۇۋاپىق ھەل قىلىشىغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش

ۋاڭ ئېنماۋ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا تەۋرەنمەس كوممۇنىزملىق دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تىكلىگەنىدى. ئۇ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇردى. ئۇ مەركەزنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە ئۇزاق مۇددەت شىنجاڭدا ئىشلەش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ھەر بىر مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئىنتايىن ئاز سانلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەر، ئەسەبىي دىنىي كۈچلەر چەت ئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار ۋە ئەسەبىي دىنىي كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنى «مۇستەقىل» قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇندى. ۋاڭ ئېنماۋ بۇ مەسىلىنى ئۆز ۋاقتىدا بايقىدى. 1988-يىل 6-ئايدا ۋاڭ ئېنماۋ خوتەن ۋىلايىتىدىكى كادىرلار يىغىنىدا سۆز قىلغاندا، مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا «شىنجاڭغا ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىكتىن كېلىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇنداق ئوتتۇرىغا

قويۇش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چوڭ مەسىلە بار دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن ئايرىم كىشىلەر يوشۇرۇنچە مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى بۇزىدىغان سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەر بىلەن ھەدەپ شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. كۆزنى يوغان ئېچىپ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، بۇ خىل كىشىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش كېرەك». ئۇ يەنە مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى: «يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە سەل قاراشقا ۋە ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ؛ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى سىياسىي كۈچنى، ئىقتىسادىي كۈچنى ئاشۇرۇش لازىم؛ مىللەتلەر سىياسىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ماركسىزملىق مىللەت قارشى تەربىيىسىنى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىم. ئەينى چاغدا بەزىلەر ‹مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش› دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشقا قوشۇلماي، ‹بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش› دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلسىلا بولىدۇ، دېدى. ئەمەلىيەتتە بۇ مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ‹رەنجىتىش›، تىن قورققانلىق ياكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە چاپان ياپقانلىق ۋە ھېسداشلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ۋاڭ ئېنماۋ ماڭا تېلېفون قىلىپ: «ئۆيگە كەلسىڭىز، خوتەندە قىلغان سۆزىمنىڭ ئورگىنالىنى بېرەي، ‹شىنجاڭ گېزىتى› دە تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلىڭ» دېدى. كېيىنكى تەرەققىيات ۋاڭ ئېنماۋنىڭ بۇ مەسىلىنى بالدۇر بايقىغانلىقى، توغرا ھەم چىڭ تۇتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ۋاڭ ئېنماۋنىڭ بۇ ئىدىيىسىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە قوللىدى. شۇ تەرىقىدە شىنجاڭدا مىللىي



بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىپ، ئىنتايىن ئاز سانلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەر يېتىم قالدۇرۇلدى، شۇنداقلا كەينى-كەينىلەپ زەربىگە ئۇچرىدى.

## ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىش لازىم

1982-يىل 4-ئايدا ۋاڭ ئېنماۋ جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىۋاتقان ۋاقىت، دەل مەملىكەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. بەزىلەر، شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بەك ئاستا بولىۋاتىدۇ، دەپ ئىنكاس قىلغاندا، ۋاڭ ئېنماۋ مۇنداق دېدى: «مەركەز سىياسەتنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ئاساسەن تۈزگەن. ھەرقانداق سىياسەت يولغا قويۇلغاندا، جايلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، دېمەك ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ. بولۇپمۇ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونوم رايونىدا خەلق كوممۇنىسىدىن باشقا يەنە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بار. خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتى (تېخنىكىسى)، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى قاتارلىق ئەھۋاللار ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا ھەر قانداق ئىشتا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىش لازىم. يېزىلاردا ئوخشاشمايدىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، سىنىشتۇرۇپ، قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن

ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولسا، شۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش لازىم». ۋاڭ ئېنماۋ يول بويى كوممۇنا ئەزالىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭۈلگە سان پۈكتى. ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىدىغان ئىستىلى دېڭ شياۋپىڭ تەشەببۇس قىلغان ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرىدىغان، راۋاجلاندۇرمايدىغانلىقىغا قاراش كېرەك، دېگەن ئىستىلى بىلەن بىردەك ئىدى.

ۋاڭ ئېنماۋ جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ باي ناھىيىسىگە كەلگەندە، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدىكى ئىشلارنى ئېسىگە ئالدى، چۈنكى ئۇ چاغدا مۇشۇ ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ كۆپتۈرمىچىلىكى تۈپەيلىدىن ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، ئادەم ئۆلگەن «باي ۋەقەسى» يۈز بەرگەنىدى. ئۇ بۇ ئىشتىن تولىمۇ ئېچىنغانىدى. بۇ قېتىم كەلگىنىدە، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى خىزمەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلغاندا، ۋاڭ ئېنماۋ دىققەت بىلەن زەڭ قويۇپ ئاڭلاپ، ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇردى. بەزى سانلىق مەلۇماتلارنى يېنىشلاپ سوراپ توغرىلىدى، بەزى پاكىتلارنى ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ نەقلەشتۈردى، ئۆنىڭدىن كېيىنلا ئۇ خاتىرجەم بولالىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «يالغان سۆزلەش، كۆپتۈرمىچىلىك قىلىش ئادەم ئۆلتۈرىدى. تارىخىي تەجرىبىلەردىن ساۋاق ئېلىش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا كۆپتۈرمىچىلىكنىڭ زىيىنىنى تونۇتۇش كېرەك. ئىدىيە جەھەتتە مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك. ئىككىنچىدىن، تۈزۈم جەھەتتىن كۆپتۈرمىچىلىككە يوچۇق قالدۇرماسلىقتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كۆپتۈرمىچىلىك



قىلىدىغانلارنى نەپكە ئېرىشتۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەمەلىنى ئېلىۋېتىش، ھەتتا جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش كېرەك».

## ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىشنىڭ نەمۇنىسى

ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىلى، خىزمەت ئىستىلى ۋە تۇرمۇش ئىستىلىدا ئۆزىگە ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ قويىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئىستىلى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ بىزنىڭ ھەقىقىي ئۆگىنىش ئۈلگىمىزگە ئايلانغانىدى.

ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭغا ئىككىنچىلەپ خىزمەتكە كەلدى، ئۈرۈمچىگە 1981-يىل 10-ئاينىڭ 24-كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئەتىسى مەن ئۇنىڭ ۋاقىتلىق تۇرالغۇسى-يەنئەن مېھمانخانىسىغا ئۇنى يوقلاپ باردىم، ئۇ مەندىن نۇرغۇن ئەھۋاللارنى سورىدى. مەن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى بولغاچقا، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىم ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىن بىلىدىغان ئەھۋاللىرىمۇ بىرقەدەر كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرلار گۇرۇپپىسىدا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى مۇخبىرلار پونكىتلىرىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدىم. ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى مۇخبىرلار گېزىتتە ئاشكارا ئېلان قىلىنىدىغان ماقالىلارنى ئەۋەتكەندىن تاشقىرى، گېزىتتە ئاشكارا ئېلان قىلىنمايدىغان «ئىچكى قىسىمدا پايدىلىنىش ماقالىلىرى» نىمۇ ئەۋەتەتتى، بۇ سەۋەبتىن

جايلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايى ماڭا كۆپرەك ئايان ئىدى. مەن مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندەك، ئۇ سورىغان مەسىلىلەرگە بىر بىرلەپ جاۋاب بەردىم. ئاخىرىدا مەن: «ئەگەر لىن بياۋ، 4 كىشىلىك گۇرۇھ، تار-مار قىلىنمىغان بولسا، جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىدا تاشيول ياساشقا ئەۋەتىلگەن بولاتتىم، تەڭرى ھەقىقەتەن ئېنىق كۆرىدىكەن» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئارام ئېلىشىغا تەسىر يەتمىسۇن دېگەن ئوي بىلەن خوشلاشقىنىمدا، ۋاڭ ئېنماۋ مېنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا «يولداش يۈمىيەن، جاپا چەكتىڭىز» دېدى، ئۇنىڭ بۇ تەكەللۇپ سۆزى ماڭا ئۆمۈرلۈك تەسەللىي بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ۋاڭ ئېنماۋ ئىنسانىي مېھرى-مۇھەببەتنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىغان كىشى ئىدى. ئۇ گەرچە ياش جەھەتتىن مەندىن چوڭ، ئۆزى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر، مەن بولسام ئادەتتىكى كادىر بولساممۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى كىچىك پېئىل، ئىنتايىن كۆيۈمچان ئىدى. مەن بىۋاسىتە ئۇچراتقان مۇنداق بىر نەچچە ئىش بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ: 1982-يىل ۋاڭ ئېنماۋ جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر قىلغاندا مەن مۇخبىرلىق قىلىپ بىللە بولدۇم، ئۇ كۈندۈزى ئاساسەن يېزا-قىشلاق، زاۋۇت-كان ۋە مەكتەپلەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلسا، ئاخشىمى كۆپىنچە دوكلات ئاڭلايتتى. مەن كۈندۈزى زىيارەتتە بولسام، ئاخشىمى ماقالە يازاتتىم، ۋاقىت ئىنتايىن جىددىي ئۆتتى. دەم ئېلىش ئاز ئىدى. 20 نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. مەن جىددىي خاراكتېرلىق بۆرەك ياللۇغى، قان سىيىش، ۋە قىزىتمام ئۆرلەش بىلەن ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى باش دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قالدىم. بۇ چاغدا دۆلەت



مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژورنىلىنىڭ مۇخبىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقى نۇقتىسىدىن ۋاڭ ئېنماۋنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرى ھەققىدە 5000 خەت ئەتراپىدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلدى. ئۇ يەنە: «سىزنىڭ بۇ ماقالىڭىز باش ماقالە قىلىپ بېسىلىدۇ، نەشىردىن چىقىش ۋاقتىمۇ بېكىتىلىپ بولدى، شۇڭا ماقالىنى 3 كۈن ئىچىدە تەييارلاپ بېرىڭ، بولمىسا ژورنالنىڭ بېسىپ تارقىتىلىشىغا تەسىر يېتىدۇ» دەپ ئەسكەرتتى. مەن قىزىتمام 39.5 گرادۇسقا يەتكەن ئەھۋالدا، كارۋاتتىلا ماقالە يېزىشقا كىرىشتىم. ۋاڭ ئېنماۋ قانداق خەۋەر تاپتىكىن، مەن دوختۇرخانىغا كىرىپ ئەتىسىلا مېنى يوقلاپ كەپتۇ. ئۇ مېنىڭ ماقالە يېزىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ كۆيۈمچانلىق بىلەن: «يولداش يۈمىيەن، سىز بەك ئەجر-مېھنەت قىلدىڭىز» دېدى. ئۇ يەنە مەن بىلەن ياتاقداش يەتتە بىماردىنمۇ بىر-بىرلەپ ھال سورىدى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ياتاقداشلىرىم: «ئۇ كىم بولىدۇ؟» دەپ سوراشتى، مەن: «ئۇ، ۋاڭ ئېنماۋ شۇجى» بولىدۇ دېگىنىمدە، ئۇلار ھەيران قېلىشىپ: «ھە مۇنداق دەڭ، ئۇ نېمىدېگەن كىچىك پېئىل كىشى-ھە» دېيىشتى. يەنە مۇنداق بىر ئىش ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ، دادام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، 1985-يىل ئەتىيازدا مەن ئانامنى خوتەندىن ئۈرۈمچىگە يېنىمغا ئەكېلىۋالدىم. ئانام كونا جەمئىيەتتە پومېشچىكقا يىللىقچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى. ئۇ، تىپىك جۇڭگو يېزا ئاياللىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك پائالىيەت دائىرىسى 10 كىلومېتىردىن ئاشمىغانىدى. ئۇ بىر ئۆمۈر جاپالىق مېھنەت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى. ئۇنىڭ بىرەرسى بىلەن دە-تالىشى يوق ئىدى. بىزنىڭ ئائىلىمىز تاغلىق رايوندا بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىنكى

تۇرمۇشىمىزمۇ ناھايىتى جاپالىق ئۆتكەنىدى. مەن ئانامغا بولغان ۋاپادارلىقىمنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئەپكىلىۋالغانىدىم. ئانام ئۈرۈمچىگە كېلىپ 2-كۈنىلا ۋاڭ ئېنماۋ ئانامنى يوقلاپ كەپتۇ. مېنىڭ ئۆيۈم 4-قەۋەتتە بولغاچقا، تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ۋاڭ ئېنماۋ 4-قەۋەتكە ئەلۋەتتە مۇشەققەتتە چىققانىدى. ۋاڭ ئېنماۋ ئىشىكتىن كىرىپلا ئانامنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ: «سىز بىر ياخشى ئوغۇل چوڭ قىلىپسىز» دېدى ھەمدە ئانام بىلەن خېلى ئۇزاق ھال-مۇڭ ئېيتىشتى. يەنە بىر يىلى چاغاندا مەن ئۇنىڭغا: «ۋاڭ شۇجى، بۇ يىل چاغاننى مېنىڭ ئۆيۈمدە ئۆتكۈزۈڭ، ھېچقانداق ئېسىل قورۇمىلارمۇ يوق، ئاساسلىقى قىزىل مۇچ قورۇمىلىرى» دېدىم، ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى-دە: «ماقۇل، ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە بىز ئىشچى-دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى يۇرتۇڭلاردىن ئۆتكەندە قىزىل مۇچ قورۇمىسىنى پۇخادىن چىققىچە يېگەنىدۇق» دېدى. مەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ھاراق ئىچىشكە بىر نەچچە دوستۇمنى چاقىردىم، ئۇ ھاراق ئىچمەيتتى، ئەمما كەيپىياتقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئاق ھاراققا لېۋىنى تەككۈزۈپ قويۇپ: «بۈگۈن يولداش يۇمىيەننىڭ ئۆيىدە بايرام قىلدۇق، سىلەر كۆپرەك ئىچىڭلار» دېدى. ئولتۇرغانلار كۈلكە-چاقچاق بىلەن قىلچە قورۇنماي بەھۇزۇر ئولتۇرۇشتى. مېنىڭ ھاياتىمدا بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئەلۋەتتە كۆپ ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ مەندە ناھايىتى ئۇنتۇلغۇسىز ئىز قالدۇرغان ئىدى.

ۋاڭ ئېنماۋ ئىنتايىن پرىنسىپچان ئادەم ئىدى. مەن ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن يۇرۇپ زىيارەت ئېلىپ بارغىنىمدا، ھامان ياخشى ئىشلارنىمۇ يازدىم، يامان تەرەپلەرنىمۇ يازدىم. ئەزەلدىن «ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى» دېگەندەك



ياسالما سۆزلەرنى ئىشلەتمىدىم. ئۇنىڭغا بەزى مەسىلىلەرنى، مەسىلەن ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى، پىكىر-تەلەپلىرىنى يالغاننى ۋە ئۆز ھېسسىياتىمنى ئارىلاشتۇرماي ئىنكاس قىلاتتىم. بىر قېتىم ۋاڭ ئېنماۋ ماڭا: «يولداش يۇمىيەن، سىز ئىنكاس قىلغان بۇ مەسىلىلەر ناھايىتى مۇھىم، مېنىڭ خىزمىتىمگە ناھايىتى چوڭ ياردىمى بار» دېدى. مەن ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن بىللە بولغان شۇ چاغلاردا ھەرگىز ئۇنىڭغا بىرەر قىيىنچىلىقىم بار دەپ ئېغىز ئاچقان ياكى تەلەپ قويغان ئەمەس ئىدىم، باشقىلار ئۈچۈنمۇ يول ماڭغان ئەمەسمەن. مەن «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەندە، ۋاڭ ئېنماۋ ئەمەس بەلكى سۇڭ خەنلياڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ئىدى. ۋاڭ ئېنماۋ بىر قېتىم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەت ئۈستىدە توختالغاندا: «كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنقىلابىي يولداشلارچە مۇناسىۋەت بولۇشى كېرەك، ئۆز يېنىغا تارتىش، مەزھەپچىلىك، گۇرۇھۋازلىق قىلىش، يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇش بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك» دېگەنىدى.

ۋاڭ ئېنماۋ ئۆز يېنىدىكى خىزمەتچىلىرىگە، يولداشلارغا بولغان مۇئامىلىدىمۇ پرىنسىپقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغىمۇ قاتتىق تەلەپ قوياتتى. 2000-يىل 7-ئايدا ۋاڭ ئېنماۋ بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئەتىسىلا مەن ئۇنى يوقلاپ باردىم. ئۆيىدە بىر نەچچە مېھمان بار ئىكەن، بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى مېھمانخانىغا چىقىپ بەزى كىنايە سۆزلەرنى قىلدى، ۋاڭ ئېنماۋ ئاڭلاپلا دەرھال: «شامال چىقسىلا يامغۇر ياغمايدۇ، بولمىغۇر گەپلەرنى قىلما، قىلغان گەپلىرىڭنىڭ ئاساسى بارمۇ؟ ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى

ئېنىقلىماي تۇرۇپلا كىنايى سۆز بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟ ھەر كىمنىڭ ئىشلىمىگى ئاسان ئەمەس، باشقىلارنى چۈشىنىش كېرەك، ياخشى پىكىر، تەكلىپىڭ بولسا تەشكىلگە بىۋاسىتە ئىنكاس قىلغىن» دەپ ئۇنى توستى. بۇ تۇغقىنى شۇ ھامان لام-جىم بولدى. ۋاڭ ئېنماۋ ناھايىتى مۇلايىم ئىدى، باشقىلارنى تەنقىد قىلغاندا ئېغىر بېسىقلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، قارشى تەرەپنى چىن كۆڭلىدىن قايىل قىلاتتى، ھەر گىز ئاچچىقلانمايتتى. ئەمما بۇ نۆۋەت ئۇ ئاچچىقلاندى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىغا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ھەر قانداق جايدا پارتىيىۋىلىك پرىنسىپقا، ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىپ باشقىلارنى، ئومۇملۇقنى كۆپرەك نەزەردە تۇتاتتى.

ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئادەتتىكى سۆز-ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ ياخشى تەربىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق جايدا باشقىلارغا ئۈلگە بولالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، قارشى ئېلىش، ئۇزىتىش رەسمىيەتلىرىنى قىلماسلىقنى، ئاساسىي قاتلامنىڭ سېلىقىنى ئىمكانقەدەر ئېغىرلاتماسلىقنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: «ئاساسىي قاتلامدىكى يولداشلار تولىمۇ ئالدىراش، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى قىلىش ئۈچۈن تۆۋەنگە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا كەلدۇق، شۇڭا ئاساسىي قاتلامدىكى يولداشلارغا ھەرگىز ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەسلىك كېرەك». ئۇ تاماقنىمۇ ئانچە تاللاپ كەتمەيتتى، ئۇ دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى ئەمەس، بەلكى كۆكتات، شورپا ۋە يەرلىك بېلىق قاتارلىقلارغا ئامراق ئىدى. جايلارغا بارغاندا خىزمەتچىلەر جايلارنىڭ رەھبەرلىرىگە: «تاماقتا ئادەتتىكى قورۇمىلار بولسۇن، بولمىسا ۋاڭ شۇجى خاپا بولىدۇ» دەپ تاپىلايتتى. ۋاڭ ئېنماۋ ھەرگىز قاتمال،



مېھرى-مۇھەببەتسىز، چوكچىلىق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ تولىمۇ چىقىشقاق، يۇمۇرستىك بولۇپ، دائىم قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ تۇراتتى. جەنۇبقا قىلغان سەپەردە چەرچەن، قاراقاش ئارىلىقىدىكى چۆللۈكتە توختاپ ئازراق ئارام ئالدۇق. كۆكۈم چۈشۈپ چارۋىچىلار پادىلىرىنى قوتانلىرىغا قايتۇرۇپ كېتىشىۋاتاتتى، ئۆغلاق، قوزىلار توختىماي مەرىشەتتى، ۋاڭ ئېنماۋ پادىلارغا قاراپ قوينىڭ مەرىشىنى دورىدى ۋە كۈلۈپ: «قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، شۇ تاپتا نەۋرەمۇ ئاپىسىنى چاقىرىۋاتقان بولسا كېرەك» دېدى. ئۇ ناھايىتى خۇشخۇي، قىزىقچى ئادەم ئىدى. 4-ئاينىڭ 18-كۈنى بىز گۇما ناھىيىلىك مېھمانسارايدا تاماق يېدۇق. مۇلازىم ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرغان بىر تاۋاق مېزىلىك بېلىقنى كۆتۈرۈپ: «بۇ بىزنىڭ گۇمىدا بېقىلغان ھەم يېشىل يېمەكلىك ھېسابلىنىدىغان بېلىق» دەپ تونۇشتۇردى. شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، شىرەگە قويۇلغان بېلىقنىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقى كىمگە توغرا كەلسە، شۇ كىشى هاراق ئىچىشى كېرەك ئىدى. بېلىقنىڭ بېشى ۋاڭ ئېنماۋغا توغرىلىنىپ قالدى، ۋاڭ ئېنماۋ هاراق ئىچمىگەچكە، ھېچكىم بېلىققا چوكا سېلىشقا پېتىنالمىدۇق. ۋاڭ ئېنماۋ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: «بېلىقنى يېيىشتىن بۇرۇن بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي» دېدى-دە ھېكايىسىنى باشلىدى: يەر ئىنقىلابى مەزگىلىدە، مەلۇم بىر جايدىكى بىر باي ئاممىنىڭ كۈرەش قىلىشىدىن قېچىپ، باشقا بىر ناھىيىگە ئوغرىلىقچە كېلىپ، نامرات پۇقرالارغا قوشۇلۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئەسلىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار ياخشىراق تاماق يېمەكچى بولۇپ بېلىق پىشۇرۇپتۇ. ھېلىقى باي بېلىق يېمىگەنگە خېلى ئۇزاق بولغانىكەن. بېلىق شىرەگە چىققان ھامان، نەپسىنى باسالماي، بېلىقنىڭ گۆشلۈك يەرلىرىنى قويماي

قاچىسىغا ئېلىۋاپتۇ، باشقىلار بۇنىڭدىن ھەيران بولۇشۇپتۇ. تۇساتتىن بىر نامرات، «ئۇ، باي ئىكەن» دەپ توۋلاپ ساپتۇ، توۋلاپ سالغان ھېلىقى كىشى ئىلگىرى بايلارغا ئاشپەزلىك قىلغانىكەن. ۋاڭ ئېنماۋ كۆپچىلىكتىن: «بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىڭلارمۇ» دەپ سورىدى. ھېچقايسىمىز زۇۋان سۈرمىدۇق. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇنىڭ داۋلىسى ناھايىتى ئاددى، بېلىقنىڭ تۆش گۆشىدە ئۇششاق قىلتىرىق بولمايدۇ، يىگەندە گالدا قىلتىرىق تۇرۇپ قېلىشتىن قورقمىسىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېلىقنىڭ تۆش گۆشى نېپىزرەك كېلىدۇ. دورا-دەرمەكنىڭ تەمى ياخشى سىڭىدۇ، شۇڭا تەمى ياخشى بولىدۇ. بايلار ئادەتتە بېلىقنى كۆپ يىگەچكە، بۇنى ئوبدان بىلىدۇ»، دېدى. ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ھېكايىسى تۈگىگەندە ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق، ئىشتىھايىمىز تېخىمۇ ئېچىلدى.

## پۇقرالار قەلبىدىكى ئادىل تارازا

ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭغا ئىككىنچىلەپ كەلگەندىن كېيىن، 1982-يىل 9-ئايدا ئاساسىي قاتلامدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، مەنمۇ بىللە بولۇپ زىيارەتتە بولدۇم. بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ۋاڭ ئېنماۋ قورۇدا ئايلانغاچ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۈستىدە سۆز ئېچىپ، چوڭقۇر ھېسسىياتى بىلەن مۇنداق دېدى: «1967-يىل 2-ئاينىڭ 24-كۈنى ماۋ جۇشى بېيجىڭدا ھەرقايسى چوڭ ھەربىي رايونلارنىڭ باش قوماندانى، سىياسىي كومىسسارلىرىنى قوبۇل قىلدى، مەن ئېگىزرەك بولغاچقا، مېنى كۆرۈپ: ۋاڭ ئېنماۋ، سىزمۇ كەلدىڭىزمۇ! دېدى، مەن: رەئىس، مەنمۇ كەلدىم، دېدىم، رەئىس يەنە: قىزىل قوغدىغۇچى ئېسيانچىلار سىزنى



يوقاتماقچىكەنغۇ؟ ، دېدى. مەن: شۇنداق، دېدىم، رەئىس يەنە: يوقىتالامدۇ؟ دەپ سورىدى، مەن: يوقىتىشى مۇمكىن، دەپ جاۋاب بەردىم، ماۋجۇشى قولىدا ئىشارەت قىلىپ: سىزنى يوقىتالمايدۇ دېدى. مەن شۇ قېتىم ماۋجۇشى بىلەن قىلىشقان نەچچە ئېغىز سۆز ئارقىلىق، كۆڭلۈمدە تولىمۇ خاتىرجەملىك ھېس قىلدىم. 1968-يىل 2-ئايدا ماۋجۇشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شۇ شيۇنى جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، چېن شىليەننى لياۋنىڭ ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، خەن شيەنچۇنى فۇجيەن ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، مېنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. شۇ شيۇ ئالدى بىلەن جياڭسۇغا بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ھەمدە مەركەزگە دوكلات يوللىغانىكەن. ماۋجۇشى شۇ شيۇنىڭ دوكلاتىنى چېن شىليەن، خەن شيەنچۇ، ۋاڭ ئېنماۋلارمۇ كۆرسۇن، دەپ تەستىق سېلىپتۇ. جياڭ چىڭ دوكلاتنى ماڭا يەتكۈزۈپ بەردى. مەن كۆرگەندىن كېيىن، ماۋ جۇشىغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە، مېنى ئاسرىغانلىقىغا ۋە قىلغان تەلىمىگە رەھمەت ئېيتتىم. لېكىن جياڭ چىڭغا رەھمەت خېتى يازمىدىم، نەتىجىدە ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بۇ بايراقدارى›نى رەنجىتىپ قويدۇم، كېيىن مېنى ۋۇخوغا پالىۋەتتى. 1975-يىلى 10-ئايدا ماۋ جۇشىنىڭ شەخسەن ئارىلىشىشى بىلەن، نەنجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا قويۇلدۇم. ‹4 كىشىلىك گۇرۇھ› تار-مار قىلىنغاندىن كېيىن، 1977-يىل 3-ئايدا مەن ج ك پ جىلىن ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ 1-شۇجىسى، جىلىن ئۆلكىلىك ھەربىي رايونىنىڭ 1-سىياسىي كومىسسارى، شىنياڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي

كومپىسارلىقىغا قويۇلدۇم».

ۋاڭ ئېنماۋ 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەر، جەنۇب، شىمالغا يۈرۈش قىلىش، نەنىنىۋەندىكى چوڭ ئىشلەپچىقىرىش، غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىشتەك نۇرغۇن ئىنقىلابىي ئۇرۇشلارنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرگەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا يەنە ھەر خىل قىيىن-قىستاقلارغا ئۇچراپمۇ باشتىن-ئاخىر تىز پۈكمىدى ۋە ئاغدۇرۇلمىدى. بۇ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئادىللىقىنى، خەلقنىڭ ئادىللىقىنى، تارىخنىڭ ئادىللىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ۋاڭ ئېنماۋنىڭ شىنجاڭغا ئىككىنچىلەپ كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا قىلغان سەپىرى، پۇقرالارنىڭ كۆڭلىدە بىر ئادىل تارازىنىڭ بارلىقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلىدى.

1981-يىل 4-ئاينىڭ 7-كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە چۈشلۈك تاماقنى يېگەندىن كېيىن، بىز دالا ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ چاقىلىق ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىمىزدە ئىمكانقەدەر كۆپرەك جايغا بېرىشىمىز كېرەك. چاقىلىق ناھىيىسىگە ‹مەدەنىيەت ئىنقىلابى› دىن ئىلگىرى زادى بېرىپ باقمىغانىدىم، بۇ قېتىم چوقۇم بىر بېرىپ، ئۇ يەردىكى قېرىنداشلارنى يوقلاپ قويۇشۇم كېرەك». لوپنۇردىن چاقىلىق ناھىيىسىگە 379 كىلومېتىر بولۇپ، يول تازا ياخشى بولمىغاچقا، مېڭىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى، يولنىڭ ئۇزۇن بىر بۆلىكى پىششىق خىش يېيىتىلغان يول بولۇپ، رېمونت قىلىنمىغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغانىكەن. ئاپتوموبىل يۈرگەندە قاتتىق سىلكىنەتتى، ۋاڭ ئېنماۋ ئالدىدا ئولتۇرغاچقا، ھەدىگەندە بېشى ئالدى ئەينەككە ياكى تورۇسقا تېگىپ



تۇراتتى. بىر كۈنى يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇستىخانلىرىم ئۇگىسىدىن ئاجراپ كەتكەندەكلا ھېس قىلدىم. بىز شۇنچىلىك بولۇپ كەتكەن ئەھۋالدا 68 ياشلىق ۋاڭ شۇجىنىڭ قانچىلىك چارچىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان، ئەمما ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ: «قاراڭلار، بۇنداق يولنى بېيجىڭدىكى خان سارىيىنىڭ ئىچىدىلا كۆرگىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ!» دەپ قويدى.

4-ئاينىڭ 8-كۈنى چۈشتىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيىسىدە كادىرلار يىغىنى ئېچىلدى، ناھىيە بازىرىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۆيلىرىدىن چىقىپ، ناھىيىلىك پارتكوم مېھمانسارىيىدىن يىغىن مەيدانىغىچە بولغان يولنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ، شاد-خۇراملىققا چۆمگەن ھالدا چاۋاك چېلىپ ۋاڭ ئېنماۋنى قارشى ئالدى. ۋاڭ ئېنماۋ يېنىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم رەھبىرىدىن: «نېمە دېگەن كۆپ ئادەم قارشى ئېلىشقا چىققان، سىلەر تەشكىللىدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى، ناھىيىلىك پارتكوم رەھبىرى: «بىز تەشكىللىمىگەن، ناھىيە بازىرىمىز ناھايىتى كىچىك، بىر ئادەملا خەۋەر تاپسا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ھەممەيلەنگە تارقىلىدۇ، ھەممە كىشى ئىختىيارى چىققان» دەپ جاۋاب بەردى. ۋاڭ ئېنماۋ: «قەيەرگىلا بارمايلى، قارشى ئېلىش، ئۇزىتىش ئىشلىرىنى قىلمايلى، بۇ ئىشقا ئاممىنى تەشكىللەشكە، ئاممىنى ئاۋارە قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ» دېدى. شۇ چاغدا مەن كىشىلەر توپى ئىچىدە كېتىۋېتىپ كىشىلەرنىڭ: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بەزىلەر ۋاڭ ئېنماۋنى يوقاتماقچى بولدى، بەزىلەر ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدىدى، لېكىن ۋاڭ ئېنماۋنى ھېچكىم كۆرمىگەن، قاراڭلار ۋاڭ ئېنماۋ ناھايىتى تېتىك تۇرمامدۇ، ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، يولنىڭ شۇنچە يامان ئىكەنلىكىگە قارىماي، ئەڭ

چەت، ئەڭ قالاق يۇرتىمىزغا بىزنى يوقلاپ كەپتۇ، ئەينى چاغدا تازىمۇ ئەخمەقلىق قىلىپ، ئۇنى يوقىتىمىز، دەپتۇق ئەمەسمۇ، دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم.

## ۋاڭ ئېنماۋ بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆگىنىش ئۈلگىمىز

مەن يولداش ۋاڭ ئېنماۋنى 1965-يىل 9-ئاينىڭ 13-كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق كەمبەغەل، تۆۋەن، ئوتتۇرا دېھقانلار ۋە ئەمگەكچى چارۋىچىلار ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا بىرىنچى قېتىم يۈزتۇرانە زىيارەت قىلغانىدىم. تەلەپ بويىچە، ئۇنىڭ سۆزى ئەتىسى «شىنجاڭ گېزىتى» دە تەپسىلىي ئېلان قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ، تۆت مىڭ خەتلىك كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېز خاتىرىلەشنى بىلمەيتتىم، ھازىرقىدەك ئۈنئالغۇمۇ بولمىغاچقا، قانداقمۇ تولۇق خاتىرىلەپ ئۈلگۈرەي؟ تولىمۇ تىتىلداپ كەتتىم، ئامال قانچە، يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ ۋاڭ ئېنماۋدىن سۆز ئورگىنالىنى سوراشقا مەجبۇر بولدۇم. يىغىن تارقىغاندىن كېيىن، دەرھال، رەئىس سەھنىسىگە چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم، ئۇ ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن سۆز ئورگىنالىنى ماڭا بەردى، مەن قارىسام ئۇ سۆز ئورگىنالى بولماستىن، بەلكى سۆز تىزىسى ئىكەن. مەن ئويلىغىنىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ مېنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ: «ئالدىرىماڭ، ماقالىنى يېزىپ پۈتتەرگەندىن كېيىن، كەچتە ئىشخانامغا يەتكۈزۈپ بېرىڭ» دەپ تەسەللىي بەردى. مەن كەچلىك تاماقنىمۇ يېمەي ماقالىنى پۈتتۈرۈپلا، دەرھال ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ باردىم. ئۇ ماقالىنى پەش، چېكىتلىرىنىمۇ قويماي ئەستايىدىل



كۆرۈپ، جۈملىمۇ جۈملە تۈزەتتى. ئۇ ماقالىنى تۈزىتىپ بولغاندا، ۋاقىت كەچ سائەت ئۈچتىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ماقالىغا پىكرىنى يېزىپ، ئىمزاسىنى قويۇپ ماڭا بەردى ھەمدە ناھايىتى كىچىك پېئىللىق بىلەن: «ئالدىراپ كەتتىڭىزمۇ؟ ھازىر ماقالىنى مەتبەئەتكە بەرسىڭىز كېچىكەمدۇ؟» دەپ سورىدى ھەمدە قاچان خىزمەتكە قاتناشقانلىقىمنى، يۇرتۇمنى، ئائىلە ئەھۋالىم قاتارلىقلارنى سورىدى.

ھەرقانداق ئىشنىڭ تۇنجى قېتىملىقى بولىدۇ، ئەمما تۇنجى قېتىمقى تەسىرات مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدۇ. مەن بىر يېڭى مۇخبىر، بۇ مېنىڭ شۇنچە چوڭ رەھبەرنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلىشىم، شۇنچە مۇھىم ماقالىنى تۇنجى قېتىم يېزىشىم ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چوڭلارغا خاس كۆيۈمچانلىقى مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن تەبىئىي بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى شەكىللەندۈردى، ئۇ ھەقىقەتەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ياخشى رەھبەر ئىدى. تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشتىلا ئۇ مەندە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئەسلىسەم ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا نامايەن بولىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى، ھەممىلا يەرنى چوڭ خەتلىك تام گېزىتلىرى، تەشۋىقات ۋەرەقلىرى قاپلاپ كەتتى؛ ھەممىلا جايدا قالايمىقانچىلىق، راست-يالغانچىلىق، ھەق-ناھەقچىلىق يامراپ كېتىپ، كىشىنى گاڭگىرىتىپلا قويىدى. مەن كوچىلاردىكى چوڭ خەتلىك تام گېزىتلىرى، تەشۋىقات ۋەرەقلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ماۋجۇشىغا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا قارشى تۇرغانلىق پاكىتىنى كۆرمىدىم. ئاددىيسى، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئىستىلى مەسىلىسىگە دائىر پاكىتىنىمۇ كۆرمىدىم ھەمدە: ھازىر جۇڭگوغا كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ، ۋاڭ ئېنماۋدەك بىر تۇركۈم

ئىنقىلابچىلار ھايات-ماماتىغا قارىماي، مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، نامرات خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئانا تۇپرىقىمىزنى ئازاد قىلدى. مەن بولسام نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، كومپارتىيە بولمىغان بولسا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايتتىم، ئاللىبۇرۇنلا پومېشچىكلارغا يىللىقچى بولۇپ ئىشلىگەن بولاتتىم، مەن قانداقمۇ كومپارتىيىگە قارشى چىقاي؟ دېگەنلەرنى چوڭقۇر ئويلىدىم.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا «قارا قويۇن» خېلى بىر مەزگىل دەۋر سۈردى. شىنجاڭ گېزىتخانىسى شىنجاڭدا تۇنجى ھەربىي باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، تۇنجى ئارمىيە ۋە ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى تۇرغۇزۇلغان، شۇنداقلا تۇنجى كەڭ كۆلەملىك ئەلەم كۈرىشى باشلانغان ئورۇن. ئارمىيە ۋە ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى گېزىتخانىغا كەلگەندىن كېيىن، ئەترەت باشلىقى ۋە سىياسىي كومىسسار مەن بىلەن سۆزلىشىپ: ئائىلە كېلىپ چىقىشىڭ ياخشى ئىكەن، يەنە كېلىپ ئازادلىقتىن كېيىن قىزىل بايراق ئاستىدا يېتىشكەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنسەن، سېنى «ئۈچ پارچە پولات تاختا» دېيىشكە بولىدۇ، دېدى ۋە مەندىن ئارمىيە ۋە ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتىگە ئوبدان ماسلىشىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە شىنجاڭ گېزىتخانىسىدا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندا، مېنى ئىنقىلابىي كومىتېتقا كىرگۈزۈشكە ۋەدە قىلدى. ئۇلار ئېيتقان «ماسلىشىش» ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتىشقا ماسلىشىش ئىدى. ئەمما، مېنىڭ مىجەزىم تۈز بولغاچقا، توغرا دەپ قارىغان ئىشتىن ھېچكىم ھەرقانچە قىلىپمۇ ياندۇرالمايتتى. مەن سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش كۆرمىدىم، بۇنىڭ بىلەن كېيىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدىم. 1971-يىلى «7-ماي» كادىرلار مەكتىپى قۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ئارمىيە ۋە ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى مېنى



1-تۈركۈمدە «7-ماي» كادىرلار مەكتىپىگە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، لىن بياۋنىڭ «1-نومۇرلۇق بۇيرۇقى» نى ئىجرا قىلىشنى باھانە قىلىپ، ئايالىم بىلەن بالىلىرىمنىمۇ ئۈرۈمچىدىن قوغلاپ، نوپۇسىمىز بىلەن قوشۇپ ئائىلەمنى «7-ماي» كادىرلار مەكتىپىگە كۆچۈردى، ئائىلەمدىكىلەرمۇ ماڭا چېتىلىپ غۇربەت چەكتى. دۇنيادىكى شەيئىلەر چەكتىن ئېشىپ كەتسىلا، ھامان ئەكسىگە قاراپ راۋاجلىنىدىكەن، مانا بۇ دىئالېكتىكا. ئۇلارنىڭ مېنى ئەنە شۇنداق قىلچە ئاساسسىز، رەھىمسىزلەرچە ئەدەبلىشى نەتىجىسىدە، مەن ئۇلارغا تېخىمۇ قايىل بولمىدىم، ئىچ-ئىچىمدىن تېخىمۇ قارشى ھېسسىياتتا بولدۇم. ۋاڭ ئېنماۋنى يوقاتماسلىق مەيدانىمنىڭ توغرىلىقىغا بولغان ئىشەنچىم تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ماڭا ئوخشاش كىشىلەر، ماڭا ئوخشاش كۈنگە قالغانلار، ماڭا ئوخشاش پوزىتسىيىدە بولغانلار ناھايىتى كۆپ، مەن ئەنە شۇنداق سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ بىرى، خالاس.

(ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ئالىي مۇھەررىر)

ئىمىنجان تەرجىمىسى

# شىنجاڭ ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىنكى ۋاڭ جېن

## تاۋ تيەنبەي

1949-يىل 9-ئاينىڭ 25-كۈنى مەن دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) دە تاۋ سىيۈ رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا قاتناشتىم. شۇ يىلى مەن 22-پولك تەھرىر، تەرجىمە ئىشخانىسىدىن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى تەتقىقات ئىشخانىسىغا يۆتكەلدىم. تەتقىقات ئىشخانىمىزغا دېڭ لىچۈن مۇدىر ئىدى، كېيىنچە خوكاڭ مۇدىر بولدى، بيۇرونىڭ شۇجىسى ۋاڭ جېن ئىدى، ئۇ ئەسلىدە 1-بىڭتۈەننىڭ قوماندانى ئىدى، كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى بولدى، شۇڭا بىز ئۇنى قوماندان، دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەندۇق.

ئەينى چاغدا، بيۇرونىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى شۇلىچىڭ، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ چىڭيۈن، خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى جاۋ لىڭيۈن، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى ما خەنبىڭ، ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى جاڭ شىچىن قاتارلىقلار ۋە بىزنىڭ تەتقىقات ئىشخانىسىدىكىلەر شىڭ شىسەي دەۋرىدە سېلىنغان يېڭى بىنادا ئىشلەيتتۇق. بۇ يەردىكى بيۇرو خادىملىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئىش ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى، قۇرۇق تالاش-تارتىش ۋە سۆرەلمىلىكنىڭ نېمىلىكىنى ئەسلا بىلمەيتتۇق. گەرچە دەرۋازىدا پوست بولسىمۇ ئانچە قاتتىق ئەمەس ئىدى، سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ قوماندان، شۇلىچىڭ، دېڭ لىچۈن قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشمىكىمۇ ناھايىتى ئاسان ئىدى. ھازىرقىدەك ئېسىمدە



تۇرۇپتۇ، بىر كۈنى سابىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى مەسئۇد سەبرى قوماندانغا ئاتاپ بىر جۈپ تۇزلانغان غاز ئېلىپ كەلگەنىكەن، پوست ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ دەرھال كىرگۈزۈۋەتكەنىدى.

1

تەتقىقاتچىلاردىن گۇۋاڭ، فۇ رېنلىن، سۇ بېيخەي، لىڭ سۇڭچۈن، فەن يىپىڭ، مەن (تاۋ تيەنبەي) قاتارلىقلار بار ئىدۇق. ياردەمچى تەتقىقاتچىلاردىن لو لىيۈن، ياڭ تىڭرۇي، كۇ يۈمىن، تاڭ يىمىن، خۇاڭ چىكۈن قاتارلىقلار بولۇپ، كۆپىنچىسى لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئارمىيىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. خوكاڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندە سۇ بېيخەي، تاۋ تيەنبەي ھەقىقەتكە قايتقان بولغاچقا، سىياسەتنىڭ روھى بويىچە ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ جاكارلىدى.

ئۇ چاغدا، تەمىنات تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ۋىلايەت، دىۋىزىيە دەرىجىلىكلەرنىڭ تۇرمۇش ئۆلچىمى يۇقىرىراق، ناھىيە، پولك دەرىجىلىكلەرنىڭ نورمال؛ رايون، ليەن دەرىجىلىكلەرنىڭ ئادەتتىكىچە بېكىتىلگەنىدى. دەرىجە بويىچە تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىلغاندا، بالىلارغا يەنە سۈت پۇلى بېرىلگەچكە، ئۈچ بالىلىق ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى كۆپ ياخشى بولاتتى. مېنىڭ ئىككى بالام بولغاچقا، تۇرمۇشۇم ھەر ھالدا ياخشى ئىدى. تۇغۇتلۇق بولسا شېكەر، رەخت، پۇل تارقىتىلاتتى، بۇ خىل تەمىنات تۈزۈمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە

بولغانىدى. بۇنىڭغا ما يىنچۇ، شاۋ لىزىلارنىڭ باشقىچىرەك پىكرى بار ئىدى. بۇ ما بىلەن شاۋلارنىڭ كۆپ يىللار ئىنقىلاب قىلىپ جاپا چېكىپ، ئاران ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ بىر نەچچە پەرزەنتلىك بولغانلارنى كۆرەلمىگەنلىكى ئەمەسمۇ؟ نەتىجىدە ما يىنچۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن قالدى، شاۋ لىزى بولسا «ئوڭچى ئۇنسۇر» قالپىقىنى كىيدى.

گېپىمىزگە كەلسەك، ئۇ چاغدا تۇرمۇشتىن غەم يېمەيتتۇق، دائىم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا بېرىپ دېھقان، چارۋىچىلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكەتتۇق. قار، يامغۇر، قۇم-بوراندا قالساقمۇ، ئېغىلدا يېتىپ-قوپساقمۇ ۋايساپ ئولتۇرمايتتۇق. كەچ كىرسە جىن چىراغ يېقىپ قويۇپ ماتېرىيال يازاتتۇق، قايتا-قايتا سېلىشتۇرۇپ دەللەيتتۇق، قايتىپ كېلىپ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يازاتتۇق. يانچۇقتا موخوركىمىز مول ئىدى، بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدۇق. قوماندان بىلەن دېڭ لىچۈن بەزىدە موخوركا ئورىغاچ زوڭزايغىنىچە چېكىشىپ كېتەتتى، بۇنداق تۇرمۇشنىڭ لەززىتى ئۆزگىچە بولاتتى.

قوماندانىنىڭ تەتقىقات ئىشخانىمىزغا ھېرىسى كۈچلۈك ئىدى، دائىم كېلىپ بىز بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئۇ ماۋ جۇشىنىڭ ئۇنىڭغا باشقىلار بىلەن تارىخ توغرىلىق سۆزلەشكەندە يېقىنقى 100 يىللىق تارىخنى سۆزلىسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى، بولمىسا كۈلكىلىك ئىشلارنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ۋە مۇنداق دېدى:

— مەن تارىخنى ياخشى كۆرۈمەن، ئەمما ئوقۇغان كىتابلىرىم تولىمۇ ئاز! بۇ ئۇنىڭ كەمتەرلىكى ئىدى، ئۇ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا



قوماندانلىق قىلىپ جەنۇبتىن شىمالغا يۈرۈش قىلغان. يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا پىسەنت قىلماي قان كېچىپ ئۇرۇش قىلىپ كۆپ قېتىم يارىلانغان، ھەتتا ھاياتىدىن ئايرىلغىلىمۇ قىل قالغان. ئۇ مەشھۇر ھەربىي ئالىم ئىدى، ئەمما بىزدەك قەلەمدارلار ئالدىدا ئۇ بۇلارنى قىلچە تىلغا ئالمايتتى. بىزنىڭ كەسپىمىزگە كۆڭۈل بۆلۈپ كونكرېت يېتەكچىلىك قىلاتتى.

— سىلەر ماتېرىيال يازغاندا ۋاقىت، ئورۇن ۋە ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق، ئوچۇق يېزىڭلار ھەم ئۇستىدىن تەكشۈرۈپ خاتالىق قالدۇرماڭلار، بۇ تولىمۇ مۇھىم، -دەيتتى ئۇ.

2

كەسپىي يېتەكچىمىز دېڭ لىچۈننىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە كىتاب تۈزۈش جەھەتتە مول تەجرىبىسى ۋە ئۆزگىچە قارىشى بار ئىدى. ئۇ گومىنداڭنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرى بولغان دېڭ فېيخۇاڭنىڭ ئىنىسى بولۇپ، بېيپىڭ خۇيۋېن تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تەبىئىي پەنلەر كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. كېيىن يەنئەن ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلى ئاساسىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى. 1949-يىلى كۈزدە، ئۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئالاقىچىسى سۈپىتىدە، موسكۋا-غۇلجا ئارقىلىق مەخپىي ھالدا دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) كەلگەن. ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندە ماڭا بەرگەن تەسىرى تولىمۇ سالاپەتلىك ئىدى. 1982-يىلى مەن جاڭ يىچۈن، ليۇ يۈلياڭ بىلەن بىللە

ئۇنى كۆرگىلى بارغاندا، ئۇ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ:

— «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مەن يەتتە يىل ئېغىر ئەمگەككە سېلىندىم، ھەر كۈنى ناھايىتى ئېغىر ئەپكەش كۆتۈردۈم، -دېگىنىچە قاقاقلاپ كۈلگەندى. كېيىن مەن يەنە ئۇنى ئۈچ نۆۋەت يوقلاپ باردىم، ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى «شىنشيەن خۇتۇڭ» دېگەن كوچىدا كونا بىر قەۋەتلىك ئۆيدە ئولتۇرغانىكەن. 1991-يىلى مەن ئامېرىكا رامسون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇبخانىسىدا «China Spring» (جۇڭگو باھارى) ژورنىلىنى كۆرۈۋاتقىنىمدا، مەخسۇس دېڭ لىچۈن تونۇشتۇرۇلغان ماقالىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، ماقالىغا قىستۇرۇپ بەرگەن سۈرەتتە ئۇنىڭغا «سولچىل پاسىبان» دەپ چۈشەندۈرۈش بېرىلىپتۇ. كېيىن مەن چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كېلىپ ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان بىر توپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىپ چۈشەندۈرۈپ:

— مەن ئامېرىكىغا يولغا چىقىش ئالدىدا دېڭ لىچۈننىڭ ئۆيىدە يېرىم كۈن تۇردۇم، ئۇنىڭ «سولچىل» پىكرىنىڭ بارلىقىنى بايقىمىدىم. ئۇ بىر ئىسلاھاتچى ھەم ئىسلاھاتنىڭ ھىمايىچىسى، «جۇڭگو باھارى» دىكى گەپلەرگە ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەرسىگە باھا بەرگەندە باسقۇچقا بۆلۈپ باھا بېرىش كېرەك ئىدى، مەسىلەن، لىۋ بىڭيەن ئىلگىرى كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى، ھازىر ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە يەنە قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىغا بىر نېمە دەپ بولمايدۇ، -دېدىم. گېپىمنى ئاڭلىغانلار كۈلۈشۈپ كېتىشتى. مەن لىۋ بىڭيەن بىلەن كۆرۈشمىدىم، خوتۇنۇم ئۇنىڭغا بىر گالستۇك سوۋغا قىلدى. لىۋ بىڭيەننىڭ نيۇ-يوركتا جاڭ شۈلياڭ بىلەن قىلغان سۆھبىتى



سان-فرانسىسكودا چىقىدىغان «دۇنيا گېزىتى» بىلەن شياڭگاڭدا چىقىدىغان «خەۋەرلەر» گېزىتىدە تولۇق بېسىلىپتۇ.

گېپىمىزگە كەلسەك، ئەينى يىللاردا بىز بىيۇرودىكى چېغىمىزدا تولىمۇ «راستچىل» ئىدۇق، ھەرقانداق گەپنى دېيىشكە جۈرئەت قىلالايتتۇق. مەسىلەن، 1950-يىلى مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەپچىقىرىش دولقۇنى قانات يايدۇرۇلغاندا، بۆلۈم باشلىقى جاۋ بىزنى دەريا بويىدىكى سۆگەتلىككە تال نوتىسى يىغىپ سۆۋەت توقۇشقا ئېلىپ باردى. بۇ چاغدا لىڭ سوڭچۈن ياڭگېر (بىر خىل خەلق ناخشىسى-تەھرىر) ئېيتىپ: «ئەينى يىللىرى بەللىرىمىزگە سۇۋادان نوتىسى ئاساتتۇق، ئەمدىكى بۇ كۈنلەردە سۆگەت نوتىسى ئاستۇق» دېۋىدى، ياڭ تىڭرۇي دەرھال: «بۇرژۇئا ئۇنسۇر يەنە كەپتۇ» دېدى، مەن دەرھال: «نامراتلىقتىن باياشادلىق كۆپ ياخشى» دېدىم، ئەلۋەتتە بىز بۇ يەردە كۈلكە چاخچاق قىلىشىۋاتاتتۇق. بىز بەزىدە ئۆگىنىش داۋامىدا مۇنازىرىلىشىپ قالاتتۇق، بەزىلىرىمىز تارىخنى قەھرىمانلار ياراتقان، دېسەك، بەزىلىرىمىز تارىخ قەھرىمانلارنى ياراتقان، دەيتتۇق، يەنە بەزىلىرىمىز بۇنىڭغا ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن قاراش كېرەك، دەيتتۇق، بۇنىڭدا ئىلمىي مۇنازىرە تۇسى قويۇق بولاتتى، پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ ئولتۇرمايتتۇق. لىڭ سوڭچۈن ئىنگلىز تىلى بىلەن ياپون تىلىغا پىششىق ئىدى، كېيىنچە ئۇ بىرنەچچە كىتاب تەرجىمە قىلدى ھەم خېبېي گۇئەن مالىيە، ئىقتىساد كادىرلىرى ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ دائىم خەت ئالاقىسى قىلىپ تۇردۇق، ئۇ تېخى يېقىندىلا ئالەمدىن ئۆتتى.

## 3

1951-يىلى ئېلىپ بېرىلغان «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» بىر قېتىملىق زور سىياسىي ھەرىكەت ئىدى، بۇ چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر يۈرەك ئالدى بولۇپ تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتى. ئەمما بىيۇرودىكى يىغىنلاردا بىز يەنىلا راست سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالايتتۇق. كۇ يۇمىن:

— سىرتتا كىشىلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى شېڭ شىسەينىڭ باستۇرۇشىغا ئوخشاپ قالدى، دېگەندەك غۇلغۇلىلىرىنى ئاڭلىدىم، -دېۋىدى، مەن:

— ۋاڭ خېڭشېڭنىڭ ئەدىپىنى بېرىش، شېڭ دالۇننى ئېتىپ قويۇپ ئۇرۇش ھەقىقەتەن چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك، -دېدىم.

— تاۋ تيەنبەينىڭ سۆزلىرى قايغۇ-نەپرەتلىك كەيپىياتقا تولغان، -دېدى گۇباۋ. ئەمما خوكاڭ مېنى ماختاپ: -تاۋ تيەنبەي ھەق گەپنى دەۋاتىدۇ، دېدى. ۋاڭ خېڭشېڭ بىلەن شېڭ دالۇن ھەقىقەتكە قايتقان خادىملاردىن بولۇپ، شېڭ دالۇن تېخى كونا تاموژنا باج خادىمى ئىدى. يىغىندىن كېيىن قوماندان مەندىن ۋاڭ خېڭشېڭنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— ۋاڭ خېڭشېڭ گېرمانىيىدە ئوقۇپ كەلگەن گېئولوگىيە ئالىمى، ئۇ ئامېرىكىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بىلەن باردى-كەلدى قىلىشىشىمۇ، ئەمما ئۇ ئىشپىيون ئەمەس، كەلگۈسىدە بىز كان ئاچقاندا ئەنە شۇنداق ئادەملەرگە مۇھتاج بولىمىز، -دېدىم.



— توغرا ئېيتتىڭىز، مەن دەرھال ليۇ خۇپېڭغا تاپىلاي، -دېدى قوماندان. ليۇ خۇپېڭ ئەينى چاغدا ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ۋاڭ خېڭشېڭ چىداۋان ئۈستى ئوچۇق كۆمۈركانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، لىيەن دەرىجىلىك مۇئامىلىدىن بەھرىمەن قىلىندى، كېيىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي بۆلۈم ھەيئىتى بولدى، ھازىر ئاكادېمىك بولۇپ ئىشلىمەكتە.

مەن قوماندان بىلەن يەنە بىر نەچچە قېتىم بىۋاستە ئۇچراشقانىدىم. بىر قېتىم ئۇ مەندىن «شەرقىي جو دەۋرىدىكى بەگلىكلەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا يېزىلغان ئىشلارنىڭ ھەقىقىي بولغانلىرى كۆپمۇ ياكى توقۇلمىلىرى كۆپمۇ دەپ سورىۋىدى، مەن قوماندانغا ئۇ كىتابتىكى ۋەقەلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھەقىقىي ۋەقە ئىكەنلىكىنى، بىر قىسىملىرىنىڭلا رىۋايەت ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. قوماندان شۇ كۈنلەردە «شەرقىي جو دەۋرىدىكى بەگلىكلەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنى كۆرۈۋاتاتتى. بۇ ھەقىقەتەن ياخشى كىتاب ئىدى، ئۇنىڭدىن ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرىدىكى بەگلىكلەرنىڭ 500 نەچچە يىللىق مۇھىم تارىخىي ھېكايىلىرىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايتتۇق. بىر كۈنى قوماندان ناھايىتى قايغۇلۇق ھالدا كىرىپ كەلدى ۋە:

— ماڭا بىر تېلېگرامما تېكىستى تەييارلاپ بەرسىڭىز، يولداش رېن بىشى ۋاپات بوپتۇ، تەزىيە تېلېگراممىسى يوللايلى، -دېدى. مەن تەييارلاپ بولۇپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىۋىدىم، ئۇ:

— تەزىيە تېكىستىگە «نەۋقىران» دېگەن سۆزنى ئىشلەتسەك باپ

كېلەرمۇ؟-دېدى. مەن:

— باب كېلىدۇ،-دېدىم، چۈنكى يولداش رېن بىشى ۋاپات بولغاندا ئەمدىلا 46 ياش ئىدى.

4

سابىق غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى لىيۇ مېڭچۈن بىيجىڭغا يۆتكىلىشتىن بۇرۇن، قوماندان مەندىن لىيۇ مېڭچۈن بىلەن جاڭ جىجۇڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى سورىغانىدى، مەن:

— بۇ يەردە بىر ھېكايە بار. جاڭ جىجۇڭ نەنجىڭدىكى مەركىزىي ھەربىي مەكتەپنىڭ مائارىپ مۇدىرى بولۇپ تۇرغان مەزگىللىرىدە، ئۇنىڭ مۇدىر كاتىپى شىيا ۋېيخەي دېگەن يىگىت بولۇپ، ئۆز باشلىقىغا سادىق، بىلىملىك، ئەمما ئالدىراپ ئۆز مەيلىچە ئىش قىلمايدىغان ئادەم ئىدى. لىيۇ مېڭچۈن بولسا ئۇ چاغدا ئادەتتىكى بىر سىياسىي تەربىيىچى-ئىنستىرۇكتور ئىدى. بىر كۈنى توساتتىن ۋۇ جۇڭشىن ئەتە كەچتە جياڭ جىڭگونىڭ ئانىسىنىڭ مەۋلۇت كۈنىنى خاتىرىلەشنى مەخپىي تەشكىللىگۈدەك دېگەن خەۋەر كېلىپ قالىدۇ. جاڭ جىجۇڭ بۇنىڭغا سوۋغا ئاپىرىش لازىملىقىنى، بولۇپمۇ ئوبدان قەسىدە ئاپىرىش لازىملىقىنى ھېس قىلىدۇ. شىيا ۋېيخەي دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغاندا، لىيۇ مېڭچۈن بىر ئىش تۈپەيلى كېلىپ قالىدۇ ۋە ئىشنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەر تېپىپ، شىيا ۋېيخەينىڭ ئورنىدا جياڭ جىڭگونىڭ ئانىسىنىڭ ئەخلاق، پەزىلىتىنى ماختاپ ھەم سوڭ مېيلىڭنىڭ ئايرويىغىمۇ تەسىر



يەتمەيدىغان قىلىپ تازا كېلىشتۈرۈپ بىر قەسىدە پۈتۈدۇ، شىيا ۋېيخەي بىلەن جاڭ جىجۇڭ بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن شىيا ۋېيخەينىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، لىيۇ مېڭچۈن بىراقلا باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. لىيۇ مېڭچۈننىڭ ئۆزىگە يارىشا قابىلىيىتى بار ئىدى، ئەزەلدىن ئىختىساسلىقلارنى ئەتىۋارلايدىغان جاڭ جىجۇڭ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلايدۇ. لىيۇ مېڭچۈن گۇاڭدۇڭلۇق، جاڭ جىجۇڭ ئەنخۇيلۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق تۇغقاندارچىلىقى يوق ئىدى، دېدىم. مەن بۇلارنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ:

— مەن گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىمنىڭ بەزىلىرىنى لىيۇ مېڭچۈننى تۈزىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتىم، مەن ئۇنى قالتىس ھۆرمەتلەيتتىم،-دېۋىدىم، باش قوماندان:

— بىر نەرسە يېزىش ئاسان ئەمەس، يازغان نەرسىنى تۈزىتىشمۇ ئاسان ئەمەس. لۇ دىڭيى يەنئەندە باشقىلارنىڭ ماقالىسىنى تۈزىتىپ بېرەتتى، بەزىدە تۈزىتىمەن، دەپ باشقىلارنىڭ ئەسلى دېمەكچى بولغان مەناسىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەنقىدىگىمۇ ئۇچرىغانىدى،-دېدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە باش قوماندان ئۆزىنىڭ بىر پارچە ماقالە ئورىگىنالىنى ماڭا بېرىپ «ئوڭشاپ» بېرىشىمنى تاپىلىدى، شۇندىلا مەن ئۇنىڭ لۇ دىڭيىنىڭ ماقالە تۈزىتىشى توغرىسىدىكى ئىشنى بىكارغا ئېيتمىغانلىقىنى چۈشەندىم، كۆڭلۈمدە «بۇ ئادەم ئاددىي ئادەم ئەمەسكەن» دېگەن ھېس پەيدا بولدى.

شىنجاڭ-شىزاڭ تاشيولىنى ياساشقا مەسئۇل يولداش بيۇروغا كېلىپ ئەھۋاللاردىن مەلۇمات بەرگەندە مەنمۇ بار ئىدىم. بۇ تاشيولنى ياساشنىڭ قانچىلىك قىيىن ئىكەنلىكىنى قەلەم ئارقىلىق بايان قىلىشقا ئاجىزلىق

قىلىمەن، دوكلات قىلغۇچى يولداشنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قۇرۇلۇشتا بىر نەچچە يولداش قۇربان بوپتۇ. شۇ قېتىمقى دوكلات يىغىنىدا شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى دۇ پېڭچېڭمۇ بار ئىدى. دوكلات ئاڭلاش يىغىنىدىن كېيىن باش قوماندان بىزنى ئېلىپ قېلىپ، شىزاڭنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى سورىدى. شىزاڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو تېررىتورىيىسىگە كىرگەن، ئەمما يېقىنقى زاماندىن بېرى تاكى ئازادلىققا قەدەر ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلگەن. مەن بۇلارنى سۆزلىگەچ يەنە بىر ھېكايە«قىلتاق ئىچىدىكى قىلتاق»نى سۆزلەپ بەردىم، بۇنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، چۇڭچىڭدا جياڭ جيېشىنىڭ مېھمانخانىسىدىكى كاتىپ شېن مەنرو ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى. جياڭ جيېشى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ شىزاڭنى كونترول قىلغىنىغا ئىنتايىن نارازى ئىكەن، ليۇ ۋېنخۇينىڭ شىكاڭدا قول ئاستىدىكى قوشۇننى مىدىرلاتماي، قوماندانلىققا بويسۇنماي ۋاتقانلىقىغا تېخىمۇ نارازى ئىكەن. لوندوندا كىرىزىس يۈز بېرىپ ئەنگلىيىلىكلەر ئۆزى بىلەنلا بولۇپ قالغاندا، جياڭ جيېشى ليۇ ۋېنخۇيغا شىزاڭغا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى بەرگەن. ليۇ ۋېنخۇي جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇبدان بىلگەچكە، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەندەك شىزاڭغا يۈرۈش قىلىش «بۈيۈك» پىلانىنى تۈزۈپ، جياڭ جيېشىغا ئارقا-ئارقىدىن ئادەم ئەۋەتىپ قورال-ياراغ، پۇل-پۇچەك، ئات-ئۇلاغ، ئوزۇق-تۈلۈك تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان، جياڭ جيېشى بۇنىڭدىن بىزار بولۇپ، ئاقىۋەتتە شىزاڭغا يۈرۈش قىلىش ئىشى بىر ياققا قايرىلىپ قالغان.

— ئۇ چاغدىكى شىزاڭ پەقەت نامدىلا جۇڭگوغا قارايتتى، بۈگۈنكى



كۈندە بىز شىزاڭ مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلالىساق، بۇ زور تارىخىي تۆھپە بولىدۇ، -دېدىم مەن ھېكايەمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، باش قوماندان باش لىڭشىتىپ بۇ سۆزۈمنى توغرا تاپتى.

## 5

بىر كۈنى باش قوماندان بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ سۇ بېيخەي (ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسىم-فامىلىسى ۋاڭ رېنەن بولۇپ، كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور بولغان) بىلەن ئىككىمىزنى دىخۇا (ئۈرۈمچى) شەرقىي قوۋۇق (دوڭمېن) سىرتىدىكى 2-پىيادە قىسىم مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى يەن خۇاينىڭ ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلدى.

— بۇ قېتىم بېيجىڭغا بارغىنىمدا رەئىس مېنى ئۆمرىڭىزنىڭ يېرىمىغىچە ئەسكەر باشقۇرۇپمۇ دۈشمەن ئەھۋالى توغرىسىدىكى قارىشىڭىز ئاجىزكەن، ھازىر دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا يەنىلا ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ، شىنجاڭدا ھەربىي مەكتەپ قۇرۇش ھاجەتسىز، دەرھال ھەربىي مەكتەپنى يېزا ئىگىلىك مەكتىپىگە ئۆزگەرتىڭلار دەپ تەنقىد قىلدى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن 2-قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى مەكتىپى ئاساسىدا 1-ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتوتى قۇرۇلدى. بۇ 1953-يىلى بولۇپ، تۇجى، مىڭ مېيشېڭ ئىنستىتوتنىڭ مۇدىرى، جاڭ زىخو ۋە سابىق 2-قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، كېيىنچە شىجياجۇاڭ ھەربىي ئىنستىتوتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان يەن خۇايى مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتكە سازاۋەر، دۇرۇس

كىشىلەر ئىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن ۋاپات بولۇپ كەتتى، ئۇلارغا ئائىت ئۆتكەن ئىشلار ھېلىمۇ خىرە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. مەن «1-ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى تەييارلىق بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىنى زىممەمگە ئالغاندىم، 80 نەچچە ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئاساسەن كادىرلار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۆ جۇڭخەي، بەي بۇجاڭلار باتالىيون دەرىجىلىك كادىرلار ئىدى، مېي شۇيى پەي دەرىجىلىك ئايال كادىر بولۇپ، ھەربىي رايوننىڭ سابىق شتاب باشلىقى رېن شۇتيەننىڭ خانىمى ئىدى. 1954-يىلى مەن ئۇلارنى باشلاپ چىلپەڭزىدىكى 20-پولكقا بېرىپ 40 كۈن پاختا يىغقاندۇق، مېي شۇيى پاختا يىغىش ماھىرى ئىدى. بەي بۇجاڭ باتالىيون دەرىجىلىك كادىر بولغىنى بىلەن ئوخشاشلا پاختا يىغىش ماھىرى ئىدى، كېيىنچە ئۇ پولك سىياسىي كومىسسارى بولدى، ئەينى چاغدا 20-پولك 3-لىيەننىڭ لىيەنجاڭى ئۇنى «ماشىنا باشلىق» دەپ تەرىپلىگەنىدى. تېخى ئالدىنقى يىلى ئۇلارنىڭ بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشى ما جېنگاڭ قاتارلىقلار مېنى يوقلاپ كەپتۇ، بىز ئۆتكەن ئىشلار توغرىلىق قانغىچە مۇڭداشقاندا، ۋاقىت خۇددى ئارقىغا يېنىپ ئەينى يىللارغا قايتقاندەك بولۇپ قېلىشقاندۇق.

مېنىڭ قېيىنئىنىم جۇ جياخۇا ئازادلىقتىن كېيىن خاربىن ئاۋئاتسىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، كوممۇنىست ئىدى، ئۇ كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى، ئىلگىرى ھاۋا ئارمىيە ئۇچقۇچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئۇچۇشتىن قالدۇرۇلۇپ يەر ئۈستى خىزمىتىگە تەڭشەلدى، ئۇزاق ئۆتمەي نەنجىڭ پولات-تۆمۈر زاۋۇتىغا ئىشچىلىققا چۈشۈرۈۋېتىلدى. شۇغىنىسى ئۇ ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنىدى، سەۋەبى پەقەت ئۇنىڭ ئاتىسى-مېنىڭ



قېيىنئاتام جۇ باڭشى گومىنداڭ ئارمىيىسىدە گېنېرال مايور بولغىنى ئۈچۈنلا ئىدى، ئۇ گېنېرال مايور بولغىنى بىلەن ئوخشاشلا ھەقىقەتكە قايتقان ئوفىتسېر ئىدى. جۇ جياخۇا كۆپ قېتىم ئالاقىدار تارماقلارنىڭ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ئىلتىماسى قوبۇل كۆرۈلمىگەنىدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي دوكلات قىلىپ يېزىپ، خۇ جۇڭدىن دەرقەمدە تۇرۇپ باش قوماندانغا ئىلتىماس قىلىپ بېقىشىنى ئۆتۈندۈم. خۇ جۇڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئىلگىرى پېڭ جېنغا كاتىپ بولغان، كېيىنچىرەك باش قوماندانغا سەپلەپ بېرىلگەنىدى. مەن يازغان دوكلاتقا باش قوماندان «ھەقىقەتكە قايتقانلارنى تەقدىرلەش كېرەك، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۈچۈن سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بېرىش زۆرۈر، شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ تەستىق سالدى. جۇ جياخۇا ئىككىنچى يىلى نەنجىڭ پولات-تۆمۈر زاۋۇتى تەرىپىدىن گېنېراتور رېمونت قىلىش تارماق زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

باش قوماندانىنىڭ خېتى ناھايىتى ئۇستىخانلىق بولۇپ، ھازىرقى كورلا شەھىرى ئەتراپىدىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ زىننەت دەرۋازىسى ئۈستىدىكى «باش ئەگىم» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچىسى بولغان «تېمېنگۈەن» خېتىنى باش قوماندان ئۆزى يېزىپ بەرگەنىدى.

## 6

1983-يىلى مەن «شىنجاڭدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئېكسكۇرسىيە

ئۆمىكى» تەركىبىدە بېيجىڭ، سەددىچىن، مىيۈن، تيەنجىن، شاڭخەي، نەنجىڭ، ۋۇشى، خاڭجۇ، تۇڭلۇ، خەينىڭ، فۇجۇ، شيامېن، شىئەن، شيەنياڭ قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدۇم، خەن يوۋېن ئۆمەك باشلىقى، چېن فاڭبەي، ئىبراھىم مۇتىئىي، جاۋ شاۋخۇلار مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ئىدى. باش قوماندان، يۇ چيۇلى، ياڭ جىڭرېنلار بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭ «خەلق» سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىدا زىياپەت بېرىپ بىزنى كۈتۈۋالغان ھەم بىزگە روھىي ئىلھام بەرگەنىدى، مەزكۇر سورۇندا تۆمۈر داۋامەتمۇ بار ئىدى. ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى تېلېۋىزىيە خەۋىرىدىن باش قوماندانىنىڭ 85 يېشىدا گۇاڭجۇدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن قايغۇردۇم. باش قوماندانىنىڭ تەبەسسۇملۇق چىرايى زادىلا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى، تارىخ ئەسلىمىلىرى يەنە خىيالىمدىن كەچتى-دە، ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن بىللە بولغان كۈنلەرنى ئەسلىدىم. ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكىلەر «خەلق» سارىيىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشكەنىدۇق، بۇلارنىڭ ئارىسىدا سابىق شۆبە بيۇرودىكىلەردىنمۇ بىر نەچچەيلەن بار ئىدى، ھازىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بۇرھان شەھىدى، چۇ ۋۇ، چېن شى، ما خەنبىڭ، جاڭ چىڭيۈن، دۇ شۆزېڭ، لى ۋۇشىن، لى تاڭمىن، ياڭ تىڭيىڭ، خەن جىلۇڭ، ۋاڭ مېڭياڭ، ئوۋياڭ ۋېنلىن، جىڭ يۇندۇەن، مو دىڭ، دېڭ لياڭمىڭ، ۋېن جۇڭلياڭ، باۋ دېيەنخۇا ۋە ليۇ مېڭچۈنلەر بۇ دۇنيادىن كەتتى. ئۇلار شىنجاڭنى قوغداش ۋە شىنجاڭنى قۇرۇش جەھەتتە زور كۈچ چىقارغان ھەم كۆپ مۇشەققەت چەككەنىدى. شۇ تاپتا جەنۇبىي جۇڭگو ياپ-يېشىل باھار پەيزىدە بولسىمۇ، ئەمما كۈيتۈن قار لىباسىغا پۈركەنگەنىدى. ھايات قالغانلارنىڭ كۆز ئالدىدا بولسا داغدۇغىلىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش



مەنزىرىسى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، كۈنسېرى يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر بولماقتا. پېشقەدەملەر، تىنچ ئۇيقۇدا يېتىڭلار. بىزگە ئوخشاش ھايات ياشاۋاتقانلار غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قوشۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن داۋاملىق تۆھپە قوشۇپ، مەرھۇملارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سەمىمىي غەمخورلۇقىغا جاۋاب قايتۇرىمىز. ئۆتكەن ئىشلار يىللار جۇدۇنىنىڭ تۇتەكلىرىدە خىرەلەشكەن بولسىمۇ، ئەقىل ساھىبلىرى ئۇنى پەرق ئېتەلەيدۇ.

سۇڭ شىليەنمۇ بىزنىڭ قاتارىمىزدىكىلەردىن ئىدى، يېقىندا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تېلېۋىزىيە خەۋىرىدە ئۇنىڭ 86 ياشتا نيۇ-يوركتا ۋاپات بولغانلىقىنى كۆردۇم، ئۇمۇ شىنجاڭدا كۆپ يىل خىزمەت قىلغانىدى. 1991-يىلى مەن نيۇ-يوركتا جاڭ سۇچۇ بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكىنىمدە سۇڭ شىليەنىنىڭ ئاغرىپ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدىم، ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن دوختۇرخانىغا يوقلاپ بارالمىغانلىقىمدىن قاتتىق ئۆكۈندۈم. يەنە، نەۋرە ئاكام تاۋ يۇخېڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 8-قارارلىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، 1994-يىل 2-ئاينىڭ 5-كۈنى تەيبېيدە 86 يېشىدا ۋاپات بولدى. تەيۋەننىڭ ئاتالمىش سابىق «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى» جېڭ ۋېييۈەن بىلەن مەتبۇئات ماگناتى ۋاڭ تىۋۇ باش بولۇپ ئۇنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىپ قويغاندا، مەن: «بۇ قىيامەت جاھاندۇر، قىسمىتى بەك مۇشەققەت، بوپ قالدىغۇ يۇرت تىلىكى ئىزگۇ سېزىم ئالامەت؛ نۇر كېڭەيدى، بولدى ئاپتاپ، جىسمۇ-روھلار كاتتا سوۋغا جۇڭخۇا ئۈچۈن ئامانەت» دەپ مەرسىيەنامە ئەۋەتتىم. نەۋرە ئاكام تېخى 1-ئاينىڭ 28-كۈنىلا ماڭا خەت يېزىپ، ۋەتەننىڭ تېزرەك بىرلىككە كېلىشىنى تولىمۇ تەقەززالىق بىلەن

كۆتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى.

## 7

ئاخىرىدا يەنىلا ۋاڭ جېن توغرىلىق يازاي.
دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن
ۋاڭ جېن ئاددىي بىر تۆمۈريول ئىشچىلىقىدىن
رەئىسى بولدى، بۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئىش ئىدى. ئۇ جەڭدە باتۇر، «قىيىنچىلىق» دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان، ئۆگىنىشكە ماھىر، تەدبىرلىك ئادەم ئىدى. ئۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنەتتى، كەسكىنلىك بىلەن ئىش قىلاتتى. ئالايلۇق، شىمالىي شىنجاڭدا ئەزەلدىن كېۋەز تېرىلمايتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسى تىتوق «نەق مەيداندا تەكشۈرۈشىمىزچە ۋە ئىلمىي تەھلىل قىلىشىمىزچە، شىمالىي شىنجاڭدا چوقۇم كېۋەز تېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ» دېگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ جېن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىي قىسىمنى قوزغاپ، شىمالىي شىنجاڭدا زور كۆلەمدە كېۋەز تېرىپ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ۋاڭ جېن زىيالىيلارنى بەك ئاسرايتتى. ئۇرۇش يىللىرىدا كانادالىق دوختۇر بېتيۇنغا تەرجىمانلىق قىلغان ما خەنبىڭ ئەسلىدە ياش مۇھاجىر ئىدى، بىر قېتىم مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خې لۇڭ ئۇنى ئېتىپ تاشلىماقچى بولغاندا، ۋاڭ جېن ئۇنى قوغداپ قالغانىدى. كېيىن، ماخەنبىڭ «ئوڭچىللارغا قارشى تۇرۇش» كۈرىشىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، يەنئەندە يۈز بەرگەن «ياۋا گۈلسامساق» ۋەقەسى بىر مەزگىل زىلزىلە پەيدا قىلغانىدى، بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ۋاڭ شىۋېي بولۇپ، ئۇمۇ چەت ئەل تىلى تەرجىمانى



ئىدى، ئۇ «چۈشتى ئۇسسۇلغا تامامى بوغماق پۇتلار شادلىنىپ، كۆيلەر قاتتى ئۇز-لېۋەنلەر، تولدى ساراي باھارغا» دېگەندەك نەزمىلەرنى يازغىنى ئۈچۈن، «تروتىسكىچى ئۇنسۇر» قىلىپ قويۇلغانىدى. شۇ چاغدا يەنىلا ۋاڭ جېن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، ئەمما، خۇ زوڭنەن يەنئەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، بىر ئاتىكاچى لىيەنجاڭ ھەربىي يۈرۈشتە «بۇ تروتىسكىچى ئۇنسۇر»نى بىللە ئېلىپ يۈرۈش ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلىدۇ، بىرەر پاي ئوقىمۇ يارىمايدۇ دەپ چېپىپ تاشلىغاندا، ۋاڭ جېن ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كېتەي دېگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا ماخەنبىڭ بىلەن ۋاڭ شىۋېي ئاقلىنىپ ئىجابىي شەخسلەر سالاھىيىتىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالدى.

## 8

ۋاڭ جېن بىزگە «گۇەن شياڭيىڭ تەشكىلىي قارىشى كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، زىيالىيلارنى ئەتىۋارلاپ، سىياسەتنى قاتتىق ئىجرا قىلىشتا قىلچە بىخۇدلۇق قىلمايتتى، بۇ ماڭا بەك تەسىر قىلغان» دېگەنىدى. 1952-يىلى ۋاڭ جېن دىخۇادىكى «لاۋمەنچېڭ» دا ئۆزىنى ئاشكارا تەكشۈرۈپ: «مەن چارۋىچىلىق رايون ئىگىلىكىنىڭ كاپىتالىستىك ئىگىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تەركىب ئايرىش، يەر ئىسلاھاتىغا ئوخشاش ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش خاتا ئىكەن» دېگەنىدى.

بەزىلەر 1949-يىلى ماۋ ئەپەندى (ماۋ جۇشى) زور كۆپچىلىك نامرات دېھقانلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلىدى، دېيىشىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئاساسلىق ئامىل ئىدى، ئەمما ۋاڭ جېندەك ئادەملەرمۇ ناھايىتى

زور رول ئوينىغانىدى. ئەينى يىللىرى شىمالىي شەنشىدىكى «نەننىۋەن»دە زور كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىش قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈچۈن ناھايىتى زور مەسىلىنى ھەل قىلىپ بەرگەندىن سىرت، يەنە بىر تۈركۈم ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك جەڭگىۋار تايانچىلارنى چېنىقتۇرۇپ چىققانىدى. ئاشۇ زور كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىشقا ۋاڭ جېن رەھبەرلىك قىلغانىدى. شىنجاڭدا غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيسۇنلار يېرىدە بوز يەر ئېچىلغاندىن بۇيان، ھەرقايسى دەۋرلەردە ھەربىيلەر، پۇقرالار، جىنايەتچىلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ باققان بولسىمۇ، ئەمما لېكىن ئۇلارنىڭ كۆلىمى، قوشۇنىنىڭ زورلىقى، ئوينىغان رولى بۈگۈنكى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدەك ئەمەس ئىدى. بۇمۇ ئەلۋەتتە ۋاڭ جېنىنىڭ ئەڭ چوڭ تۆھپىسى بولىدۇ. بىراق ۋاڭ جېنىنىڭ قىيىنچىلىقنى مەنسىتمەيدىغان قەتئىي مىجەزى بەزى پاسسىپ تەسىرلەرنىمۇ پەيدا قىلماي قالمىدى، بۇنى بەلكىم ئۇ ئۆزى ۋاپات بولغىچە بىلمەي كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن ئالايلۇق، بىر دىۋىزىيە كوماندىرى ئۇنىڭغا: «بۇ يىل بىزنىڭ دىۋىزىيىدە بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىندى، كادىر، جەڭچىلەر بىردەك تاغار كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئەتىدىن كەچكىچە بۇغداي سىيرىيدىغان بولدۇق» دەپ ئەھۋال دوكلات قىلغاندا، ۋاڭ جېن «نېمىشقا ئورغاقتا ئورىمايسىلەر؟» دەپ سورىغان، ھېلىقى دىۋىزىيە كوماندىرى «ئورغاق يېتىشمەيدۇ، سېتىۋالغىلى پۇل يوق» دېگەن. نەتىجىدە، مەسىلە ۋاڭ جېنىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ھەل بولغان. ناۋادا ھېلىقى دىۋىزىيە كوماندىرى ۋاڭ جېنغا ئورغاق سېتىۋېلىشقا پۇل تەلەپ قىلىپ بىۋاستە ئېغىز ئاچقان بولسا، ۋاڭ جېن خاپا بولۇپ، سىلەردە قىيىنچىلىقنى يېڭىش دېگەن روھ يوق، دېگەن بولاتتى. بۇنى ماڭا



لى فامىلىلىك بىر مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى سۆزلەپ بەرگەنىدى، ھەربىيلەر ئىچىدە بۇ «مەخپىيەتلىك» ياكى «پۇل ھەل قىلىش تېخنىكىسى» بولۇپ قالغان. ۋاڭ جېن ھۆرمەتكە سازاۋەر ھەم ئۆگىنىپ پايدىلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم ئىدى.

(تاۋ تيەنبەي: بىر مەزگىل جاڭ جىجۇڭنىڭ مۇدىر كاتىپى بولغان، 1949-يىلى «25-سېنتەبىر» ھەقىقەتكە قايتىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان، كېيىن كۈيتۇندىكى ئىلى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىنستىتوتىدا پروفېسسور بولغان)

تۇرغۇن ئابدۇلئەزىز تەرجىمىسى

# بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ ئازادلىقنىڭ ئالدى-كەينىدىكى كۆچۈش، ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا

ۋاڭ شاڭرېن

بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن شىنجاڭدىن باشقا ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ چىقىپ كېتىشى ۋە شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىش مەسىلىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقىدا مۇۋاپىق ھەل قىلىندى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، چىڭخەي ۋە گەنسۇلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان قازاق ۋە موڭغۇللارنىڭ شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىشى، زاڭزۇلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى ۋە قايتا كۆچۈپ كېتىشى، دوڭشياڭ، سالارلارنىڭ كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى ۋەھاكازالار پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە بىنائەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

## 1. چىڭخەي ۋە گەنسۇدىكى قازاقلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى

### 1) 1957-يىلى 1-قېتىم شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىشى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدىكى بىر قىسىم قازاق قېرىنداشلار شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا چىدىماي، قەبىلە بويىچە چىڭخەينىڭ غېرمۇ ئالتۇن چوققا ۋە گەنسۇنىڭ ئاقساي قاتارلىق جايلىرىغا سەرسان بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ بىر قىسىم ئاھالە قەبىلە بويىچە كۆچۈپ



يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قانداش تۇغقانلاردىن بولۇپ، لايىق تېپىش تەس بولۇش، ياشانغانلار تۇغۇلغان يۇرتىنى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى سېغىنىش سەۋەبلىك، ئازادلىقتىن كېيىن رەھبەرلىككە شىنجاڭغا قايتىپ ئولتۇراقلىشىش تەلىپىنى قويغانىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مىللەتلەر سىياسىتىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1956-يىلى ماغاۋىيە ئۆمەك باشلىقى، مۇقان مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىق بولغان «ئاپتونوم رايوننىڭ چىڭخەي، گەنسۇغا بېرىپ ھال سوراش ئۆمىكى»نى ئەۋەتتى. بۇ ئۆمەك 1956-يىلى 6-ئاينىڭ 27-كۈنى يولغا چىقىپ، 1956-يىلى 9-ئاينىڭ 15-كۈنىگىچە بولغان ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە چىڭخەي غېرمۇدىكى ئالتۇن چوققا، گەنسۇدىكى ئاقساي ۋە گەنسۇ سۇبېيدىكى ئىمتو قاتارلىق ئۈچ جايدىكى قازاق، موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ ئۆيلىرىگە ھال سوراپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى بۇرۇن ياشىغان رايونى ۋە قەبىلىسى تۇرۇشلۇق جاينى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىنكى پىلانى ۋە قەيەرگە ئولتۇراقلىشىش ئويى بار-ئىكەنلىكى توغرىسىدا پىكىر ئالدى. كونكرېت تەلەپ ۋە ھازىر تۇرىۋاتقان جايىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى شىنجاڭدىكى ئەسلى يۇرتىغا كۆچۈپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆزلىرىنىڭ شۇ جايىنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا كۆنەلمىگەنلىكىنى، تىلىنى بىلىپ كېتەلمىگەنلىكىنى، پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىشى تەس بولغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقىنى، چوڭلارنىڭ ياقا يۇرتتا ماكانلىشىپ قېلىشقا ئۇنىمايۋاتقانلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى. يەنە بىر ئىنتايىن مۇھىم ھەم ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان

مەسىلە-ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قەبىلىسىنى ئاساس قىلىپ ئولتۇراقلاشقاچقا، لايىق تېپىشى تەس بولۇپ، ئۆزئارا يېقىن تۇغقانلار توي قىلغاندىن كېيىن تۇغۇلغان باللاردا روشەن ھالدا ساپاسى تۆۋەن بولۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەندى. ھال سوراش ئۈمىكى ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە ئىنكاسلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە مەركەز رەھبەرلىرىگە ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزدى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئۇلارنىڭ تەلەپ، ئارزۇلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1956-يىلى 11-ئاينىڭ 22-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى چىڭخەي ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىك، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوملارغا تەستىق ئەۋەتتى. تەستىقتا مۇنداق دېيىلگەندى: «ئالتۇن چوققا ۋە ئاقسايدىكى قازاقلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېتىش مەسىلىسىگە قارىتا، ئۆزى خالاش پۇزىتسىيىسىدە بولۇش، كېتىشنى خالىغانلار كېتىش، تۇرۇپ قېلىشنى خالىغانلار تۇرۇپ قېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك». شىنجاڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، كۆچۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئالايىتەن گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، مەركەزنىڭ يوليورۇقىنى تەشۋىق قىلدى، شىنجاڭغا قايتىشنى تەلەپ قىلغانلارنىڭ ئائىلە سانى، نوپۇس سانى ۋە ئۇلار شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان رايوننى ئەمەلىيلەشتۈردى. شۇ ئاساستا چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىرلا ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ كۆچۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە خىزمەت بەنزىسىنى تەشكىللىدى، كۆچۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر ئىچىدە كۆچۈرۈش كومىتېتىنى قۇردى. شىنجاڭ تەۋەسىدە



كۈتۈۋېلىش-توشۇش خىزمەت بەنزىسىنى تەشكىللەپ، ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان جايلارنى ئەمەلىيلەشتۈردى، يەنە چىڭخەيگە كۈتۈۋېلىش-توشۇش خىزمەت كادىرلىرىنى ئەۋەتتى. 1957-يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ يېزا ئائىلىسى، ياشانغان، ئاجىز، كېسەلچان، مېيىپلار، مال چارۋىلىرىنى ھەيدەپ كۆچىدىغان ئائىلىلەر قاتارلىقلار بويىچە تەشكىللىنىپ، تۆت تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، شۇ يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. بىرىنچى تۈركۈمدە كەلگەنلەر 21 ئائىلە 78 ئادەم بولۇپ، ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلار 3-ئاينىڭ 27-كۈنى باركۆلگە يېتىپ كەلدى. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىلەر ئاساسلىقى قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى بولۇپ، ئۇلار ماشىنىلىق 5-ئاينىڭ 13-كۈنى باركۆلگە يېتىپ كەلدى. تۆتىنچى تۈركۈمدىكىلەر مال-چارۋىلىرىنى ھەيدەپ كۆچكەنلەر بولۇپ، جەمئىي 33 ئائىلە 151 ئادەم ئىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن مال بېقىپ، بىر تەرەپتىن شىنجاڭغا قاراپ مېڭىپ 9-ئايدا باركۆلگە يېتىپ كەلدى. مۇشۇ نۆۋەت چىڭخەيدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن قازاق قېرىنداشلار جەمئىي 157 ئائىلە 385 ئادەم بولدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەت كادىرلىرى، كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدىن 35 كىشى بار بولۇپ، نازىر دەرىجىلىك كادىردىن تۆت كىشى بار ئىدى. بۇ نۆۋەت چارۋىچىلارنىڭ كۆپ قىسمى باركۆلگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاز قىسمى ساۋەن، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2) گەنسۇ ئاقسايدىن قايتىپ كەلگەن قازاق چارۋىچىلار

1957-يىلى ئىككى ئۆلكە ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىسىدا تەشكىلىي تەييارلىقلار ئىشلىنىپ، بىرىنچى تۈركۈمدە ئاقساي قازاق ئاپتونوم

ناھىيىسى مەخسۇس ماشىنا ئاجرىتىپ، جەمئىي 30 ئائىلە 162 ئادەمنى ئاپىرىپ قويدى. ئۇلار 1957-يىلى 10-ئايدا باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى؛ ئىككىنچى تۈركۈمدە مال چارۋىلىرىنى ھەيدەپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگىنى 28 ئائىلە 155 ئادەم بولۇپ، ئۇلارمۇ 10-ئايدا باركۆلگە يېتىپ كەلدى. ئىككى تۈركۈمدە ئاقسايدىن قايتىپ كەلگەن قازاق ئاممىسى جەمئىي 58 ئائىلە 317 ئادەم بولۇپ، كۆپ قىسمى باركۆلگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاز قىسمى كۆكتوقاي ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ نۆۋەت قايتىپ كەلگەنلەر ئىچىدە دۆلەت كادىرلىرى ۋە كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدىن 15 كىشى بار بولۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك كادىردىن بىرەيلەن، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىردىن ئىككىلەيلەن بار ئىدى، ئۇلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان جايلاردا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى.

بۇ ئىككى جايدىن كۆچۈرۈلۈپ كېلىنگەن قازاق چارۋىچىلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گو جىڭپۇ ئۆمەك باشلىقى، چىڭخەيدىن قايتىپ كەلگەن قازاقلارنىڭ رەھبىرى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئالتىنبېك مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق تۆت مىللەتتىن تەشكىللەنگەن، 32 كىشىلىك ئاپتونوم رايوننىڭ چىڭخەي، گەنسۇدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن قازاق قېرىنداشلاردىن ھال سوراش ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. 1957-يىلى 8-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 17-كۈنىگىچە ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا باركۆل، ئاراتۈرۈكتىكى قازاق قېرىنداشلار



ئورۇنلاشتۇرۇلغان جايلارغا بېرىپ، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ زىيارەت قىلدى. ھال سوراش چوڭ يىغىنى ئاچتى، 13 مەيدان كىنو قويۇلدى. ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى. ھال سوراش بۇيۇملىرى تارقىتىلدى. شىنجاڭ ئازاد بولۇپ سەككىز يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر تونۇشتۇرۇلدى. ئۇلار مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىنكى يايلاق، تېرىلغۇ يەر، دېھقانچىلىق قەرز پۇلى ئېلىش، داۋالىنىش، باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى قۇتقۇزۇش، پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش، تاۋار ماللار بىلەن تەمىنلەش، كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىش قاتارلىق بىر قاتار كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ھال سوراش ئۆمىكى بارغانلا جايدا ئاپتونوم رايون پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن قازاق قېرىنداشلارغا يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزدى، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى تەشۋىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە قارىتا يەنىمۇ بىر قەدەم چۈشەنچىگە ئىگە قىلىنىپ، يېڭى ماكاندا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە قىش كىرگەندىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ياخشى ئاساس سېلىندى.

3) 1983-يىلى ئىككىنچى نۆۋەت چىڭخەيدىن قايتىپ كەلگەن قازاق چارۋىچىلار

ئىككىنچى نۆۋەت قازاق چارۋىچىلارنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىش خىزمىتى 1983-يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى

يولداش خۇ ياۋباڭ چىڭخەيدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، چىڭخەيدىكى بىر قىسىم قازاق ۋەكىللىرى باش شۇجىغا شىنجاڭغا قايتىپ ئولتۇراقلىشىش ئارزۇسى بارلىقىنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن باشلانغانىدى. باش شۇجى خۇ ياۋباڭ دوكلاتقا: ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدىن چىڭخەيگە كەتكەن بىر قىسىم ئاما شىنجاڭغا قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ، بۇنى قارشى ئېلىشىمىز ۋە ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز لازىم، دەپ تەستىق سالدى. بۇ تەستىقنىڭ روھىغا ئاساسەن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى 1983-يىلى 10-ئايدا مۇئاۋىن مۇدىر خۇاڭ گۇاڭشۆنى ئالايىتەن شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئۈرۈمچىدە چىڭخەي ئۆلكىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىپ جايلاشتۇرۇش، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە «چىڭخەي ئالتۇن چوققىدىكى قازاقلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى يىغىن خاتىرىسى»نى ۋۇجۇدقا چىقاردى. يىغىن خاتىرىسىدە كۆچۈش جەريانىدىكى كونكرېت مەسىلىلەر ۋە ئىككى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ئۈستىگە ئالغان كونكرېت ۋەزىپىلەر ئېنىق بەلگىلەندى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە مالىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا بىر مىليون يۈەن مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇش پۇلى ئاجراتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك مالىيەسىمۇ 600 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇش قورۇلۇشى خىراجىتىنى ئاجراتتى. چىڭخەي تەرەپ كۆچكەنلەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە چارۋىلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ، كونكرېت مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلدى. تۆمۈريول مىنىستىرلىكى مەخسۇس پويىز ئورۇنلاشتۇردى. كۆچۈشكە تەييارلىق قىلىشنى



تەشكىللەشتىن تاكى كۆچكىچە چىڭخەي ئۇزىتىپ شىنجاڭ كۈتىۋالىدىغان دوستانە كەيپىيات شەكىللەندى. ھەممىلا جاي قىزغىن ئۇزىتىش ۋە قىزغىن كۈتىۋېلىش كەيپىياتىغا تولدى. چارۋىچى ۋالەيقان گىرمۇدىن ئۈرۈمچىگە كەلگىچە يول بويى بۇ خىل قىزغىن مىنۇتلارنى ئۈنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، بۇنى كۆچۈۋاتقان قازاق ئاممىسىغا قويۇپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغانلىقى، قەلبداش ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، بىز ئۈنئالغۇغا ئالغان بۇ ئەھۋاللارنى ساقلاپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا تەۋەررۈك قىلىمىز، ئەۋلادلار بىز قازاقلارنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ چوڭ كۆچۈشىنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلايدۇ».

بۇ نۆۋەت قايتىپ كەلگەن قازاقلار جەمئىي 184 ئائىلە، 966 ئادەم بولۇپ، ئۇلار 1984-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى، ئۇلارنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن جانابىل ۋە ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى ۋوگزالغا چىقىپ، داقا-دۇمباق بىلەن كۈتىۋالدى. ئۇلاردىن 38 ئائىلە 194 ئادەم چىڭگىل ناھىيىسىگە، 24 ئائىلە 132 ئادەم ئالتاي ناھىيىسىگە، 11 ئائىلە 64 ئادەم قابا ناھىيىسىگە، 1 ئائىلە 4 ئادەم بورچىن ناھىيىسىگە، 26 ئائىلە 113 ئادەم گۈچۈڭ ناھىيىسىگە، 31 ئائىلە 164 ئادەم مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە، 4 ئائىلە 23 ئادەم باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە، 3 ئائىلە 5 ئادەم قۇمۇل شەھىرىگە، 4 ئائىلە 20 ئادەم ساۋەن ناھىيىسىگە، 42 ئائىلە 203 ئادەم ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى پىلانلىق، تەشكىللىك ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن قايتىپ كەلگەنلەردىن باشقا، بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان چىڭخەيدىن

ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرىنى پاناھ تارتىپ، نورمال رەسمىيەتلەر بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەنلەردىن يەنە 50 ئائىلە 236 ئادەم بار بولۇپ، بۇنى يۇقىرىقى كوللېكتىپ كۆچۈپ كەلگەنلەر بىلەن قوشقاندا جەمئىي 234 ئائىلە 1158 ئادەم بولىدۇ. بۇ نۆۋەت شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن قازاقلار ئىچىدە دۆلەت ئورگانلىرىدا ۋە كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان كادىرلاردىن 110 نەپەر، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچىدىن 26 نەپەر، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچىدىن 13 نەپەر بار ئىدى. ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك كادىرلار ئىشلىرى نازارىتى بىرلىشىپ، 1984-يىلى 10-ئاينىڭ 20-كۈنى (ش پ ت خ) 127-نومۇرلۇق ۋە (ش ئە خ) 400-نومۇرلۇق «چىڭخەيدىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن قازاق كادىرلىرىنى تەقسىم قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. ئورۇنلاشتۇرۇلغان رايونى بويىچە تەقسىم قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئالتايغا 22 نەپەر، سانجىغا 25 نەپەر، قۇمۇلغا 7 نەپەر، چۆچەككە 3 نەپەر، ئۈرۈمچىگە 22 نەپەر، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا 20 نەپەرنى تەقسىم قىلىش بېكىتىلدى. قالغانلىرىنى ھەرقايسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان رايونلار ئۆزلىرى تەقسىم قىلدى.

4) چىڭخەيدىن قايتىپ كەلگەن قازاقلارنىڭ چىڭخەيگە قايتا كېتىشى

1985-يىلدىن باشلاپ چىڭخەيدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن بىر قىسىم قازاقلار قايتا چىڭخەيگە قايتىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن، چىڭخەي تەرەپ شىنجاڭدىن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇلارنىڭ نوپۇسى كۆچۈرۈلگەن، تۇرغان جايلىرى باشقا



مىللەتلەرگە تەقسىم قىلىنغان، بۇرۇنقى چىڭخەي خەيشى موڭغۇل، زاڭزۇ، قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ نامىدىكى قازاق نامى ئۆچۈرۈلگەن بولغاچقا، ناۋادا ئۇلار قايتىپ كەلسە، ھازىر ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر بىلەن زىددىيەت پەيدا بولۇپ، يەنە يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ بىر قىسىم قازاقلارنىڭ قايتا قايتىپ كېتىش سەۋەبى خىلمۇ-خىل بولۇپ، ئاساسلىقى يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار بولغانلىقتىن، ئۇلار تازا كۆتەلمىگەنىدى، ياخشى يايلاقلار يەرلىك چارۋىچىلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنەنچۇ بازىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 42 ئائىلە 230 نەچچە ئادەمگە مەركەزلەشكەن ئاھالە نۇقتىلىرى قۇرۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇنىڭغا كۆنەلمىدى. دۆلەت يەنە مەبلەغ سېلىپ، مەخسۇس ئۆستەڭ ياساپ، قالدۇرۇق يەر تەقسىم قىلىپ، مەكتەپ قۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا كۆنەلمىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەنىلا چىڭخەيگە قايتىپ كەتتى. 1986-يىلى 12-ئايدىكى تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، مورى ناھىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان 31 ئائىلىنىڭ ئىچىدىكى 16 ئائىلە 86 ئادەم، ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنەنچۇ بازىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 42 ئائىلىنىڭ ئىچىدىكى 14 ئائىلە 81 ئادەم، گۈچۈڭ ناھىيىسىدىن 4 ئائىلە 17 ئادەم، ئالتاي ناھىيىسىدىن 4 ئائىلە 32 ئادەم، بارىكۆل ناھىيىسىدىن 1 ئائىلە 6 ئادەم چىڭخەيگە قايتىپ كەتكەن. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە چىڭخەيگە قايتىپ كەتكەنلەر 60 نەچچە ئائىلە، 400 نەچچە ئادەمگە يەتكەن ھەمدە كېتىدىغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيگەن. شۇ سەۋەبتىن، ئاپتونوم رايون ئۈچ قېتىم نەسىھەت قىلىپ توسۇش خىزمەت گۇرۇپپىسى

ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولمىدى. نەسىھەت قىلىپ توسۇش نەتىجىدە تالاش-تارتىشقا، تالاش تارتىش مۇنازىرە قىلىشقا، مۇنازىرە قىلىش قارشىلىششقا ئۆزگەردى، بەزىلەر ھەتتا: «ئەگەر بىزنى چوقۇم شىنجاڭغا مەجبۇرى قايتىشى كېرەك، دېسەڭلار، بېشىمىزنى كېسىپ ئېلىپ جاۋاب قىلىڭلار، بىز شىنجاڭغا ھەرگىز قايتمايمىز» دېگەن. بۇ ئىشتىن بىز كۆچۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئىنتايىن ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت بولۇپ، كېلىش، كېتىشنى ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بەلگىلىگىنى تۈزۈك ئىكەنلىكىنى، تەشكىلنىڭ زىيادە ئارلىششى ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئولتۇراقلاشتۇرۇشقا پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۇق. ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، چىڭخەيگە قايتا قايتىپ كەتكەنلەردىن ھازىر يەنە 50 نەچچە ئائىلە بار بولۇپ، چىڭخەي تەرەپ ئۇلارنى سايرام ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى چارۋىچىلىق شارائىتى بىرقەدەر ياخشى رايونغا ئورۇنلاشتۇرغان، نوپۇسىمۇ ھەل قىلىنغان.

## 2. ئازادلىقتىن ئىلگىرى گەنسۇ سۇبېيدە ماكانلاشقان موڭغۇل چارۋىچىلارنى كۆچۈرۈپ قوبۇقسارغا ئولتۇراقلاشتۇرۇش

1956-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماغاۋىيە ئۆمەك باشلىقى، مۇقان مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى چىڭخەي، گەنسۇلارغا بېرىپ ھال سوراش ئۆمىكى گەنسۇنىڭ سۇبېي دېگەن يېرىدە، ئازادلىقتىن ئىلگىرى گەنسۇغا كېتىپ قالغان موڭغۇللاردىن ھال سوراپ، پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياستىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇلار ئۆز يۇرتى قوبۇقسارغا قايتىپ ئولتۇراقلىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا



قويدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چىڭخەي، گەنسۇ ئۆلكىلىرى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا چۈشۈرگەن «ئالتۇن چوقىقا ۋە ئاقسايدىكى ئاممىنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەستىقى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە، شىنجاڭ گەنسۇنىڭ سۇبېي ناھىيىسى بىلەن كېڭىشىپ، كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلەرنى بېكىتتى. ئاپتونوم رايونىمىز قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى جۇۋ باشلىقلىقىدىكى سۇبېيدىكى شىنجاڭغا كۆچىدىغان موڭغۇل ئاممىسىنى كۈتۈۋېلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتتى. خىزمەت گۇرۇپپىسى 1957-يىلى 11-ئاينىڭ 2-كۈنى سۇبېيدىكى موڭغۇللار ئولتۇراقلاشقان ئىمتوغا كېلىپ، ئەھۋاللارنى سۈرۈشتۈرۈپ، شۇ جايدىكى كادىرلارنىڭ ھەمكارلىقىدا كۆچۈرۈشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. موڭغۇل ئاممىسى ئىچىدە كۆچۈش ھەيئىتى تەشكىللەپ، كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى بارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. كۆپ قىسىم ئاممىنىڭ ئارزۇسى بويىچە، سۇبېي بىلەن شىنجاڭ ئارلىقىنىڭ يېقىن بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بىر تەرەپتىن مال باققاچ، بىر تەرەپتىن كۆچۈش لايىھىسىنى بېكىتتى. بىخەتەرلىكنى ئويلىشىپ، ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى. بىرىنچى تۈركۈمدە 35 ئائىلە 77 ئادەم 9100 تۇياق چارۋىنى ھەيدەپ، 1957-يىلى 8-ئاينىڭ 18-كۈنى سۇبېيدىن يولغا چىقتى. ئىككىنچى تۈركۈمدە 5 ئائىلە 18 ئادەم 1270 تۇياق چارۋىنى ھەيدەپ، 1957-يىلى 11-ئاينىڭ 6-كۈنى سۇبېيدىن بولغا چىقتى. بۇ ئۇزۇن مۇساپىدە بىرتەرەپتىن چارۋا بېقىپ، بىرتەرەپتىن يول يۈرۈپ 10 ئايدا يەنى 1958-يىلى 6-ئايدا قومۇلغا يېتىپ كەلدى. قىسقا مۇددەت دەم ئالغاندىن

كېيىن، داۋاملىق قوبۇقسارغا قاراپ مېڭىپ، 1958-يىلى 11-ئاينىڭ 15-كۈنى قوبۇقسارغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئىككى تۈركۈمدە كۆچۈپ كەلگەن موڭغۇل چارۋىچىلار جەمئىي 40 ئائىلە 108 ئادەم بولۇپ، يول ئۈستىدە سۇ، ئوت-چۆپ كەمچىل بولۇش، ھاۋا كېلىماتى ئۆزگىرىشچان بولۇش، كېسەللىك، ئاچارچىلىق، بۆرىنىڭ ھۇجۇمى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، جەمئىي 737 تۇياق چارۋا زىيانغا ئۇچرىغان. بۇ قېتىم كۆچۈپ كەلگەن موڭغۇل ئاممىسى ئىچىدە دۆلەت كادىرىدىن 15 نەپەر بولۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك كادىر ئىككى نەپەر، سىناق تەرەققىسىدە ئىشلىتىلىۋاتقان خادىم ئۈچ نەپەر ئىدى، ئۇلار ئائىلىسى بىلەن قوبۇقسارغا كەلگەندىن كېيىن، ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەرگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 3. شىزاڭدىن خېجىڭ ناھىيە بايىنبۇلاق يايلىقىغا كۆچۈپ 33 يىل ياشىغان زاڭزۇلارنىڭ يەنە شىزاڭغا قايتىپ كېتىشى

شىنجاڭغا زاڭزۇلار 1953-يىلى ۋە 1959-يىللىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، خېجىڭ ناھىيە بايىنبۇلاق يايلىقىغا ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان. 1985-يىلدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئاز قىسمى نورمال رەسمىيەتلەر بىلەن شىزاڭغا قايتىشقا باشلىدى. 1986-يىلدىن باشلاپ ئۇلار ئاممىۋى خاراكتېرلىك يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈپ، شىزاڭغا كۆچۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ كۆچۈپ كېلىش ۋە كۆچۈپ كېتىش ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىمەن:



1) زاڭزۇلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى

بىرىنچى تۈركۈمدە 1953-يىلى يازدا شىزاڭنىڭ ناچۇ ۋىلايىتى جياڭلۇڭ ناھىيىسىدىن 23 ئائىلە 65 كىشىلىك زاڭزۇلار تاغنى بويلاپ چەرچەن ناھىيىسىگە كىرگەن. ۋەھالەنكى بۇ جاينىڭ ھاۋا كىلىماتى ۋە يايلاق شارائىتى ناچار بولغاچقا، بۇ تۈركۈم زاڭزۇلار ۋە ئۇلارنىڭ مال-چارۋىلىرى قىيىن ئەھۋالدا قالغان. چەرچەن ناھىيىسى ۋە كورلا ۋىلايىتىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ياردىمىدە، ئۇلار چەرچەن ناھىيىسىنىڭ تاغ ئىچىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىغا ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1961-يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتى ئۇلارنى خاتىرجەم تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بايىنبۇلاق ۋېيشىڭ (داخول ئورۇن) چارۋىچىلىق مەيدانىغا كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇردى.

ئىككىنچى تۈركۈمدە 1953-يىلى قىشتا، شىزاڭنىڭ ناچۇ ۋىلايىتى شىنجا ناھىيىسىدىن 17 ئائىلە 80 دىن ئارتۇق زاڭزۇلار 1300 تۇياقتىن ئارتۇق مال-چارۋىسىنى ھەيدەپ، قەھرىتان سوغۇقتا، تاغ جىلغىسىنى بويلاپ چاقىلىق ناھىيىسىدىكى ۋەششەرى چۆللىكىگە كەلگەن. ئۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق ھەم سۇ، ئوت-چۆپ كەمچىل بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلار ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. چاقىلىق ناھىيىسى ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ۋىلايەتكە دەرھال مەلۇم قىلدى. ۋىلايەت، ناھىيە دەرھال قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ماشىنا ئەۋەتىپ ئۇلارنى سۇ، ئوت-چۆپ شارائىتى بىرقەدەر ياخشى تاراچى گوڭشېسىدا ۋاقىتلىق تۇرۇشقا يۆتكەپ كەلدى. 1957-يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئۇلارنى خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بايىنبۇلاق شەرق

قىزاردى چارۋىچىلىق مەيدانىغا كۆچۈرۈپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۈزەل يايلاقتا چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈشكە باشلىدى.

ئۈچىنچى تۈركۈمدە 1957-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1962-يىلى يازغىچە، شىزاڭنىڭ ناچۇ ۋىلايىتىنىڭ شىنجا، جياڭلۇڭ ناھىيىلىرى، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ماكاڭ، تاڭلاڭ ناھىيىلىرى ۋە چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ يۈشۇ ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم زاڭزۇ ئامىسى چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئوت-چۆپ شارائىتى ئىنتايىن ناچار رايونلارغا كىرىپ چارۋا باقتى. ئۇزۇن يوللۇق جاپالىق مۇساپىدە، چارۋىچىلار ۋە چارۋىلار ھېرىپ-چارچاپ، ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغانىدى. چەرچەن ناھىيىسى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئۇلارغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال-چارۋىلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ بىرتەرەپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى باسقۇچقا، تۈركۈمگە بۆلۈپ، خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بايىنبۇلاق يايلىقىغا يۆتكەپ ئولتۇراقلاشتۇردى. بۇلار جەمئىي 300 ئادەم بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە يانگان داندىر نامىلىق بىر كىچىك «گىگەن» بار ئىدى. ئۇلار بۇ قېتىملىق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن «گىگەن» دىن: «قەيەردە بەخت، سائادەت بار؟» دەپ سورىغاندا، ئەمدىلا نەچچە ياشقا كىرگەن «گىگەن» ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ «ئۇ يەردە» دېگەن. ئۇلار شۇ نىشاننى بويلاپ يولغا چىققان، ئاقىۋەتتە يول بويى سۇ ۋە ئوت-چۆپ ئاز بولغاچقا، سەپەر ئۈستىدىكى قۇرغاقچىلىق، كېسەللىك سەۋەبىدىن ئادەم ۋە چارۋىلار خېلى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. بۇ «گىگەن» نىڭ ئۇستازى ئۇنىڭ دادىسى بولۇپ، دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرىدىكەن. 1962-يىلى تەشكىل بۇ بىر تۈركۈم زاڭزۇلارغا ئېتىبار قىلىپ، ئەمدىلا 10 ياشقا كىرگەن «گىگەن» ۋە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ 1962-يىلىدىكى دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى



بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكىگە قاتنىشىشىنى تەستىقلىدى. بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ پوپىزدا كارىۋات بېلىتى تەقسىم قىلىنغاندا، بەلگىلىمە بويىچە «گىگەن» گە تۆۋەنكى كارۋاتنىڭ بېلىتىنى بەردۇق. «گىگەن» نىڭ دادىسى: «گىگەن» نىڭ ئۈستىدە باشقا بىرسى بولسا بولمايدۇ، دېدى. بىز ئۇنىڭ پىكرى بويىچە «گىگەن» نى ئەڭ ئۈستىدىكى كارۋاتقا ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ باش كاتىپى نۇرتىيىپنىڭ دېيىشىچە، بۇ «گىگەن» سەل غەلىتە بولۇپ، ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن ھەرگىز بىرگە ھاجەتخانىغا كىرمىگەن، قىلىقلىرى سەل قىز بالىغا ئوخشاپ كېتىكەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ «گىگەن» نىڭ ئەسلىدە ئايال جىنىس ئىكەنلىكى بايقالغان، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئۇ راھىپلىقتىن قايتىپ، ياتلىق بولغان.

بۇ ئۈچ تۈركۈم زاڭزۇلار مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملار ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىش جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى باشقارمىسى كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان مەسىلىلىرىنى ئىگىلەپ ھەل قىلىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ زاڭزۇ مەكتىپى قۇرۇشىغا، چىڭخەيدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىشىغا ياردەم قىلدى، دوختۇرخانا قۇرۇپ بېرىپ، ئەسلىھە ۋە تېببىي خادىملار سەپلىدى. مەخسۇس كۆۋرۈك سېلىنىپ، قاتنىشىغا قولايلىق يارىتىلدى. ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش

جەھەتلەردە ئۇچرىغان كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى.

ئۇلارنىڭ نوپۇسى ۋە چارۋىلىرى ئاۋۇپ، تۇرمۇش سەۋىيىسىدە زور ياخشىلىنىش بولدى. ئۇلار يېڭى كەلگەندە 100 نەچچە ئائىلە 390 دىن ئارتۇق ئادەم ئىدى، 1986-يىلىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 195 ئائىلە 1035 ئادەمگە كۆپەيگەن، قوتاندىكى چارۋىلىرى 50 مىڭ تۇياققا يېتىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 200 نەچچە، ئاز قىسمىنىڭ 300 نەچچە تۇياقتىن توغرا كەلگەن. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى يېرىمىنىڭ 500 يۈەندىن ئاشقان. سىياسىي ئورنىمۇ كۆتۈرۈلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزاسىدىن بىر نەپەر، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىدىن بىر نەپەر، ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش ئەزاسىدىن ئىككى نەپەر، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسىدىن بىر نەپەر، مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك كادىردىن ئىككى نەپەر، مۇئاۋىن رايون دەرىجىلىك كادىردىن ئالتە نەپەر، پارتىيە ئەزاسىدىن ئالتە نەپەر، ئىتتىپاق ئەزاسىدىن 21 نەپەر بار. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 140 دىن ئېشىپ، 1985 ـ، 1986-يىلى ئوقۇش مەۋسۇمىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 34 نەپەر، ئېچكىرىدىكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئەۋەتىلگەنلىرى 13 نەپەر، بۇ زاڭزۇلار شىنجاڭدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى، جۈملىدىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىدىن بەھرىمەن بولدى.

2) خېجىڭ ناھىيىسى بايىنبۇلاق يايلىقىدىكى زاڭزۇلارنىڭ شىزاڭغا



قايتىپ كېتىشى

ج ك پ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە يۈرگۈزۈلۈشىگە، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى، ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئالماشتۇرۇلۇشلارغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋاتقان پەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كۈن تەرتىپكە قويۇلدى. مۇقىم ئولتۇراقلاشقىنىغا 30 نەچچە يىل بولغان زاڭزۇلار شىزاڭغا قايتىپ كېتىش ئۈستىدە كۆپ قېتىم كېڭىشىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىدا شىزاڭغا قايتىپ كېتىش تەكلىپىنى قويدى. ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىشىدىكى سەۋەب: ئۇلارنىڭ نوپۇسى ئاز، لايىق تېپىشى تەس، پەرزەنتلىرىنىڭ بىلىمدە تاكامۇللاشمىقى تەس، زاڭزۇ يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى تار، بولۇپمۇ يېقىن تۇغقانلار توي قىلغاچقا، نوپۇس ساپاسىدا تۆۋەنلەش ئەھۋالى كۆرۈلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭلار يۇرتىنى سېغىنىپ شىزاڭغا بۇرۇنراق قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان. 1985-يىلىدىن كېيىن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقى بىلەن بىرقانچە زاڭزۇ ئائىلىسى شىزاڭغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، كۆپ قىسىم زاڭزۇلارنىڭ شىزاڭغا قايتىشىغا تەسىر كۆرسەتتى. 1987-يىلى 9-ئايدا 37 ئائىلە 156 كىشىلىك زاڭزۇ ئۆي مۈلۈكلىرىنى سېتىپ، 9-ئاينىڭ 28-كۈنى خېجىڭ ۋە كورلا پويىز ئىستانسىسىغا يىغىلىپ، شىزاڭغا قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ مېڭىشى توغرىلىق شىزاڭ تەرەپ بىلەن ھېچقانداق ئالاقە بولمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قېتىمدىلا بۇنچىۋالا كۆپ ئادەم ماڭسا، سەپەر ئۈستىدە چوقۇم قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئاپتونوم

رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرىنى ئەۋەتىپ، نەسىھەت قىلىپ توسۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى ۋە ئۇلارنى ۋاقىتلىق سەرەمجانلاشتۇردى. شىنزاڭ تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ. 1988-يىلى 2-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شىزاڭغا ئالايىتەن بېرىپ، زاڭزۇ قېرىنداشلارنىڭ شىزاڭغا قايتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. شۇ يىلى 3-ئايدا شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شىگشىن لوساڭجيەنزەن باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچىگە كېلىپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، 3-ئاينىڭ 18-كۈنى خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق، «باينبۇلاق يايلىقىدىكى زاڭزۇلارنى شىزاڭغا قايتۇرۇپ كېتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى يىغىن خاتىرىسى»نى ماقۇللىدى. يىغىن خاتىرىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: شىزاڭغا قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان زاڭزۇ قېرىنداشلار ئىچىدىكى نەسىھەت قىلىسمۇ كۆنمىگەنلىرىگە قايتا نەسىھەت قىلىنمايدۇ، ئۇلارنىڭ شىزاڭغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. تۇرۇپ قېلىشنى خالىغانلارنىڭ بۇرۇنقىدەك تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىنىدۇ، خاتىرجەم تۇرمۇش كۆچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىدۇ؛ زاڭزۇ قېرىنداشلارنىڭ شىزاڭغا قايتىش ئارزۇسىنى چۈشىنىمىز، زاڭزۇ قېرىنداشلارنىڭ شىزاڭغا قايتىپ ئولتۇراقلىشىشىغا قوشۇلىمىز. تاغدىن چۈشۈپ خېجىڭ ناھىيىلىك مېھمانسارايدا ۋاقىتلىق تۇرغۇزۇلغان 197 نەپەر زاڭزۇ قېرىنداشنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇزۇلغىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشتى. ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقى بىر قەدەر



ئېغىر، شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ تەرەپ خېجىڭدىن چىڭخەي گىرمۇ شەھىرىگىچە بولغان ئاپتوبۇس بېلىتىنى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 7 ئائىلە 53 ئادەمگە ناچۇ ئەمۇري مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جايغىچە بولغان بېلەت ئېلىپ بېرىلىدۇ. شىنجاڭ بىر نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك كادىرنى ئەۋەتىپ، ئۇلار گىرمۇ شەھىرىگە يېتىپ بارغىچە ھەمراھ بولىدۇ. گىرمۇدىن شىزاڭدىكى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان جاي ئارىلىقىدىكى كۈتۈۋېلىش، توشۇش خىزمىتىگە شىزاڭ تەرەپ مەسئۇل بولىدۇ؛ ئىككى تەرەپ داۋاملىق قايىل قىلىش، نەسىھەت قىلىپ توسۇش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ، ئەگەر 200 دىن ئارتۇق ئادەم بىرلىكتە شىزاڭغا قايتماقچى بولسا، چوقۇم ئادەم قوشۇپ ھەمراھ بولۇش كېرەك، ناچۇ ۋىلايىتىگە ئالدىنئالا خەۋەر بېرىش كېرەك. شىزاڭغا قايتقانلار ئىچىدىكى دۆلەت كادىرلىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاي خىزمەتكە تەقسىم قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇ جاينىڭ ھاۋا كېلىماتىغا كۆنەلمىگەنلەر شىنجاڭغا قايتىپ كەلسە، كېلىپ-كېتىشتە ئەركىن بولۇش پرىنسىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. «يىغىن خاتىرىسى»دىكى پرىنسىپقا ئاساسەن، بۇ زاڭزۇلار 1988-يىلدىن 1990-يىلغىچە جەمئىي تۆت تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، شىزاڭنىڭ ناچۇ ۋىلايىتىگە كۆچۈپ كەتتى.

بىرىنچى تۈركۈمدە 1988-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنى 33 ئائىلە 197 ئادەم يولغا چىقتى.

ئىككىنچى تۈركۈمدە 1988-يىلى 9-ئاينىڭ 3-كۈنى 78 ئائىلە 468 ئادەم يولغا چىقتى.

ئۈچىنچى تۈركۈمدە 1989-يىلى 9-ئاينىڭ 7-كۈنى 59 ئائىلە 296 ئادەم يولغا چىقتى.

تۆتىنچى تۈركۈمدە 1990-يىلى 9-ئاينىڭ 6-كۈنى 21 ئائىلە 119 ئادەم يولغا چىقتى.

يۇقىرىقىلارنى قوشقاندا، شىزاڭنىڭ ناچۇ ۋىلايىتىگە كۆچۈپ كەتكەن زاڭزۇلار جەمئىي 191 ئائىلىك 1080 ئادەم بولۇپ، 1990-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە باينبۇلاقتا 4 ئائىلە 17 كىشىلىكلا زاڭزۇلار قالدى. ئۇلار 1991-يىلى شىزاڭغا قايتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بۇ قېتىمقى زاڭزۇلارنىڭ شىزاڭغا قايتىشنى تەلەپ قىلىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشىدە بەزى ئوبيېكتىپ تەسىرلەرمۇ بار. مەسىلەن، شۇ جايدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا نىكاھلىنىش بەزى تالاش-تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. زاڭزۇلارنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، شۇ جايدىكى كۆپلىگەن زاڭزۇ قىزلىرى يەرلىك موڭغۇل يىگىتلىرىگە ياتلىق بولغان. موڭغۇل قىزلىرى بولسا زاڭزۇ يىگىتلىرىگە ھەرگىز ياتلىق بولمايدىكەن، شۇڭا ئۇلار بۇ مىللىتىمىزگە نىسبەتەن ئادىلسىزلىق دېگەن تونۇشتا بولغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كوللېكتىپ كۆچۈپ كېتىش دولقۇنى قوزغالغان.

## 4. دوڭشياڭ مىللىتىنىڭ غەربكە كۆچۈشى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ناھايىتى ئاز ساندىكى دوڭشياڭلار غۇلجا، قورغاس قاتارلىق جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقانىدى. 1957-يىلدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئېلىپ بارغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، شىنجاڭ بويىچە دوڭشياڭلارنىڭ نوپۇسى ئاران 229 ئىدى. بىراق 1960-يىلىغا



كەلگەندە زور تۈركۈمدىكى دوڭشياڭلار ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرىنى پاناھ تارتىش شەكلى بىلەن شىنجاڭغا كىرگەن. 1982-يىلىدىكى 3-قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە دوڭشياڭلارنىڭ نوپۇسى 279 مىڭ 397 بولغان بولسا، شىنجاڭغا كەلگەنلىرى 40 مىڭ 318 گە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى دوڭشياڭ نوپۇسىنىڭ 13.7% نى ئىگىلىگەن. ئۇلار ئاساسەن گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دوڭشياڭ ئاپتونوم ناھىيىسىدىن كەلگەن. شىنجاڭغا كېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب-ئۇلارنىڭ ئادىمى كۆپ، يېرى ئاز، تېرىلغۇ يەرلىرى ئاساسەن تاغلىق رايوندا ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە 60-يىللاردىكى «سولچىل» لۇشيەن، تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، ئونمىڭلىغان دوڭشياڭ ئاممىسى يىراق يوللارنى بېسىپ شىنجاڭغا كەلگەن، ئۇلار ھاياتلىق ئۈچۈن بارغانلا يېرىدە بەزىدە يەرلىك ئاھالىلار بىلەن توقۇنۇشقان. شۇ جايدىكى يەرلىك ئاھالىلار ھۆكۈمەتتىن ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان بۇ تۇراقسىزلارنى جازالاش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان. قورغاس ناھىيىسىنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، ئېتىزلىقتا قاراۋاتقان ئامانلىق ساقلىغۇچىنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار ئىچىدىكى بىر توپ بالىلار ۋە ئاياللار ئورغاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ پىشقان بۇغدايلارنى ئورىغاندا، ئامانلىق ساقلىغۇچى ئۇلارنى ئاتلىق قوغلاپمۇ كەتكۈزەلمىگەن. ئېتىزنىڭ بۇ بېشىدىن قوغلىسا، ئۇ بېشىدا پەيدا بولغان. شۇڭا ھۆكۈمەتتىن ئۇلارنى ئەسلىدىكى جايلىرىغا قايتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغان. بىراق شىنجاڭغا ئېقىپ كەلگەن بۇ كىشىلەر بەك كۆپ بولۇپ، ھۆكۈمەتمۇ نائىلاج بولغان. ئۇلارنىڭ قارىغۇلارچە ئېقىپ كېلىشى شىنجاڭغا ئىنتايىن ئېغىر يۈك بولدى. شىنجاڭدىكى دوڭشياڭلارنىڭ كۆپ قىسمى

شىمالىي شىنجاڭغا جايلاشقان بولۇپ، ئىلى رايونىدىلا 30246 بار. بۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكى دوڭشياڭ نوپۇسىنىڭ 75% نى ئىگىلەيدۇ. ئەڭ كۆپ جايلاشقان ئىككى ناھىيە: غۇلجا ناھىيىسىدە 15236 بار بولۇپ، ئىلى رايونىدىكى دوڭشياڭلار نوپۇسىنىڭ 50% نى ئىگىلەيدۇ؛ قورغاس ناھىيىدە 10026 بار بولۇپ، ئىلى رايونىدىكى دوڭشياڭلار نوپۇسىنىڭ 33.8% نى ئىگىلەيدۇ. دوڭشياڭلارنىڭ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا جايلىشىشى تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرىدە | 358 ئادەم |
| قاراماي شەھىرىدە | 5 ئادەم |
| شىخەنزە شەھىرىدە | 197 ئادەم |
| تۇرپان رايونىدا | 23 ئادەم |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا | 2426 ئادەم |
| ئىلى ۋىلايىتىدە | 30246 ئادەم |
| تارباغاتاي ۋىلايىتىدە | 3467 ئادەم |
| ئالتاي ۋىلايىتىدە | 1563 ئادەم |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا | 1063 ئادەم |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا | 611 ئادەم |
| ئاقسۇ ۋىلايىتىدە | 217 ئادەم |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا | 21 ئادەم |
| قەشقەر ۋىلايىتىدە | 34 ئادەم |
| قۇمۇل ۋىلايىتىدە | 37 ئادەم |
| جەمئىي | 40318 ئادەم |



دوڭشياڭلارنىڭ غەربكە كۆچۈش مەسىلىسى توغرىسىدا مىللەتلەر نەزەرىيىسى ساھەسى ئىلگىرى مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش ۋە مۇزاكىرە ئېلىپ بارغان ھەم بۇ مەسىلىگە قارىتا تالاش-تارتىش بار ئىدى. بىر خىل پىكىردىكىلەر شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەسلىدىكى جايىغا مەجبۇرىي قايتۇرۇش كېرەك، ئۇلار ئۇزاق ۋاقىتقىچە باشقۇرۇلمىسا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولىدۇ، دەپ قارىدى. يەنە بىر خىل پىكىردىكىلەر، ئۇلارنىڭ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ شىنجاڭغا كېلىشىدە چوقۇم سەۋەب بار. تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىكى سانلىق مەلۇماتتىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىزلارنىڭ كۆپ، كۆپ پەرزەنتلىكلەرنىڭ كۆپ، نامراتلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى مەلۇم. ئۇلار يول بويى تىلەمچىلىك قىلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ يىراق يۇرتقا كېتىشىگە ھەقىقەتەن نامراتلىقى سەۋەب بولغان، دەپ قارىدى. بۇ ئىلمىي مەسىلىگە قارىتا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر نەزەرىيىسى ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەرباب، پروفېسسور فېي شاۋتۇڭ: «شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا، دوڭشياڭلارنىڭ ئۆزلىكىدىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىشى خىراجەتنى تېجەپ قالىدىغان ئاھالە كۆچۈرۈش، بۇلار چوڭ غەربىي شىمالنى ئېچىشتىكى يوشۇرۇن كۈچ، بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، تەرتىپكە سېلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم» دەپ قارىدى. بۇنىڭغا قارىتا مىللەتلەر نەزەرىيىسى ساھەسىدىكىلەر: بۇ ئادەملەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى دۆلەتنىڭ پىلانلىق، تەشكىللىك ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن خىراجەتنى تېجەپ قالىدىغان ئاھالە كۆچۈرۈش، بۇ شىنجاڭنى ئېچىش ۋە قۇرۇشقا پايدىلىق، دەپ قارىدى.

## 5. سالا مىللىتىنىڭ غەربكە كۆچۈشى

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ سامىيۇزى يېزىسىدا بىر سالا كەنتى بار. 1983-يىلىدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، پۈتۈن كەنتتىكى سالالارنىڭ سانى 710 بولۇپ، پۈتۈن كەنت ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 5% نى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىدا سالالار يوق ئىدى. بىراق شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا خېلى بۇرۇنلا سالالار بار بولۇپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىدا خۇيزۇلار قاتارىدا تىزىملىنىپ، ئايرىم مىللەت قاتارىدا ئەنگە ئېلىنمىغانىدى. يەرلىكلەر سالا تىلىدا سۆزلىشىدىغانلارنى سالا خۇيزۇلار دەپ ئاتايتتى. ئازادلىقتىن كېيىنكى نوپۇس ستاتىستىكىسىدا ئۇلارغا رەسمىي ھالدا سالا مىللىتى دەپ نام بېرىلدى. ئۇلار شىنجاڭغا ئەڭ بۇرۇن 1914-يىلى چىڭخەينىڭ شۇنخۇا دېگەن يېرىدىن كەلگەن؛ يەنە بەزىلىرى 1932-يىلى ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىغا ئەگىشىپ كەلگەن بولۇپ، كېيىنچە ئۇلار شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرىنى پاناھ تارتىش شەكلى بىلەن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن كۆچۈپ كېلىپ، ئاساسەن غۇلجا ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشتى. ئۇلارنىڭ چوڭلىرى يەنىلا سالا تىلىدا سۆزلىشىدۇ، ياشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرچىنى بىلىدۇ، بەزىلىرى ئۇيغۇرچە مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقىدى. ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىدىكى سەۋەب-ئۆزلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، چىڭخەينىڭ شۇنخۇا ناھىيىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ كونا-يېڭى مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا، تەبىئىي ئاپەت،



تېرىلغۇ يەرنىڭ ئازلىقى، ئادەمنىڭ كۆپلۈكى، سۇنىڭ قىسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى نامراتلىشىپ، شىنجاڭدا ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرى بارلار ئۇلارنى پاناھ تارتىپ شىنجاڭغا كەلگەنىكەن. ئۇلار ئازادلىقتىن بۇرۇن، چىڭخەي شۇنخۇادىن يولغا چىقىپ خوتەنگە كېلىپ ئاندىن غۇلجىغا كەلگەنىكەن، ئازادلىقتىن كېيىن لەنجۇدىن شىنجاڭغا قاتنايدىغان پويىزغا ئولتۇرۇپ، شىنجاڭغا كەلدى. ئۇلار شىنجاڭدا كۆپرەك خۇيزۇلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولدى، بەزىلىرى خۇيزۇلار بىلەن تويلاشتى. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە ئاساسەن، نوپۇس تىزىملىغاندا سالا مىللىتى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مىللەت نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇ تەرىقىدە سالا مىللىتى دۆلىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ رەسمىي ئەزاسى بولۇپ قالدى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىياسىي قانۇن باشقارمىسىنىڭ سابىق باشلىقى)

جۇرئەت ئابلىمىت تەرجىمىسى

# دوستلۇق ئەلچىسى

## — دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش خاتىرىسى

جاقىپ مىرزاقان

تەھرىر ئىلاۋىسى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي ئۆمەك باشلىقى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سابىق باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھازىرقى مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن باش كاتىپ بولغان 14 كىشىدىن تەشكىل تاپقان جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى 2002-يىلى 18-ئۆكتەبىردىن 25-ئۆكتەبىرگىچە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە زىيارەتتە بولۇپ، قازاقىستاننىڭ تۈركىستان شەھىرىدە ئېچىلغان دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشقانىدى. بىز جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقاتچى، يازغۇچى جاقىپ مىرزاقاننىڭ قازاقىستان زىيارىتىدىكى كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى سەمىڭلەرگە سۇندۇق. (ئۆمەك باشلىقلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ مەمۇرىي ۋەزىپىسى ئەينى ۋاقىتتىكى بويىچە بېرىلدى).

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىناق قوشنا دۆلەت ئىكەنلىكى دۇنياغا ئايان. ئىككى ئەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن دوستلۇق، ئىناقلىق ۋە قېرىنداشلىق مېھرى چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە. شۇنداق بولغانلىقتىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئابرويلۇق سىياسىي



ئەرباپلار ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن تەركىب تاپقان ئۆمەكنى دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشقا قازاقىستانغا ئەۋەتتى.

2002-يىلى 18-ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن، جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ئولتۇرغان ئايروپىلان ئالمائاتاغا ئۇچتى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرىدىن ئىسمايىل تىلىۋالدى، خۇ جىيايەن، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى جاڭ شيۇمىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ئۆمەك ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى. ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر قىزغىنلىق بىلەن ئۇزىتىش سۆزى سۆزلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئۆمەكنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى تەكىتلىدى. دۇنيا قازاقلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىغا جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇق ئەلچىسى بولۇپ قاتنىشىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ جۇڭگو ۋە قازاقىستاننىڭ دوستلۇقى ۋە ئىناقلىقىنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلدى.

### ئالمائاتادا

ئۈرۈمچىنىڭ ھەيۋەتلىك، زامانىۋى ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلگەن يولۇچىلار ئايروپىلانى كۆك ئاسماندا قۇياش نۇرىغا پۈركىنىپ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونا پايتەختى ئالمائاتاغا قاراپ ئۇچتى. بىز ئايروپىلان

دېرىزىسىدىن ھەيۋەتلىك تەڭرى تېغىنىڭ بۇلۇتلارغا تاقاشقان ئاپئاق چوققىلىرى، دەريا ۋە ئورمانلىرى، شۇنداقلا ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ كۆز يېتىدىغانلىكى گۈزەل مەنزىرىلىرىنى قانغۇچە تاماشا قىلىپ، گۈگۈم بىلەن زېمىننىڭ كەڭلىكى ۋە گۈزەللىكى بىلەن داڭ چىقارغان، بۈك-باراقسان ئورمانغا ئورالغان ئالمائاتانىڭ ئاسمىنىغا يېتىپ كەلدۇق. كۆك ئاسماندىن تۆۋەنگە قارىغىنىمىزدا، ئالمائاتانىڭ كەچلىك مەنزىرىسى بىزگە ئالاھىدە گۈزەل كۆرۈندى.

جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالمائاتا ئايرودرومىدا زور ھۆرمەت بىلەن داغدۇغىلىق قارشى ئېلىندى. دۇنيا قازاقلىرى تەشكىلاتىنىڭ 1-مۇئاۋىن رەئىسى، قازاقىستاندىكى مەشھۇر جامائەت ئەربابى، يازغۇچى قالداربىك نايمانباييېف، ئالمائاتا شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئاقان قاتارلىق كىشىلەر جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەسقەت كەرىمباي، باش كاتىپ نۇرلان ئابىلمەجىن باشچىلىقىدىكى ئۆمەك ئەزالىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئالمائاتا ئايرودرومى قازاق خەلقىنىڭ جۇشقۇن ناخشا ساداسىغا چۆمگەنىدى. گۈزەل قازاق قىزلىرى ئۆمەك رەھبەرلىرىگە گۈل تۇتتى، تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىدىن ئىككى ئەلنىڭ دوستلۇقى ۋە دۇنيا قازاقلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى سورىدى. ئالمائاتادا مېھمانخانىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئالمائاتا شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئاقان ھەشەمەتلىك زىياپەت بەردى. زىياپەت باشلىنىش ئالدىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق. ئالدى بىلەن ساھىپخان سۈپىتىدە سۆزگە چىققان ئاقان ئەپەندى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا مۇشۇنداق بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتكەنلىكىدىن ناھايىتى



خۇشاللانغانلىقىنى، قازاقىستان خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ شەرقتىكى بۈيۈك قوشنىسى جۇڭگو بىلەن بولغان دوستلۇقىنى ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ساھىپخان سۈپىتىدە 2-قېتىم سۆزگە چىققان قالداربىك نايمانباييېف ھاياجانلانغان ھالدا قەدەھ سۆزى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيادىكى قازاقلار ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىگە باردىم. مېنىڭ بايقىشىمچە مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەڭ توغرا يولغا قويغان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ئەڭ ئادىل دۆلەت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىكەن. شۇڭلاشقا بىز (قازاقىستان) جۇڭگودىن ئىبارەت قوشنىمىز بىلەن بولغان دوستلۇقنى ۋە ئىناقلىقنى ناھايىتى قەدىرلەيمىز. بۈگۈن جۇڭگونىڭ ئەسقەت كەرىمباي باشچىلىقىدىكى يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى دۇنيا قازاقلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشى مانا مۇشۇ دوستلۇق ۋە ئىناقلىقنى ئالاھىدە قەدىرلىگەنلىكىنىڭ دەلىلى، بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشاللاندۇق. ئۆمەك تەركىبىدە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى نۇرلان ئابىلمەجىن، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قىزايجان سابىلخوجا، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى مۇقاتبېك ئادىلبېك قاتارلىق ئوبلاست، ۋىلايەت باشلىقلىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرى بار ئىكەن؛ «جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىكى قازاقلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەرنى خەنزۇ تىلىدىن قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان تارىخچى، يازغۇچى جاقىپ مىرزاقانوۋ كەپتۇ، يەنە تارىخىي رومان شەكلىدە ئىككى مىڭ يىل ئاۋالقى ئۇيسۇن دۆلىتى دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوفمۇ كەپتۇ. خەنزۇ تىلىدا ئىجادىيەت قىلىدىغان يازغۇچى قېرىندىشىمىز ئەكبەر مەجىت، قازاقىستانغا قوشنا بولغان

قورغاس ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى راشىدىن زىكرىيە، تەرجىمەشۇناس ياۋ چېڭشۈن، پروفېسسور جاڭ دىڭجۈن ۋە جارقىنلارمۇ بار ئىكەن. سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، سەپىرىڭلەرگە ئۇتۇق تىلەيمىز».

جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەسقەت كەرىمباي تەكلىپكە بىنائەن سۆزگە چىقىپ، ئاقان، قالدارېك ئەپەندىلەرنىڭ قازاقىستان ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى نامىدىن جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنى داغدۇغىلىق كۈتىۋالغانلىقىغا، شۇنداقلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىگە تەشەككۈر بىلدۈردى. ئۇ: «بىز دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قازاقىستان خەلقىگە يوللىغان دوستلۇق سالىمىنى ئېلىپ كەلدۇق، بىز ئىككى ئەلنىڭ ئىناقلىقى ۋە دوستلۇقىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرايلى» دېيىشىگە زىياپەت سورۇنىنىڭ كەيپىياتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

زىياپەت داۋاملىشىۋاتقان ۋاقىتتا، قالدارېك نايمانبايېفنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مەن جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى نامىدىن «مۇستەقىل قازاقىستان» گېزىتىنىڭ مۇخبىرلىرى ئايناش ئىسالى ۋە بېرسىنبېك سەرسېنبېفنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدىم. ئۇلارنىڭ جۇڭگودىكى قازاق خەلقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە دۇنيا قازاقلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بەردىم. زىياپەتنى قازاقىستان سەنئەتچىلىرى ئورۇنلىغان ناخشا كۈيلەر تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتەردى. بولۇپمۇ قازاقىستاننىڭ داڭلىق ناخشىچىسى قايرات بايبوسۇنىنىڭ ناخشىلىرى بىزنى ناھايىتى ھاياجانغا سالدى.

ئالمائاتادا تۇرغان ئىككى كۈن (19 ـ، 20-ئۆكتەبىر كۈنلىرى)



ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى. بىر تەرەپتىن قازاقىستان تەرەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن مول مەزمۇنلۇق ئېكسكۇرسىيە، ئۇچرىشىشلاردا بولدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى (باشقا ئەللەر) دىن كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن تونۇشتۇق، قازاقىستاندا ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ۋە شۇ يەردە ئىشلەۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ ھال سوراپ كەلگەن قەدىمى ئۇزۇلمىدى. بولۇپمۇ 20-ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن ئۆمەك باشلىقىمىز ئەسقەت كەرىمباي باشچىلىقىدا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇلۇغ سەنئەت پىشىۋاسى ئەبىلقان قاستېيېف نامىدىكى سەنئەت مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشىمىز بىزگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئەبىلقان قاستېيېفتىن ئىبارەت ئۇلۇغ سەنئەت پىشىۋاسىنىڭ قولىدا سىزىلغان قازاقنىڭ تۇنجى تارىخچىسى چوقان ۋەلىخانوف، ئۇلۇغ ئاقىن جامبۇل جاباييېف، مۇزىكا پىشىۋاسى قۇرمانغازى قاتارلىقلارنىڭ سۈرەتلىرى ئالدىدا ھەيران قالغىنىمىزدىن ئۇزاق تۇرۇپ قالدۇق. ئۇلارنىڭ ئوبرازلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولدى. ئەبىلقان قاستېيېف سىزىپ چىققان قازاقنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، كىيىم-كېچەكلىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەرنى تېخىمۇ قىزىقىپ كۆردۇق. بۇ سەنئەت مۇزېيىدا قازاقىستاننىڭ باشقا سەنئەت پىشىۋالىرىنىڭ سىزما سۈرەتلىرى، سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە روسىيە، ياۋروپا ئەللىرىدىن چىققان دۇنياغا داڭلىق سەنئەتكارلارنىڭ سىزغان سۈرەتلىرىمۇ كۆپ ئىكەن. مانا بۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بۈيۈك سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مەڭگۈ يوقالمايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئېكسكۇرسىيە ئاياقلاشقاندا ئەسقەت كەرىمباي ئۆمەك نامىدىن مۇزېي خادىملىرىغا رەھمەت ئېيتتى.

شۇ كۈنى (20-ئۆكتەبىر) ئالمائاتا ۋاقتى 18:30 دا بارلىق ئۆمەك ئەزالىرى دۇنيا قازاقلار تەشكىلاتى ۋە ئالمائاتا شەھەرلىك مەمۇرىيەتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئاباي نامىدىكى قازاقىستان دۆلەتلىك ئوپېراسىدا «كۆلەش بايسېيىتوۋا سەنئەت مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى تىلېۋبېك خوجاننىڭ دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا تەقدىم قىلغان «ئۇلۇغ ئانا يۇرتۇم» ناملىق ناخشا كېچىلىكىدىن ھۇزۇرلاندۇق. ناخشا كېچىلىكىنىڭ ساھىپخانى تىلېۋبېك خوجان 1963-يىلى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى نىلقا ناھىيىسىنىڭ قاراسۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان، جۇڭگودا ئۆسۈپ يېتىلگەن، سەنئەت ھاياتىمۇ (1981-1991-يىلى) جۇڭگودىن باشلانغان. ئۇ 1991-يىلى قازاقىستانغا ئوقۇشقا چىقىپ ئالدى بىلەن «تېمىربېك جۈركىنىف نامىدىكى سەنئەت ئىنىستىتوتى» دا، كېيىن «قۇرمانغازى نامىدىكى سەنئەت ئىنىستىتوتى» دا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان.

ناخشا كېچىلىكى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، تىلېۋبېك خوجان ئانا يۇرتىغا بولغان سېغىنىشىنى قازاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەسقەت كەرىمبايغا تون يېپىپ ھۆرمەتلەش ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

شۇ كۈنى كەچتە دۆلىتىمىزنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئۆمەككە زىياپەت بېرىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ئالمائاتادا تۇرغان ئىككى كۈن جەريانىدا، ئەسقەت شۇجى باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئۆمەك ئەزالىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالمائاتا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىغا بېرىپ خىزمەت تەكشۈردى. بەزىبىر يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ سودا ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. سۇلتان جانبولاتوف بىر



نەچچىمىز قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ئەربابلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق.

21-ئۆكتەبىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى يازغۇچىلار (سۇلتان جانبولاتوف، جاقىپ مىرزاقان، ئەكبەر مەجىت) قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئېچىلغان دۇنيا قازاقلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتنىششقا كەلگەنلەر ئىچىدىكى چەت ئەللىك يازغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشتۇق. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا ئالدى بىلەن قازاقىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نۇرلان ئورازالىيېف ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا قارشى ئېلىش سۆزى سۆزلىدى. بولۇپمۇ دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىششقا ئەۋەتىلگەن جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ بارلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى ۋە بىزگە ئالدى بىلەن سۆزگە چىقىش پۇرسىتىنى بەردى. بىز ئۈچىمىز بىر-بىرلەپ سۆزگە چىقىپ ئېلىمىزدىكى قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇق. جۇڭگودىكى مۇناسىۋەتلىك نەشرىياتلار چىقارغان «جۇڭگو تارىخىدىكى قازاقلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر»، «قازاق تارىخىدىكى مەشھۇر كىشىلەر» ناملىق كۆپ قىسىملىق كىتاب، «ئەسەت ئەسەرلىرى» (ئىككى قىسىم) قاتارلىق بىر قاتار ئەڭ يېڭى كىتابلارنى ئۆمەك نامىدىن قازاقىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلىغىنىمىزدا، نۇرلان ئورازالىيېۋ ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى مىننەتدارلىق بىلدۈردى. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قازاق خەلقىنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرى، ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇچرىشىش

جەريانىدا جۇڭگودىن، مۇڭغۇلىيە ۋە باشقا ئەللەردىن كەلگەن يازغۇچىلارمۇ سۆز قىلىپ باشقا ئەللەردىكى قازاق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قازاقىستاندا نەشىر قىلىش توغرىسىدا ئۆز ئوي-پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## چىمكەنت ۋە سايرامدا

دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىششقا كەلگەن ھەرقايسى ئەللەر ۋەكىللىرى 21-ئۆكتەبىر كۈنى سائەت 16:00 دە (ئالمائاتا ۋاقتى) مەخسۇس پويىز بىلەن ئالمائاتادىن يولغا چىقتى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى 7-ۋاگونغا ئورۇنلاشتۇق. بىز پويىز دېرىزىدىن قازاق دالاسىنىڭ كۆز يەتكۈسىز گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ ماڭدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن يېنىمىزدىكى ۋاگوندا بىللە كېتىۋاتقان قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇلۇغ ئەربابلىرىدىن پەيلاسوف ئالىم ئەبدۇمەلىك نىسانبايېۋ، داڭلىق شائىر تۇمەنباي مولداغالىيېۋ، خەلق يازغۇچىسى قەبدىمىش جۇمەدىلوف قاتارلىقلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدۇق. ئۇلار بىر مىليون نەچچە يۈز مىڭ قازاق خەلقى بار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ قازاقىستاننىڭ ئىناق قوشنىسى بولغانلىقى ھەمدە جۇڭگونىڭ مۇشۇنداق بىر يۇقىرى ئابرويغا ئىگە جامائەت ئەربابى، ئالىم، يازغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتكەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستىنىڭ مەركىزى بولغان چىمكەنت شەھىرىگە پويىز 22-ئۆكتەبىر ئەتىگەن سائەت 7:40 دا يېتىپ كەلدى.



چىمكەنت پويىز ئىستانسىسىدا قارشى ئېلىش مۇراسىمى ناھايىتى داغدۇغىلىق بولدى. جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئەلى باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئەسقەت كەرىمباي، نۇرلان ئەبدۇمەجىن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئالدىغا سالامغا چىقتى. پويىز ئىستانسىسى ئالدىدىكى مەيداندا قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. دوستلۇق ۋە ئىناقلىقتا تولغان تەبرىك سۆزلىرى سۆزلەندى. چىمكەنت ئوبلاستىنىڭ سازەندىلىرى ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان پاساھەتلىك كەلىمىلەرنى كەلتۈردى.

بۇ قېتىمقى دۇنيا قازاقلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ بىر چوڭ كۈن تەرتىپى، ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ۋەكىللەرنى جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستىدىكى (بولۇپمۇ چىمكەنت، سايرام، تۈركىستان شەھەرلىرى) تارىخىي شەھەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش ئىكەن. بۇ كۈنى مۇشۇ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىنائەن ۋەكىللەر ئالدى بىلەن سايرام ناھىيىسىدىكى «ئىلنۇر ئارامگاھى»دا غىزالانغاندىن كېيىن، ئېكسكۇرسىيە باشلاندى. نەچچە يۈز ۋەكىلنى ئېلىپ ماڭغان ئاپتوموبىل ۋە ئاپتوبۇسلار سېپىدە جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئۆمەك ئەزالىرى ئولتۇرغان ماشىنا ۋە ئاپتوبۇسلار يەنىلا سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. زىيارەتتە چىمكەنت ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئەلى ئەپەندى شۇ كۈنى كەچ كىرگىچە ئەسقەت كەرىمباي، نۇرلان ئەبدۇمەجىن قاتارلىق رەھبەرلەرگە ئۆزى ھەمراھ بولدى.

ئالدى بىلەن زىيارەت قىلغان ئورنىمىز سايرام ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان ئىبراھىم ئاتا مەقبەرىسى بولدى. ئىبراھىم ئاتا مۇشۇ سايرامدىن چىققان داڭلىق ئۆلىما، شائىر خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئاتىسى

هەم دىنىي داھىي بولۇپ، ئۇ ئۆزى ياشىغان 9-ئەسىردە مىڭلىغان شاگىرىت تەربىيىلىگەن ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سايرامنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان قاراچاچ ئانا مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدۇق. «قاراچاچ ئانا» خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئانىسى بولۇپ ئۆز دەۋرىدە ئۇقۇمۇشلۇق، بىلىملىك ئانا ئىدى. تارىخىي خاتىرە (شەجەرە) لەرگە ئاساسلانغاندا مۇشۇ ئانىدىن قالغان «يەتتە يۇرتنىڭ تىلىنى بىل، يەتتە تۈرلۈك بىلىم بىل» دېگەن ئەقلىيە سۆز بار ئىكەن. دېمەك، سايرام بىر خاسىيەتلىك ماكان. بۈگۈنكى سايرام ناھىيىسى دەپ ئاتالغان بۇ يەر تارىخىي خاتىرىلەردە 7-ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپلا تىلغا ئېلىنغان. شۈەنزاڭنىڭ ساياھەتنامىسىدە (629-يىلى) «سايرام ئاق دەريا بويىدىكى شەھەر» دەپ خاتىرىلەنگەن. ھەتتا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن 7-ئەسىردىكى زورئاستىرىزمنىڭ بۈيۈك كىتابى «ئاۋىستا» دا سايرام توغرىسىدا خاتىرە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن 11-ئەسىردە ئۆتكەن مەخمۇت قەشقەرىنىڭ ئەسىرىدە بۇ جاينىڭ «ئىسپىجاپ» دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بىلىمىز. جەنۇبىي قازاقىستاننىڭ ئاقسۇ دەرياسى ۋە سايرام دەرياسى ئارىسىغا جايلاشقان بۇ قەدىمكى تەبىئىي شەھەر تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان سىرلىق شەھەر ھېسابلىنىدۇ.

شۇ كۈنكى زىيارەتتە ۋەكىللەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلغان يەنە بىر جاي مۇشۇ سايرامدىكى «مارتۆبې» (كېڭەش تېغى) بولدى. قازاق تارىخىدا خەلق ئاغزىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «قازاقنىڭ قازاق ئىكەنلىكىنى بىلگىڭ كەلسە مارتۆبېگە كەل» دېگەن ماقال بىكار ئېيتىلمىغان. 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 18-ئەسىرنىڭ بېشىدا تەۋكى خان ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلى (1684-1718 يىللار) دە تۈپتۈز تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بۇ



تۆپىلىك «ئىتتىپاق، بىرلىك، ئىناقلىق باياشاتلىق ۋە قۇدرەتلىكنىڭ بۆلىقى» دەپ ئاتىلىپ، قازاق ئۈچ يۈزىنىڭ سىمۋولى بولغان. قازاقلارنىڭ داڭلىق خانى تەۋكىخان چوڭ يۈز بېيى تۆلى، ئوتتۇرا يۈز بېيى قازبېك، كىچىك يۈز بېيى ئەيتېكەلەر دائىم كېڭەش قىلىپ پۈتۈن قازاقلارنىڭ تەقدىرى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىرىگە دائىر يىغىنلارنى ئاچقان. خەلق ئاغزىدا ئېيتىلىشىچە «يەتتە تۈرلۈك قانۇن» مۇ مۇشۇ مارتۆبېدە ماقۇللانغان. تەۋكىخان ھايات ۋاقتىدىكى قازاق ئۈچ يۈزىنىڭ بەگ-سۇلتانلىرى، بېيى-باتۇرلىرى باش قوشۇپ جەم بولغان ئەڭ ئاخىرقى قۇرۇلتايمۇ دەل مۇشۇ مارتۆبېدە ئېچىلغانىكەن. مارتۆبېنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىسىڭىز ئۇنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىنى كۆرەلەيسىز. ئۇنىڭ يېنىغا چېدىرچە يىغىن سەھنىسى ياسىلىپ، ئاستى تەرىپىگە نۇرغۇن ئورۇندۇق قويۇلغانىكەن. بىز مۇشۇ جايدا ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ ھاردۇق چىقىرىپ تەۋكىخان دەۋرىدىكى خان، بېيلا كېڭەشىنى ئاساس قىلىپ سەھنىلەشتۈرۈلگەن تىياتىرنى كۆردۇق.

«مارتۆبې» ئاستىدا ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. بۇ كومېدىيىلىك كۆرۈنۈشلەر ئۈچ ئەسىر ئاۋالقى تارىخىي دەۋرنى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلدى... بىزمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىرگە مەخسۇس ئورنىتىلغان تۇتقۇچنى تۇتۇپ پەلەمپەي بىلەن «مارتۆبېگە» چىقتۇق. مەيىن شامال يۈزىمىزنى سىلاپ ئۆتەتتى. يىراقتا كۆز يەتكۈسىز يايلاقلار كۆزگە تاشلىناتتى. «مارتۆبې قازاق ئىتتىپاقىنىڭ سىمۋولى»، «مارتۆبې قازاقنىڭ شان شەۋكىتى» دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەتلەرنىڭ بىكار ئېيتىلمىغانلىقىنى سەزدۇق.

چۈشلۈك غىزا چىمكەنت شەھىرىنىڭ كان بابا زىياپەت زالىدا بولدى.

نەچچە يۈز كىشى غىزالانغان بۇ ھەشەمەتلىك رېستورانىدا جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزىز مېھمانلارغا راسلانغان ئۇستەللەردىن ئورۇن ئالدۇق. مول زىياپەتتە قازاقنىڭ ئەنئەنىۋى تائاملىرى (قېزا، قىمىز، سارماي، قايماق، جېنت، قايماق چاي) نىڭ ھەممىسى ئۈستەلگە تىزىلىپتۇ.

رېستوراننىڭ سەھنىسىدە ناخشىچى-سازەندىلەرنىڭ ناخشا-سازلىرى ئۇزۇلمەي كەيپىيات تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

چۈشتىن كېيىن بىز ئالدى بىلەن چىمكەنت شەھىرىنىڭ يېنىدىكى خەلق «قاراساي» دەپ ئاتايدىغان جايغا بېرىپ مۇڭلۇق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە بىر كىچىك تاغ ئۈستىگە ئورنىتىلغان «قازا قىلغانلار خاتىرە مۇنارى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئەسقەت كەرىمباي باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەڭ ئالدىدا گۈل سىۋەتلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭدۇق. دۇنيا قازاقلىرى تەشكىلاتىنىڭ 1-مۇئاۋىن رەئىسى قالداربېك نايمانبايېۋ ۋە جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئەلى ئەپەندى، سايرام ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قۇۋانىش ھايتەخانوۋ جۇڭگو ۋەكىللىرىگە ئىزچىل ھەمراھ بولدى.

22-ئۆكتەبىردىكى ئوردا بېشى تېغىدىكى خاتىرە مۇنارىنى زىيارەت قىلىش زىيارىتىمىزنىڭ ئەڭ خۇشاللىنارلىق نۇقتىسى بولدى. قازاقلارنىڭ 18-ئەسىردىكى تارىخىدا ئالاھىدە ئورنى بار خاتىرە مۇنارى ئوردا بېشى ناھىيىسى دائىرىسىگە جايلاشقانىدى. 1723 ـ، 1725-يىللىرى جۇڭغارلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە توختىماي ھۇجۇم قىلىشى سەۋەبىدىن، قازاق خەلقى يۇرت ماكانىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا، قازاق ئۈچ يۈزىنىڭ ئۇلۇغ بېيلىرى تۆلى، قازىبېك، ئەيتېكلەر باش بولۇپ بىرلىشىپ مۇشۇ ئوردا بېشى تېغىدا 1726-يىلى خان-سۇلتانلار ۋە



باتۇرلار، بېيلەر يەنە خەلق ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان داغ-دۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، پۈتكۈل قازاق خەلقىنى بىرلەشتۈرۈپ دەھشەتلىك ياۋغا قايتۇرما زەربە بېرىش توغرىسىدا چوڭ قارار ماقۇللىغان. جىددىي تەييارلىقلاردىن كېيىن، 1728-يىلىدىكى بۇلانتى، 1729-يىلىدىكى ئاڭراقاي جەڭلىرىدە قازاق ئەزىمەتلىرى جۇڭغارلارغا ئەجەللىك زەربە بەرگەن.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى نەزەربايېفنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مانا مۇشۇ ئوردا بېشى يايلىقىدا ئېگىزلىكى 27 مېتىر كېلىدىغان خاتىرە مۇنار ئورنىتىلغان. خاتىرە مۇنارىغا ئۈچ يۈزگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۈچ قىر چىقىرىلغان. بىز ئالدى بىلەن مۇشۇ ھەيۋەتلىك خاتىرە مۇنارىنى ئايلىنىپ كۆرۈپ چىقتۇق. ئۈچ قىرلىق ئېگىز مەرمەر تاشتىن ياسالغان مۇنارنىڭ يۈزىگە 18-ئەسىردىكى قازاقلارنىڭ ئۈچ ئۇلۇغ بېيلىرىنىڭ تەلىماتلىرى ئويۇلۇپتۇ.

چوڭ يۈزنىڭ بېيى تۆلى: «بىرلىك، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك بولماي دۆلەت مەۋجۇت بولالمايدۇ».

ئوتتۇرا يۈزنىڭ بېيى قازىبېك: «سۆز ئاتىسى بىرلىك، ئانىسى ھەقىقەت».

كىچىك يۈزنىڭ بېيى ئەيتېك: «باي بولساڭ خەلقىڭگە پايداڭ تەگسۇن، باتۇر بولساڭ ياۋغا نەيزەڭ تەگسۇن».

شۇ كۈنىدىكى ئەڭ ئاخىرقى زىيارەت نۇقتىمىز «ئارسلان باب»نىڭ مەقبەرىسى بولدى. خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئارسلان باب خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ دەسلەپكى ئۇستازى (پىرى) بولغان. ئاتاقلىق ئەمىر تۆمۈر تۈركىستان شەھىرىدىكى ئەخمەت يەسەۋى

مەقبەرىسىنى سالدۇرۇش ئالدىدا ئۇنىڭ ئۇستازى (پىرى) ئارسلان بابقا ئاتاپ مۇشۇ مەقبەرىنى سالدۇرغانىكەن. بۇ 14-ئەسىردە بولغان ۋەقە ئىدى. ئەمما بۇ مەقبەرە 12-ئەسىردە ياسالغان دېيىلىدۇ. بۇ يەر قازاق دالاسىدىكى قەدىمكى ئۇلۇغ مەدەنىيەت، سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان ئوترار شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇلار ئارسلان بابنىڭ ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئۇستازى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. شۇڭلاشقىمۇ خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ مەقبەرەسىنى زىيارەت قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن ئارسلان بابقا تاۋاپ قىلىپ، ئۇ كىشىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، تۈركىستاندىكى ئەخمەت يەسەۋىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ دۇئا قىلىدۇ دېگەن رىۋايەت بار ئىكەن.

## تۈركىستاندا

دۇنيا قازاقلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈركىستان شەھىرىگە بىز كەچرەك يېتىپ كەلدۇق. ھازىرقى جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستىدىكى بۇ شەھەرنىڭ قەدىمكى تارىخىي نامى-ياسى. ئۇ سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقى، قاراتاغ قاپتىلىنىڭ تۆۋەن ئېتىكىگە جايلاشقان. تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، بۇ شەھەرنىڭ ئۇلى ناھايىتى بۇرۇنقى مەزگىللەردە بەرپا قىلىنغان. ئۇنىڭ تارىختىكى ئۇلۇغ يىپەك يولىغا جايلاشقانلىقى، شۇنداقلا قىپچاق دالاسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىلىقىدا بولۇشىدەك ئەۋزەللىكى بۇ شەھەرنىڭ تارىخىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. قازاق تارىخىدىكى «قاپلان يۈرەك ئەر» دەپ ئاتالغان ئېسىمخان دەۋرىدە (1645-1598) تۈركىستان شەھىرى قازاق خانلىقىنىڭ



مەركىزىگە ئايلانغان. قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، تۈركىستان شەھىرىنىڭ ئورنى خەلقئارادىمۇ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى نۇرسۇلتان نەزەربايېفنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1991-يىلى كۈزدە تۈركىستان دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر، شائىر خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ نامى بېرىلگەن. 1992-يىلى 10-ئاينىڭ 31-كۈنى قازاقىستان ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم بويىچە، ئۇ «خوجا ئەخمەت يەسەۋى نامىدىكى خەلقئارالىق قازاق، تۈرك ئۇنىۋېرسىتېتى» بولۇپ قەد كۆتەردى.

دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى مانا بۇ ئۇلۇغ تارىخىي شەھەردە 23-ئۆكتەبىر رەسمىي باشلاندى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قازاقىستان زۇڭتۇڭى نۇرسۇلتان نەزەربايېف دۇنياغا داڭلىق «خوجا ئەخمەت يەسەۋى مەقبەرىسى» ئالدىدىكى گۈلگە ئورالغان مەيدان ئالدىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەسقەت كەرىمباي، موڭغۇلىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىزامقان، ياۋروپا ئەللىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەردىن ئابدۇراخمان قاتارلىق كىشىلەر قۇرۇلتايغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى سۈپىتىدە مەخسۇس قوبۇل قىلىندى. مانا مۇشۇ پۇرسەتتە ئەسقەت كەرىمباي جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى نامىدىن قازاقىستان زۇڭتۇڭى نۇرسۇلتان نەزەربايېفقا قازاقلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئالاھىدە تەييارلانغان سوۋغات ھەدىيە قىلدى.

دۇنياغا داڭلىق «خوجا ئەخمەت يەسەۋى مەقبەرىسى»نى زىيارەت قىلىش بىزنى ئالاھىدە ھاياجانغا سالدى. 14-ئەسىردە ئاتاقلىق ھۆكۈمران

ئەمىر تۆمۈرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ 12-ئەسىردە سېلىنغان، ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان كونا مازىرىنىڭ ئورنىغا سېلىنغان بۇ قۇرۇلۇش ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەل ئىدى. ئەمىر تۆمۈر بۇ مەقبەرىنى سالدۇرۇشتىن بۇرۇن، ئەسلىدىكى كونا مازارنى مۇسۇلمانلار ئايىقى ئۈزۈلمەي تاۋاپ قىلىپ تۇراتتى.

قەدىمكى ئىسپىجاپ (ھازىرقى سايرام) شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن خوجا ئەخمەت يەسەۋى بۇرۇنقى ياسى (ھازىرقى تۈركىستان) شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، بۇ شەھەرنىڭ داڭقى چىقىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، خوجا ئەخمەت يەسەۋى ئىسلام دىنىدىكى سوفىزم مەزھىپىنىڭ تەشەببۇسچىسى بولۇپلا قالماستىن، قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوفىزم پروزىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى، بۈيۈك دانىشمەن، مۇتەپەككۇر، شائىر ئىدى. ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «دىۋانى ھىكمەت» نىڭ ئەل ئىچىدىكى (ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاندىكى) تەسىرى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. قۇرۇلۇشنىڭ مەركىزى قىسمى ئۇنىڭ لەھەتى ئىكەن. 16-ئەسىردىن باشلاپ بۇ مەقبەرىگە داڭلىق كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرى دەپنە قىلىنىشقا باشلىغان. قازاقلارنىڭ خان، سۇلتانلىرى، بېيلىرىدىن: جولبارسخان (يولۋاسخان) ئېسىمخان، ئابلايخان، قازىبېك بېيى، جانىبېك باتۇرلارنىڭ جەسەتلىرى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن. . . .

23-ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن، ئالمائاتا ۋاقتى سائەت 15:30 ئۆتكەندە قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى نۇرسۇلتان نەزەربايېف قۇرۇلتايغا ئاتاپ ئېچىلىش سۆزى سۆزلىدى.

زۇڭتۇڭ نۇرسۇلتان نەزەربايېف «بۇ قۇرۇلتاي قازاق خەلقىنىڭ يېڭى



مىڭ يىلدا بىرلىككە كەلگەن مىللەت سۈپىتىدە قەدەم باسقانلىقىنىڭ بەلگىسى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىدا، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىل بولغاندىن بۇيانقى ھەرقايسى ساھەلەردىكى تەرەققىياتى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى بىر-بىرلەپ خولاسىلەپ ئۆتتى. قازاقىستاننىڭ مۇستەقىل دۆلەت قاتارىدا خەلقئارادا تۇتقان ئورنى، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتىكى نەتىجىلىرىنى سۆزلىگەندە، جۇڭگو توغرىلىق مۇنۇلارنى ئېيتتى: «بولۇپمۇ جۇڭگودىكى بىر مىليوندىن كۆپرەك قېرىنداشلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى ياخشى مىللىي گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۇ يەر ئانا تىلىمىزنىڭ باي، مۇنبەت تۇپراقلىرىدىن بىرى، قازاقلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي مۇكەممەل ساقلانغان. قازاق خەلقىنىڭ بىباھا بايلىقى بولغان ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى يەنىلا جۇڭگودىكى قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىدا ساقلانماقتا. نۆۋەتتە قازاقىستاندا جۇڭگو قازاقلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات توپلاملىرىدىن 30 قىسمىنى نەشر قىلىشقا تەييارلاندۇق. جۇڭگودىكى قازاقلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىمۇ بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭدىكى قازاق ئەدەبىياتىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى تاڭجارىق جولدە ئوغلىنىڭ ئەسەرلىرى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان. شائىر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىق خاتىرە مەرىكىسىنىڭ جۇڭگو بىلەن قازاقىستاندا يۇقىرى دەرىجىدە ئۆتكۈزۈلىشىدە شۈبھى يوق. . . .»، «قوشنا ئەل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق، مىڭ يىلدىن بۇيان قېلىپ قالغان مەسىلىلەرنى بىر يولدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل

قىلدۇق، ئىككى دۆلەتنى دوستانە ئەل دەپ ئېلان قىلدۇق، چېگرانى دوستلۇق چېگرىسى دەپ ئاتىدۇق. مۇشۇ بىر يىلدىلا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا بۇرۇنقى يىللارغا قارىغاندا زور دەرىجىدە ئاشتى...».

ئىككىنچى بولۇپ سۆزگە تەكلىپ قىلىنغىنى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەسقەت كەرىمباي بولدى. سۆز نۆۋىتىنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭخۋا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە، قازاقىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىغە بولغان چوڭقۇر دوستلۇقى ۋە مېھرى-مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا ئەسقەت كەرىمبايغا بولغان چوڭ ھۆرمىتى ئىدى. ئەسقەت كەرىمباينىڭ سۆزى زۇڭتۇڭ نەزەربايېف باشچىلىقىدىكى قازاقىستان رەھبەرلىرىنىڭ ۋە دۇنيا قازاقلىرى قۇرۇلتىيىغا كەلگەن 30 نەچچە دۆلەت ۋەكىللىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. كۆپچىلىك ئۇزۇنغىچە قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. شۇڭلاشقا ئەسقەت كەرىمباي سۆزىنىڭ بىر قىسمىنى تىلغا ئېلىشنى لايىق تاپتىم:

«ئۆتكەنكى 11 يىلدا، ئەمگەكچان باتۇر قازاقىستان خەلقى زۇڭتۇڭ نەزەربايېفنىڭ رەھبەرلىكىدە، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللىي ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش، خەلقئارا ئالاقىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە دۇنيا خەلقىنى ھەيران قالدۇرغىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى».

«ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان، كۈنسېرى گۈللىنىۋاتقان دۆلەت خەلقئارانىڭ دىققىتىنى بارغانسېرى ئۆزىگە تارتىۋاتىدۇ. بىز قازاقىستان خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنى تېخىمۇ



گۈللەندۈرۈشىگە چىن يۈرەكتىن تىلەكداشمىز ھەمدە شۇنداق بولۇشىغا ئىشەنچىمىز كامىل».

«ئىككى ئەلنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ بېرىش كېلىشى چوڭقۇرلىشىپ، رەئىس جياڭ زېمىن بىلەن زۇڭتۇڭ نەزەربايېف ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر خۇسۇسىي دوستلۇق ۋە ياخشى خىزمەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. بۇ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىدا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندى. نۆۋەتتە جۇڭگو بىلەن قازاقىستان مۇناسىۋىتى يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويۇپ يېڭى پۇرسەتلەرگە ئېرىشمەكتە».

بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ قازاقىستان خەلقىغە بولغان قىزغىن تىلىكى، شۇنداقلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە بولغان چوڭقۇر دوستلۇقى ۋە ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنىڭ بەلگىسى. ئەسقەت كەرىمباي دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشقا كەلگەن 30 نەچچە دۆلەت ۋەكىللىرىگە 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت جۇڭگونىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى-ھەممە مىللەتنىڭ باراۋەرلىكىنى، ئىتتىپاقلىق ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئاكتىپ تەربىيىلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېتىبار بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۈچقاندەك

تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگەنلىكىنى تونۇشتۇردى. بولۇپمۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇۋاتقان قازاق خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى بارلىق ھوقۇقلىرىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، قازاق خەلقىنىڭ باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاش يەنىمۇ يېڭى، تېخىمۇ چوڭ تەرەققىياتلارغا قاراپ قەدەم تاشلىغانلىقىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن بايان قىلدى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى نامىدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ دوستلۇق ئەلچىسى سۈپىتىدە دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا ئۇتۇق تىلەپ ئۆزىنىڭ بىر نەچچە تۈرلۈك تىلەكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قازاقىستان زۇڭتۇڭى نۇرسۇلتان نەزەرباييېۋ ۋە باشقا قازاقىستان رەھبەرلىرىمۇ ئەسقەت كەرىمباي ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەينى-كەينىدىن سۆزگە چىققان روسىيە، ئۆزبېكىستان، تۈركىيە ۋە ياۋروپا ئەللىرى، موڭغۇلىيە ۋە ئامېرىكىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى باشتىن-ئاياق ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىدى.

دۇنيا قازاقلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ شۇ كۈنكى پائالىيىتى ناھايىتى مول مەزمۇنلۇق بولدى. كەچ سائەت 18:00 دە بىز تۈركىستان تىياتىرىدا ئورۇنلانغان «ھەققىيانىيەت يولى» ناملىق درامىنى كۆردۇق. درامىدا قازاقىستان مۇستەقىل بولغان ۋاقىتتىكى تۇنجى زۇڭتۇڭ نەزەرباييېۋنىڭ ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. كەچ سائەت 20:00 دە زۇڭتۇڭ نەزەرباييېۋ نامىدىن بېرىلگەن زىياپەتكە تەشرىپ قىلدۇق. كەچ سائەت 21:00 دىن 23:00 كېچە «ئېسمخان مەيدانى» دا دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا ئاتالغان سەھنىلەشتۈرۈلگەن چوڭ تىپلىق ناخشا-ئۇسسۇلنى كۆردۇق. شاتلىق قاينىمىغا چۆمگەن تۈركىستان ئاسمىنى



بىلەن ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان «ئېسمخان مەيدانى» قازاق خەلقىنىڭ، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئويۇنلىرى بىلەن بايرام تۈسىگە كىرگەنىدى.

ئالمائاتا ۋاقتى كېچە سائەت 24:00 دە جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەلى ئەپەندى بىلەن سايرام ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قوۋانىش ھايتاخونوف بىز چۈشكەن مېھمانسارايىنىڭ مەخسۇس مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش خانىسىدا جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ئايرىم داستىخان سېلىپ زىياپەت بەردى ۋە ئەسقەت كەرىمباي، نۇرلان ئەبدۇمەجىن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا تون كىيدۈردى، سوۋغا سالاملارنى تۇتتى.

مۇشۇ پۇرسەتتە، «ھۆرمەتكە ھۆرمەت، شېكەرگە بال» دېگەندەك ئەسقەت كەرىمبايمۇ ئۆمەك نامىدىن دۇنيا قازاقلار تەشكىلاتىنىڭ 1-مۇئاۋىن رەئىسى قالداربېك نايمانباييېۋ ئەپەندىگە ۋە ئەلى، قوۋانىش رەھبەرلىكىدىكى جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستى، سايرام ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بىزنى قۇرۇلتاي جەريانىدا ھەمراھ بولۇپ كۈتكەن مۇناسىۋەتلىك خىزمەتچى خادىملارغا ئېسىل تون يېپىپ، مەخسۇس سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلدى. بۇ دوستلۇق ۋە ئىناقلىق كەيپىياتىغا تولغان كېچە بىزگە مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە بولۇپ قالدى...

24-ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن قۇرۇلتاينىڭ كۈن تەرتىپى بويىچە دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا ئاتاپ ئات بەيگىسى ۋە باشقا تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، چەت ئەللەردىن كەلگەن قازاق شائىرلىرىنىڭ شېئىر-مۇشائىرە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگودىن بارغان قازاق شائىرلىرىدىن سەلى سەدۋاققاس 1-دەرىجىلىك، چەكەن ئوڭالباي 2-دەرىجىلىك، قايرات قولۇنقامەت 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قولۇنقان

ئەخمەت رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئۆزى جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتى پروزا ژانىر تەرەققىياتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى، ئۇنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، دۇنيا قازاق ئەدەبىياتىدىمۇ بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ئىدى.

چۈشتىن كېيىن، بۇ قېتىمقى دۇنيا قازاقلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمى بولدى. قۇرۇلتاينىڭ مۇناسىۋەتلىك قارارلىرى ماقۇللىنىپ دۇنيا قازاق تەشكىلاتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ھەيئەتلىرى سايلانغاندىن كېيىن، قازاقىستان مەدەنىيەت، ئاخبارات نەشرىياتىنىڭ مىنىستىرى مۇختار قولمىخەمىت يىغىننىڭ خۇلاسە سۆزىنى قىلدى. ئۇ قۇرۇلتاينىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكىنى، دۇنيادا 40 نەچچە دۆلەتكە ئولتۇراقلاشقان قازاقلاردىن 30 نەچچە دۆلەتتىن ۋەكىل كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قازاقىستاننىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ تېز ئىكەنلىكىنى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كەلگۈسىنىڭ پارلاق ئىكەنلىكىنى كىشىنى قايىل قىلىدىغان سانلىق مەلۇماتلار بىلەن شەرھىيلىدى. ئۇ قازاقىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇڭتۇڭ نەزەر بايېفنىڭ رەھبەرلىكىدە غەلبىسېرى ئىلگىرىلەپ، دۇنيادىكى بارلىق ئەللەر بىلەن بېرىش-كېلىشنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى، دۇنيانىڭ تىنچلىق ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشىدىغانلىقىنى، ئەتراپىدىكى بارلىق قوشنا دۆلەتلەر بىلەن، بولۇپمۇ شەرقتىكى ئۇلۇغ قوشنىسى جۇڭگو بىلەن دوستلۇق ۋە ئىناقلىقنى كۈچىنىڭ بېرىچە تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقىنى ھەمدە زۇڭتۇڭ نەزەربايېف



ۋە قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى ئەللەردىكى قازاقلارنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان ۋەتىنىنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملىرىغا بويسۇنۇشىنى لايىق دەپ قارايدىغانلىقىنى، كۆچمەنلەر مەسىلىسىنى شۇ ئەللەر بىلەن كېلىشىم قىلىش ئاساسىدا ئۆز يولىدا توغرا ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

قۇرۇلتاينىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن، جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەسقەت كەرىمباي بىلەن باش كاتىپ نۇرلان ئابدۇمەجىننىڭ باشچىلىقىدا بىر بۆلۈم ئۆمەك ئەزالىرى مۇشۇ قېتىمقى دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-قېتىملىق قۇرۇلتىيى جەريانىدا ئېچىلغان «چەت ئەلدىكى قازاقلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى» گە قويۇلغان ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى مەدەنىيەت ئىدارىسى تەرىپىدىن ئاپىرىلغان «كىگىز ئۆي» ۋە ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك جابدۇقلىرىنى قازاقىستاننىڭ تۈركىستان شەھىرىدىكى «خوجا ئەخمەت يەسەۋى نامىدىكى قازاق ، تۈرك ئۇنىۋېرسىتېتى» مۇزېيىغا تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بىز تەرەپتىن ئەسقەت كەرىمباي، ئۇلار تەرەپتىن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇدىرى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان تەسىرلىك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ سۆز قىلدى. قازاق خەلقى «باش پاناھ» دەپ قەدىرلەيدىغان مۇشۇ كىگىز ئۆي ئىككى ئەلنىڭ ئىناق قوشنا، دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىكى بىر ئابىدە بولغانلىقىدىن بىز ئىنتايىن شاتلاندۇق.

كەچلىك غىزا ۋاقتىدا بىز غىزالىنىپ تۇرغان «5-نومۇرلۇق» ئۆينىڭ ئالدى ناھايىتى شاتلىققا چۆمگەنىدى. ئۆمەك رەھبەرلىرىمىز بىزنى كۈتىۋالغان يىگىت-قىزلارغا كۆپچىلىك نامىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ناخشا ئېيتىلىپ ئۇسۇل ئوينالدى. خاتىرە سۈرەتلەرگە چۈشۈپ ئۆزئارا

قىيمىغان ئاساستا خوشلاشتۇق. خوشلىشىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى تۈركىستان شەھىرىنىڭ تۆمۈريول ۋوگزالىدا بولدى. بۇ قېتىمقى دۇنيا قازاقلىرىنىڭ 2-قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى ئۇزىتىشقا جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئەلى ئەپەندى ۋە سايرام ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قۇۋانىش ھايتاخانوف قاتارلىق رەھبەرلەر باشچىلىقىدا مىڭلىغان كىشى چىققانىدى. بولۇپمۇ ئۇلار باشلاپ كەلگەن قازاقىستان سەنئەتچىلىرىنىڭ قوشۇنى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ئولتۇرغان «7-نومۇرلۇق» ۋاگون ئالدىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، قېرىنداشلىق مېھرىگە قىيمىغان ئاساستا بىزنى ئۇزىتىپ قويدى. بىز بۇ ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلارنى قازاقىستان خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىغە، بولۇپمۇ دۇنيادىكى بارلىق ئەل خەلقىغە بىلدۈرگەن ھۆرمىتى ۋە سالىمى دەپ بىلدۇق. 25-ئۆكتەبىر كەچلىك ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىدىغان جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە باشقا مېھمانلارنى ئالمائاتادىن ئۇزىتىشقا مەسئۇل بولغان دۇنيا قازاقلىرى تەشكىلاتىنىڭ 1-مۇئاۋىن رەئىسى قالدارىبېك نايمانباييېف ئەپەندىمۇ تۈركىستاندىن ئالمائاتاغا بىز بىلەن بىرگە مۇشۇ مەخسۇس پويىز بىلەن قايتتى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ تارىخشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى)

ئابدۇلجان سېيىت تەرجىمىسى



# سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى قۇتراتقۇلۇق قىلغان ئىلى، چۆچەك ۋەقەسى①

لۇ چيەنشۈن

1962-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، سوۋېت شيۇ جېڭجۇيىچىلىرىنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن يۈز بەرگەن ئىلى، چۆچەك ۋەقەسى سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قارىتا ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق ئېغىر ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ ۋەقەدە، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى ئىلى، تارباغاتايدىكى كۆپلىگەن چېگرا ئاھالىسىنىڭ چەت ئەلگە قېچىشىغا قۇتراتقۇلۇق قىلىپلا قالماي، يەنە غۇلجا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلىڭىنىڭ② يۈز بېرىشىگىمۇ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، دۆلىتىمىزگە زور زىيان ۋە خەۋپ ئېلىپ كەلدى.

## سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن ئىلى، تارباغاتاي ئاممىسىنىڭ كۆپلەپ چەت ئەلگە قېچىشى

---

① سوۋېت شيۇجېڭجۇيى: يەنە سوۋېت ھازىرقى زامان شيۇجېڭجۇيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كونا ئاتالغۇ بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئۆزگەرتىش قىلىنمىدى. شيۇجېڭجۇيىنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى-رېۋىزىيونىزم بولۇپ، خەلق ئېغىزىدا شيۇجېڭجۇيى دەپ ئاتىلىپ كەلگەچكە ئۆزگەرتىلمىدى. ئىلى، چۆچەك ۋەقەسى: ئەسلى ئىلى، تارباغاتاي ۋەقەسى دېيىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما خەلق ئېغىزىدا شۇنداق دېيىلگەچكە ئۆزگەرتىلمىدى. يۇقىرىقى «ئەكسىلئىنقىلاب»، «ھىندىستان ئەكسىيەتچىلىرى» قاتارلىق ئاتالغۇلارمۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزگەرتىلمىدى. (تەھرىردىن)

② غۇلجا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلىڭى: 1962-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قۇتراتقۇلۇق، قوماندانلىق قىلىشى بىلەن يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ۋەقەسى.

كۆپلىگەن پاكىتلار شۇنى ئېنىق ئىسپاتلىدىكى، بۇ قېتىمقى ئىلى، تارباغاتايدىكى چېگرا ئاھالىسىنىڭ كۆپلەپ چەت ئەلگە قېچىش ۋەقەسىنى شىۋجېڭجۇيىچىلار تەشكىللىك، پىلانلىق ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك تاشقى، ئىچكى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىچكى جەھەتتىن، سوۋېت شىۋجېڭجۇيىچىلىرى كونسۇلخانىسى، سوۋېت مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى ۋە سوۋېت مۇھاجىرلىرى① ئارقىلىق كۆپلىگەن بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ خىل بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرى 1961-يىلى 1-ئايدا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراق باشلانغانىدى. سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ خادىملىرى 1961-يىلدىن 1962-يىلى 4-ئايغىچە تارباغاتايغا 6 قېتىم كېلىپ 4000 دىن ئارتۇق كىشى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم پاكىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئىلى ۋىلايىتىدىمۇ ئەنە شۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. تاشقى جەھەتتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى رادىئو، گېزىت-ژورنال، خەت-ئالاقە قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق دۆلىتىمىز

① كونسۇلخانا، سوۋېت مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى ۋە سوۋېت مۇھاجىرلىرى: ئۇ ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچىدە باش كونسۇلخانا، غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي ۋە قەشقەردە كونسۇلخانا ۋە سوۋېت مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى تەسىس قىلغانىدى. شىنجاڭدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى، بولۇپمۇ سوۋېت مۇھاجىرى كىنىشكىسىنى ئالغانلار 160 مىڭ كىشى ئەتراپىدا بار ئىدى. 1949-يىلى شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن باشلاپ 1960-يىلغىچە، بولۇپمۇ 1960-يىلى 6-ئايدىكى بۇخارىست يىغىنى (بۇ خرۇشىف 1960-يىلى 6-ئايدا رومىنىيەنىڭ پايتەختى بۇخارىستتا ئاچقان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ۋە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللەر يىغىنى بولۇپ، قىسقارتىلىپ بۇخارىست يىغىنى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا خرۇشىف ئالدىن تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى تەشكىللەپ، ھەر خىل سۇيىقەست، ھەر خىل لۈكچەكلىك ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، بىزنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىز ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئۈستىدىن پىتنە-ئىغۋا تارقاتتى، تۆھمەت قىلدى ۋە ھۇجۇم قىلدى) دىن كېيىن، شىنجاڭ سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى قايتۇرۇش خىزمىتىدە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1960-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ 130 مىڭغا يېقىن سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى. 1962-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە، شىنجاڭدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى، بولۇپمۇ سوۋېت مۇھاجىرلىق كىنىشكىسىنى ئالغانلار 30 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرىنى قوشقاندا يەنىمۇ كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن.



پۇقرالىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىشقا قايمۇقتۇردى ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلدى. دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا ئاھالىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىشقا باشلىغاندىن كېيىن، سوۋېت شىۋجېڭجۇيىچىلىرى يەنە پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سىم توساقنى ئېچىپ، بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنىڭ ئۇياققا ئۆتۈشى ئۈچۈن دۆلەت دەرۋازىسىنىڭ ھەر ۋاقىت ئوچۇق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھەدەپ قۇتراتقۇلۇق تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى؛ بىزنىڭ كىشىلىرىمىز ئۇياققا ئۆتكەندىن كېيىن، مەخسۇس ماشىنا ئورۇنلاشتۇرۇپ توشىدى ھەمدە ئۇلارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ قاچقان ئاھالىلەرنى قايتۇرۇۋېتىش نىيىتى يوق ئىدى. بۇ پاكىتلاردىن شىۋجېڭجۇيىچىلار ھەرگىزمۇ تانالمايدۇ. ھەممىگە ئايانكى، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۇزاقتىن بۇيان بۇ تەرەپتىكى چېگرىغا چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى ئاز ساندا ئورۇنلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە ئازراقمۇ توساق ئورناتمىغانىدۇق. ئادەت بويىچە، ئىلگىرى چېگرىدىن ئۆتكەنلەر قايتۇرۇلاتتى، بۇ قېتىم نېمىشقا قايتۇرۇلمايدۇ؟ ئېنىقكى، بۇ پۈتۈنلەي شىۋجېڭجۇيىچىلارنىڭ تەشكىللىك، پىلانلىق ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئىدى.

سوۋېت شىۋجېڭجۇيىچىلىرى ئىلى، تارباغاتاي ئاممىسىنىڭ چەت ئەلگە قېچىشىغا قوتراتقۇلۇق قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئامما ئاز تۈركۈمدە چەت ئەلگە قاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆپلەپ قېچىشقا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىز كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە نەسىھەت قىلىپ توسىدۇق؛ ئامما كۆپلەپ

قاچقان ۋاقىتتا، بىز ھاقارەتلەپ تىللاش، ئۇرۇش، ھەتتا قوراللىق باستۇرۇشقا ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللانماي، تەربىيە قىلىش، نەسىھەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتا چىڭ تۇردۇق. ھازىر ئويلىساق، بىزنىڭ بۇ خىل ئۇسۇل ۋە فاڭجېنىمىز توغرا بولۇپ، شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇشىغا سەۋەب قالدۇرمىغانىدۇق. كېيىن، بىز يەنە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئاممىنىڭ چەت ئەلگە قېچىشىغا ئىغۋاگەرلىك، قۇتراتقۇلۇق قىلغان بۇزغۇنچىلارغا زەربە بەردۇق، چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتۇق، ئاممىۋى تەشۋىقات، تەربىيە ۋە نەسىھەت قىلىپ توسۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردۇق، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى يەنىمۇ ياخشى ئورۇنلاشتۇردۇق، بۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ كۆپلەپ چەت ئەلگە قېچىش ئەھۋالى توختىدى. بۇ ئۇسۇللارمۇ توغرا بولغانىدى.

شۇ ۋاقىتتىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1962-يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنلىرىدىن 4-ئاينىڭ 30-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىق چەت ئەلگە قېچىش مەزگىلى بولۇپ، 4-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىق يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن مەزگىل ھېسابلىنىدۇ؛ 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئاممىنىڭ زور تۈركۈمدە چەت ئەلگە قېچىش ئەھۋالى توختاپ، ئاندا-ساندا ماڭغانلار بولدى. جۇملىدىن جەمئىي 60 مىڭ ئادەم قاچقان بولدى. چەت ئەلگە قاچقانلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغان ناھىيىلەر ئاساسلىقى چېگرا ياقىسىدىكى بىر نەچچە ناھىيە بولۇپ، ئۇلار: چۆچەك، قاچقانلارنىڭ سانى 33 مىڭ؛ قورغاس، قاچقانلارنىڭ سانى 14 مىڭ؛ چاغانتوقاي، 10 نەچچە مىڭ. قالغان ناھىيىلەردىن ئاز ساندىكى كىشىلەر قېچىپ چىقىپ كەتكەن. دېمەكچى، سوۋېت



شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن 50 نەچچە مىڭ ئادەم قېچىپ چىقىپ كېتىپلا قالماي، يەنە 300 نەچچە مىڭ تۇياق چارۋىنى بىللە ئېلىپ كەتتى، 400 نەچچە مىڭ مو تېرىلغۇ يەر ۋاقتىدا تېرىلماي قالدى، كۆپلىگەن بۇغداي مايسا ۋاقتىدا سۇغۇرۇلماي ھوسۇلغا ئېغىر تەسىر يەتتى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى قۇتراتقۇلۇق قىلغان ئىلى، تارباغاتايدىكى ئاممىنىڭ كۆپلەپ چەت ئەلگە قېچىش ۋەقەسى بىزگە مۇنداق مۇھىم تەجرىبە-ساۋاقلارنى قالدۇردى:

(1) بىزنىڭ سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىغا بولغان ھۇشيارلىقىمىز يېتەرلىك بولمىغانىدى. بۇخارىست يىغىنىدىن كېيىن، گەرچە بىز سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلغان بولساقمۇ، ۋاھالەنكى ئۇلارنىڭ قانداقلارچە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ۋاقتىدا بايقىيالمىغانىدۇق، بۇ، بىزنىڭ ھۇشيارلىقىمىزنىڭ يەنىلا يېتەرسىز ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. تەجرىبىلەر سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ ھەرقانداق ئەسكى ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنى، ئۇلارغا نىسبەتەن چوقۇم يۇقىرى ھۇشيارلىقتا بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئىسپاتلىدى.

(2) ئەينى زاماندىكى يەنە بىر ئاچچىق ساۋاق شۇكى، سوۋېت مۇھاجىرلىرىنىڭ بەزىبىر ھەرىكەتلىرى بالدۇرراق ۋە ۋاقتىدا بىرتەرەپ قىلىنمىغانىدى. بۇخارىست يىغىنىدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىش خىزمىتى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى قايتۇرۇش خىزمىتىدە، شىنجاڭ ئالدى بىلەن كادىرلار ئىچىدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى قايتۇرۇش، ئاندىن

كېيىن جەمئىيەتتىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى قايتۇرۇش فاڭجېنىنى قوللاندى. ئەمدى قارىساق بۇمۇ توغرا بولغاندى. ۋەھالەنكى، بۇ يەردىكى مەسىلە-بىرتەرەپ قىلىش خىزمىتى چىك تۇتۇلمىغان، كادىرلار ئىچىدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى قايتۇرۇش ئۆز ۋاقتىدا بىرتەرەپ قىلىنمايلا قالماي، يەنە جەمئىيەتتىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى قايتۇرۇشمۇ تولۇق بىرتەرەپ قىلىنمىغانىدى. تەجرىبىلەر، كادىرلار ئىچىدىكى، جەمئىيەتتىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى قايتۇرۇش مەسىلىسىنى تېزلىكتە بىرتەرەپ قىلىش كېرەكلىكىنى ئىسپاتلىدى.

(3) سوۋېت كونسۇلخانىسى ۋە سوۋېت مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش كۈچلۈك بولمىدى. بۇخارىست يىغىنىدىن كېيىن، سوۋېت كونسۇلخانىسى ۋە سوۋېت مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتىنىڭ قانۇنسىز پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلىقى بىزگە ئايان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى چەكلەش كونكرېت خىزمىتىمىز كۈچلۈك بولمىغانىدى، ئۇلارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئېلىپ بېرىۋاتقان قانۇنسىز پائالىيەتلىرىگە تېگىشلىك زەربە بېرىلمىگەنىدى.

(4) خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى كۈچەيتىلمىدى، بۇنىڭ سەۋەبى-شۇ ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيە سوتسىيالىستىك قېرىنداش دۆلەت ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو-سوۋېت، جۇڭگو-موڭغۇلىيىنىڭ 4200 كىلومېتىرلىق چېگرىسىدا چېگرا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى يوق بولۇپ، پەقەت 150 نەچچىلا خەلق ساقچىسى بار ئىدى. يەنى چېگرا بولغىنى بىلەن مۇداپىئە يوق ئىدى. تەجرىبىلەر، سوۋېت ئىتتىپاقىدا شىۋجېڭجۇيى پەيدا بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيىگە ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى



ئىسپاتلىدى. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتمىسەك تېخىمۇ زور خاتالىق سادىر قىلىشىمىز مۇمكىن ئىدى.

(5) بىزدە سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە بەزى مەسىلىلەر ساقلاندى، ۋاقتىدا ھەل قىلىنمىدى ياكى ياخشى ھەل قىلىنمىدى. مىللەتلەر سىياستى، دىنىي سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشىمىزدا، چېگرا رايونغا ياردەم بەرگىلى كەلگەن ياشلار، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن خادىملار ۋە تۇراقسىزلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە بەزى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلار بولدى، بولۇپمۇ تۇراقسىزلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا مەسىلە ئېغىرراق بولغانىدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تۇراقسىزلارنى خەلق كوممۇنالىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق بولمىغان ئىش ئىدى، ئەڭ ياخشى چارە-ئايرىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ شۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. تۇراقسىزلارنىڭ كۆپىنچىسى ياخشى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەسكىلىرىمۇ بار ئىدى. ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلاردا ئاچارچىلىق تارتىپ شىنجاڭ يېزىلىرىغا كەلگەندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئىچىدە ئىچكىرىدىكى بەزى ناچار ئەھۋاللارنى كۆپتۈرۈپ، ئېغىۋا تارقاتقان. بۇ ھالدا بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىدا، شىنجاڭدىمۇ ئىچكىرىدىكى ئاپەت رايونلىرىغا ئوخشاش ئەھۋال يۈز بېرەرمۇ دەيدىغان ئەندىشە پەيدا بولغانىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز شىنجاڭدا خەلق تۇرمۇشىنى مەلۇم بىر ۋاقىت ئىچىدە ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ كېتەلمىدۇق، ئەگىشىپلا شىۋجېڭجۇيىچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى قوشۇلۇپ، بۇ مەسىلە سادىر بولدى. شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ھالىتى قاچمىسا بولمايدىغان قىيىن ئەھۋالغا بارمىغانىدى. 1960 ـ، 1961-يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، 1962-يىلى

شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى دېگۈدەك قىيىن ئەمەس ئىدى. پەقەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلمىغاچقا، بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. بۇ جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى چوقۇم ياخشى تەكشۈرۈش كېرەك. بۇ ۋەقەنى شيۇجېڭجۇيىچىلار قۇتراتقۇلۇق قىلىپ قوزغىغان، دەپلا خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقا خىزمەتلەردىكى كەمچىلىك، خاتالىقلارغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

## سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسى قۇتراتقۇلۇق قىلغان ۋە قوماندانلىق قىلغان غۇلجا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ۋەقەسى

غۇلجا ۋەقەسىنىڭ خاراكتېرى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى خاراكتېردىكى مەسىلە ئەمەس. بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسى قۇتراتقۇلۇق ۋە قوماندانلىق قىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ۋەقەسى. بۇ شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قاراتقان ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنىڭ يېڭى راۋاجى ۋە يەنىمۇ يامانلىشىشى.

غۇلجا توپىلىڭىنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن ئېنىق. غۇلجا توپىلىڭىنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشتىكى ھالقا-توپىلاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىشتا. غۇلجا توپىلىڭىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى دېگىنىمىز، ئالدى بىلەن، جىدەل پەيدا قىلغان توپىلاڭچىلار باشلىنىشىدىلا



ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتى[1] بىناسىنى چاقتى، ئىلى رايونلۇق پارتكومغا[2] قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، رايونلۇق پارتكوم شۇجىسىنى ئۇردى، ئوبلاست باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقىنى ئۇردى، خەلق ئەسكەرلىرى ۋە خەلق ساقچىلىرىنى ئۇردى، خەلق ئەسكەرلىرى ۋە خەلق ساقچىلىرىنىڭ قورالىنى بۇلىدى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەخپىي ھۆججەت ۋە مەمۇرىي تامغىلىرىنى بۇلىدى، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلدى. . . ئېنىقكى، بۇ سېپىي ئۆزىدىن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قىلمىشى، شۇڭا، بۇنى بىر قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ خاراكتېرىدىكى ۋەقە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

كۆپلىگەن پاكىت، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ غۇلجا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلىڭىنى قۇتراتقۇچى ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئاساسلىق پاكىت: بىرىنچىدىن، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئۈزلۈكسىز ھالدا جۇڭگو پۇقرالىرى ئىچىدە قانۇنسىز پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ قېتىمقى ۋەقە يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، كۆپلىگەن جۇڭگو پۇقرالىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشنى تەلەپ قىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئۇلارنى جۇڭگونىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا بېرىپ رەسمىيەت ئۆتەشكە كۆشكۈرتكەن ھەمدە ئامىنى جۇڭگو ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن ئىسپات

---

[1] ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتى، كېيىن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

[2] جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلى رايونلۇق كومىتېتى، كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا، يېزىپ بەرمىسە ئىش تېرىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان. مانا بۇ بۇ قېتىمقى توپىلاڭنىڭ پىلتىسى بولدى. ئىككىنچىدىن، ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئىش تېرىغۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا توختىماي كىرىپ چىقىپ تۇردى، ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي دېگەندەك، جۇڭگو پۇقرالىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا بېسىپ كىردى دەپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. ئۈچىنچىدىن، توپىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تېخىمۇ قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ دەرۋازىسىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان خەلق ساقچىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنغان (ئەمەلگە ئاشمىغان). تۆتىنچىدىن، توپىلاڭچىلار ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى بىناسىغا باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، پىلانلىق ھالدا تاشقى ئىشلارغا ئائىت ئارخىپلارنى بۇلىدى ھەمدە تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىغا ھۇجۇم قىلدى. بەشىنچىدىن، توپىلاڭچىلار بۇلىغان ماشىنىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا ھەيدەپ كەتكەن، بۇلىغان بىر دانە قۇرالنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن (كونسۇلخانا بۇ قۇرالنى دەرۋازىدىكى بىز تەرەپنىڭ خەلق ساقچىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن). ئالتىنچىدىن، توپىلاڭ يۈز بېرىپ ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، سوۋېت



ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بىز تەرەپنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ كاتىپىنى ئالدىراپ-تېنەپ دۆلىتىگە ئەۋەتكەن. يەتتىنچىدىن، 1962-يىلى 5-ئاينىڭ 31-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئوبلاستلىق تاشقى ئىشلار باشقارمىسىدىكى مەسئۇل يولداش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى بىلەن كۆرۈشكەندە، قارشى تەرەپ ئالدى بىلەن بۇ توپىلاڭ بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ چۈشەندۈرۈش قىلغان. مۇناسىۋەتسىز بولسا نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش بېرىدۇ؟ ئېنىقكى، يۇقىرىقى ھەر خىل ئەھۋاللارنىڭ ھەرگىز تاسادىپىيلىق بولماي، بەلكى بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ ۋەقەنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىرتەرەپ قىلدى. شۇ چاغدا، ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلار ئالدى بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتىغا ھوجۇم قىلىپ، ئارقىدىنلا ئىلى رايونلۇق پارتكومغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار ئىلى رايونلۇق پارتكومنىڭ ھويلا تېمىدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ پارتكوم بىناسىغا غالجىرلارچە ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كەسكىنلىك بىلەن ۋەقەنىڭ خاراكتېرىنى دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى زىددىيەت دەپ بېكىتىپ، ئىلى رايونلۇق پارتكوم بىناسىغا غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى دەرھال قوراللىق باستۇرۇشنى قارار قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ۋەقە بېسىقىپ، ئىلى رايونلۇق پارتكومنى قورشاۋغا ئالغان غەۋغاچىلار تارقاپ كەتتى. بۇ تەدبىر دەل ۋاقتىدا، توغرا ھەم كۈچلۈك بولدى. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا ۋەقە خەلق

ئىچىدىكى زىددىيەتتىن دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى زىددىيەتكە ئايلانغانىدى. ئەگەر كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ بىرتەرەپ قىلماي، يەنىلا خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىپ، ئىلى رايونلۇق پارتكوم بىناسىغا غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قەتئىي قايتۇرما زەربە بەرمىگەندە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى. شۇڭا، شۇ چاغدىكى ئەھۋالدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئىلى رايونلۇق پارتكوم بىناسىغا غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى دەرھال قوراللىق باستۇرۇشنى قارار قىلىشى پۈتۈنلەي زۆرۈر، دەل ۋاقتىدا ھەم توغرا بولغانىدى. مۇشۇنداق بىرتەرەپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن شىۋجېڭجۇيىچىلار ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ سۇيىقەستى مەغلۇپ بولدى، مەقسىدى ئىشقا ئاشمىدى. بىز غۇلجا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ۋەقەسىنى تېزلىكتە بېسىقتۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشتۇق.

## شىۋجېڭجۇيىچىلارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىنىڭ مەقسىدى

1960-يىللاردا، خەلقئارا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالىزم ھەرىكىتىدە ماركسىزم، لېنىنىزم بىلەن شىۋجېڭجۇيىدىن ئىبارەت ئىككى لۇشيەن ئوتتۇرىسىدا كۈرەش يۈز بەردى. شىۋجېڭجۇيىچىلارنىڭ ئۆز لۇشيەنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇلار



ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق بىزنىڭ پارتىيە ۋە ھاكىمىيىتىمىزنى يېتىم قالدۇرۇپ زەربە بەرمەكچى، ھەتتا ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولدى. ئۇ ۋاقىتتا شىۋجېڭجۇيىچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنىڭ بۇ دەرىجىدە ئېغىرلىشىپ كېتىشىدىكى سەۋەب: بىرتەرەپتىن، ھىندىستان ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىدا بىزگە تاجاۋۇز قىلدى؛ جياڭ جيېشى باندىتلىرى شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويلىرىدا چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىمىز، دەپ جار سېلىۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىز ئۇدا ئۈچ يىلغا سوزۇلغان تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچراپ، ئاشلىق مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانىدى. شىۋجېڭجۇيىچىلار مانا بۇ ۋاقىتنى دەل بىزنى يېتىم قالدۇرۇش، بىزگە زەربە بېرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشنىڭ ياخشى پەيتى، دەپ قارىغانىدى.

شىۋجېڭجۇيىچىلارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدا يەتمەكچى بولغان ئاساسلىق مەقسىتى: بىرىنچىدىن، خەلق ئاممىسىنىڭ چەت ئەلگە قېچىش، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ۋەقەسى پەيدا قىلىش ئارقىلىق، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا خاتالاشقانلىقىمىزنى ئىسپاتلاپ، يۈزىمىزگە قارا سۈركەپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ لۇشيەنىنىڭ توغرىلىقىنى، بىزنىڭ لۇشيەنىمىزنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلىماقچى، ماركسىزم، لېنىنىزمغا، بىرنىڭ توغرا لۇشيەنىمىزگە قارشى تۇرۇشقا باھانا تاپماقچى؛ ئىككىنچىدىن، ھىندىستان ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تاجاۋۇز قىلىشىغا ئىلھام بېرىش ۋە ئۇنى قوللاش؛ ئۈچىنچىدىن، جياڭ جيېشى باندىتلىرىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇققا تاجاۋۇز قىلىشىغا

شەرت-شارائىت ھازىرلاش؛ تۆتىنچىدىن، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن مۇرەسسە قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇش؛ بەشىنچىدىن، مىللەتلەر ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ ۋە كېڭەيتىپ، مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتكە ئىختىلاپ سېلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خەنزۇلارغا قارشى چىقىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش؛ ئالتىنچىدىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئېغىرچىلىقىمىزنى كۆپەيتىپ بىزگە تېخىمۇ كۆپرەك بېسىم سالماقچى؛ يەتتىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى-بىزنىڭ پارتىيىمىز ۋە ھاكىمىيىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىدى.

شۇ چاغدا، بىز دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەرگە قارىتا، بولۇپمۇ سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىغا قارىتا تېخىمۇ تىغ كۈرەش ئېلىپ باردۇق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى قەتئىي بىت-چىت قىلىپ، چېگرا ئاھالىسىنىڭ چەت ئەلگە قېچىشىنى توستۇق، غۇلجا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلىڭىنى باستۇردۇق؛ سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلخانا ۋە سودا ئورگانلىرىنى چېكىندۇرۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدۇق، قانۇنسىز پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان سوۋېت مۇھاجىرلار جەمئىيىتىنى تاقىدۇق، سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن قايتۇرۇپ ئىچكى قىسمىنى تازىلىدۇق؛ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، ساپ بولمىغان ئۇنسۇرلارنى ئىچكى تەرەپكە كۆچۈرۈپ، چېگرا رايونلىرىنى پاكلىدۇق؛ كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تەلىم-تەربىيە ئېلىپ



باردۇق، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ① «ئىككى بۇيرۇقى»②نى تەشۋىق قىلىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ سوتسىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى ئۆستۈردۇق، جۇڭگولۇقلار بىلەن چەت ئەللىكلەرنىڭ، ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلابنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىدۇق. شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىكى قىسىملار سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا بولغان ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا ھىندىستان ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوراللىق ھۇجۇمىنى جەسۇرانە

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى نامى.

② 1962-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى بۇيرۇقى» ۋە 1963-يىلى 4-ئاينىڭ 4-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى ئىمزا قويۇپ ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى بۇيرۇقى»نى كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقى «بۇيرۇق» نىڭ مۇھىم نۇقتىسى: چېگرا ئاھالىسىنى قانۇنسىز ھالدا چېگرا ئاتلاپ قېچىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان؛ ئاممىنى ئىش تىرىشقا ياكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلغان بارلىق قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ جۇڭگو پۇقراسى ياكى چەت ئەل مۇھاجىرى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بىردەك جازالىنىدۇ. كېيىنكى «بۇيرۇق» نىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تۆۋەندىكىدەك بەش خىل ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق جىنايىتى بار بارلىق ئۇنسۇرلار جۇڭگو پۇقراسى بولسۇن ياكى چەت ئەل مۇھاجىرى بولسۇن بىردەك ئەكسىلئىنقىلابچى جىنايىتى بىلەن بىرتەرەپ قىلىنىدۇ. بۇ بەش خىل جىنايەت: (1) پىتنە-پاسات تارقىتىپ ئاھالىلەرنى چەت ئەلگە قېچىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان ھەم تەشكىللىگەنلەر؛ (2) دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئارا بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغانلار؛ (3) ئىش تىرىشقا باشلامچى بولغانلار، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا قۇتراتقۇلۇق قىلغانلار؛ (4) ئەكسىلئىنقىلابىي مەقسەت بىلەن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ۋە جامائەت مۈلكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار، ئىجتىمائىي ئامانلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار؛ (5) چەت ئەلنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئاخبارات خىزمىتى ۋە ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار.

بىت-چىت قىلىپ، ۋەتەن چېگرىسىنى قوغدىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش توغرىسىدا دەل ۋاقتىدا كۆرسەتمە چىقىرىپ، «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش شاملى»غا قەتئىي زەربە بېرىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ باستۇردى. مانا بۇ كۈرەش غەلىبىلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى قۇترىتقۇلۇق قىلغان ۋە قوللىغان چەت ئەلگە قېچىش ۋەقەسى ۋە غۇلجا ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقەسى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي بىر ۋەقە ئەمەس

ئىلگىرى چارروسىيە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن جايلىرىنى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغانىدى، كېيىنچە يەنە شىنجاڭنىڭ بىرقىسىم جايلىرىنى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالدى، بۇ خىل بېسىۋېلىش ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىنلا توختىدى. ۋاھالەنكى، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا بولغان قارا نىيىتىدىن يانماي، شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈش



خىيالىدا بولۇپ كەلدى. ستالىننىڭ شېڭ شىسەينى[1]نى قوللىشى دەل شۇ ۋەجىدىن بولغان، شېڭ شىسەي يۈزسىزلىق قىلغاندىن كېيىن، ستالىن يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى[2]قوللىدى، بۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. ۋاھالەنكى، ستالىننىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللاش ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت مەقسىدىمۇ بار ئىدى. بۇ، 1945-يىلى 2-ئاينىڭ 11-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى ئىمزالىغان «يالتا كېلىشىمى»[3] دە تولۇق ئىسپاتلاندى. شۇ چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىل بولسىلا شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. ئەمما، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىل بولغاندىن

① شېڭ شىسەي: لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەييۈەن ناھىيىسىدىن. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋگۈەن ناھىيىسىدە ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ياپونىيىگە بېرىپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، 1930-يىلى شىنجاڭغا كەلگەن. 1933-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى شىنجاڭدا جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان «12-ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى، قوشۇمچە رەئىس، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ مۇدىر ئەزاسى بولغان. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، باراۋەرلىك، پاكلىق، تىنچلىق، قۇرۇلۇش» تىن ئىبارەت «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى يولغا قويۇپ ستالىننىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن. ستالىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتى سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي جەھەتلەردە شېڭ شىسەينى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايلاندۇرماقچى بولدى. سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى پارتلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى خەۋپلىك پەيتتە تۇرغاندا، شېڭ شىسەي «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى يىرتىپ تاشلاپ، سوۋېتكە، كومپارتىيىگە قارشى يولغا ماڭدى. 1944-يىلى 8-ئاينىڭ 29-كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولۇپ شىنجاڭدىن ئايرىلدى.

② 1944-يىلى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنى ئاساس قىلغان جايلاردىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق قوزغىلىڭى. كېيىن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان. رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئېنىق قىلىپ: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دۆلىتىمىز يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

③ 1945-يىلى 2-ئاينىڭ 11-كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى يالتادا مەخپىي يىغىن ئېچىپ «سوۋېت، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەتنىڭ ياپونىيە توغرىسىدىكى كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ساقلاپ قالىدىغان، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئىشلىرىغا قايتا ئارىلاشمايدىغان بولدى.

كېيىنمۇ شىنجاڭغا قارىتا يەنىلا شۈلگىيىنى ئېقىتىپ، ھەرخىل ئاماللار بىلەن ئاۋارىچىلىق ۋە پاراكەنچىلىكلەرنى سالدى.

سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا بولغان ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. 1960-يىلىدىكى بۇخارىست يىغىنىدىن كېيىنلا، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا بولغان ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەنىدى. 1960-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بوز ئايغىر تاغ ئېغىزىدا چېگرا ماجىراسى تۇغدۇرۇپ، بىزنىڭ شۇ يەردە ئەزەلدىن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەلق كوممۇناسى ئەزالىرىنى ۋە قوي پادىلىرىنى ھەيدىۋەتتى؛ 1962-يىلى 4-، 5-ئايلاردا، ئىلى، چۆچەكلەردە چېگرا ئاھالىسىنىڭ چەت ئەلگە قېچىشىغا ۋە شۇ يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنى غۇلجىدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا قۇترىتقۇلۇق قىلىشىمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. بۇ سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايلاندۇرماقچى بولغانلىقىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى قۇترىتقۇلۇق قىلغان ۋە قوللىغان ئاممىنىڭ چەت ئەلگە قېچىشى ۋە غۇلجا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلىڭى بىزنى ئىشلەپچىقىرىش، ئادەم كۈچى، چارۋا ۋە مال-مۈلۈك جەھەتلەردە ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپ، قىيىنچىلىقىمىزنى ئاشۇرۇۋەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ كىمگە پايدىلىق؟ كىمگە ياردىمى بولدى؟ ئېنىقكى، بۇنىڭ دۈشمەنگە ياردىمى بولدى. بىر سوتسىيالىستىك دۆلەتتە شيۇجېڭجۇيى پەيدا بولۇپ دۈشمەنگە ياردەم بېرىدىغان ئىشنى قىلدى، ئۇنى قانداقمۇ سوتسىيالىستىك دۆلەت دېگىلى بولسۇن؟



## ئىلى، چۆچەك ۋەقەسى بىر يامان ئىش، ئەمما ئۇنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ

1. سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىدىن ئىبارەت بۇ سەلبىي ئوقۇتقۇچى ئارقىلىق كەڭ كادىر ۋە ئاممىغا سوۋېت شيۇ جېڭجۇيىچىلىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ خەۋپىنى ئېنىق تونۇتۇپ، ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈش، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىغا قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق؛ سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىزنى خىزمەتلىرىمىزدىكى كەمچىلىك، خاتالىقلىرىمىزنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋېلىشىمىزنى ۋە بۇ خىل كەمچىلىك، خاتالىقلارنى يېڭىپ خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىزگە، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشىمىزغا تېخىمۇ پايدىلىق؛ سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا بىر قىسىم ئەكسىلئىنقىلابچىلار، بۇزۇق ئۇنسۇرلار، ئەكسىيەتچىل يەرلىك مىللەتچىلەر، ئىككى يۈزلىمىچىلەر ئاشكارىلاندى، بىر قىسىم ياخشى كادىرلار مەيدانغا كەلدى. مانا بۇ كادىرلار ماركسىزم، لېنىنىزملىق مەيداندا تەۋرەنمەي، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەيداندا تەۋرەنمەي سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى بىلەن، ئەكسىلئىنقىلابچىلار، بۇزۇق ئۇنسۇرلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلدى. مانا بۇ كۈرەشلەر ئارقىلىق، بىزنىڭ كادىرلار سېپىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، بىزنى كۈرەش تەجرىبىسىگە ئىگە قىلدى، بۇ، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشىمىزغا ۋە غەلىبىنى قولغا

كەلتۈرۈشىمىزگە پايدىلىق.

2. ئىلى، چۆچەك ۋەقەسى ئارقىلىق، بىز شىنجاڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى، سوۋېت مۇھاجىرلار جەمئىيىتى ۋە سوۋېت مۇھاجىرلار مەسىلىسىنى توغرا بىرتەرەپ قىلدۇق. سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسى شىنجاڭدىكى بىر زور مەسىلە ئىدى، جۇ ئېنلەي زۇڭلى ئىلى، چۆچەك ۋەقەسىدىن بۇرۇنلا شىنجاڭدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھىم كۆرسەتمە بەرگەنىدى. جۇ ئېنلەي زۇڭلى شىنجاڭدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسىنى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىپ: شىنجاڭدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسى مۇنداق بەش خىل مۇناسىۋەت بىلەن شەكىللەنگەن، بىرى، تارىخىي مۇناسىۋەت. تارىختا جۇڭگو-سوۋېت چېگرىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاھالىلەر كېلىپ كېتىپ يۈرگەن. بولۇپمۇ 1917-يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر بۆلۈم ئادەم شىنجاڭغا قېچىپ كەلدى، 1933-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى يېزا ئىگىلىكتە كولخوزلاشتۇرۇشنى يولغا قويغاندا يەنە بىر بۆلۈم ئادەم قېچىپ كەلگەن، بۇ مەزگىلدە شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەنلەرمۇ بار. ئىككىنچى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايلىرىدا ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان، بۇ مىللەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئوخشاش مىللەت، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، تىل-يېزىقى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تارىخىي ۋە مىللىي مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن. شىنجاڭلىقلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا دوست-بۇرادەرلىرى كۆپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىلەرنىڭمۇ شىنجاڭدا كۆپلىگەن دوست-بۇرادەرلىرى بار.



تۆتىنچى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت. ئىلگىرى ئىقتىسادىي بېرىش-كېلىش مەۋجۇت ئىدى، ھازىرمۇ مەۋجۇت. بەشىنچى، سىياسىي مۇناسىۋەت. ئازادلىقتىن بۇيان ئىككىلا تەرەپ ماركسىزم، لېنىنىزمچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، 60-يىللارغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىدا شىيۇجېڭجۇيى پەيدا بولغانلىقتىن مەسىلىمۇ مەيدانغا كەلدى. ئەلۋەتتە، بۇ بەش مەسىلە ئىچىدە تۈپ مەسىلە يەنىلا سىياسىي مەسىلە. شۇڭا سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسىنى چوقۇم بىرتەرەپ قىلىش كېرەك، دېگەن. ئارقىدىن، جۇ ئېنلەي زۇڭلى ئەستايىدىللىق بىلەن، شىنجاڭدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىشتىكى فاڭجېن، سىياسەت ۋە كونكرېت چارىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: شىنجاڭدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسىدە ئالتە خىل ئوخشىمىغان ئەھۋال مەۋجۇت، بۇ ئالتە خىل ئوخشىمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن ئوخشىمىغان بىرتەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك: بىرىنچىدىن، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەنلەر. بۇ كىشىلەرنىڭ قولىدا سوۋېت مۇھاجىرلىق كىنىشكىسى يوق، لېكىن ئۇلار شىنجاڭدا تۇرغىلى نەچچە ئەۋلاد بولغان ۋە جۇڭگونىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىنكى تۆت قېتىملىق سايلامغا قاتناشقان، بۇلارنى سوۋېت مۇھاجىرلىرى دەپ قارىماي جۇڭگو پۇقراسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. ئەگەر سوۋېتلىكلەر بۇ كىشىلەرنى سوۋېت پۇقراسى دەپ قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولسا، ۋىلادىۋوستوك، چىتا، بولىدىمۇ كۆپلىگەن جۇڭگولۇقلار بار، ئۇلارنىڭ سانى سوۋېتتىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەنلەردىن ئاز ئەمەس، بىزمۇ ئۇلارنى جۇڭگوغا قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىمىز. ئوخشاش مۇئامىلىدىلا گەپنىڭ ئورنى بولىدۇ، پرىنسىپقا

ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھەقىقىي سوۋېت مۇھاجىرلىرى. سوۋېت مۇھاجىرلىق كېنىشكىسىنى ئالغانلار بىزنىڭ بىلىشىمىزچە 160 مىڭ (زادى قانچىلىك؟ بۇنى تەكشۈرۈپ، تىزىملاپ ئاندىن بىكىتىمىز) بولۇپ، 130 مىڭى قايتۇرۇۋېتىلدى، يەنە 30 مىڭ (6000 ئائىلە) بار. بۇ كىشىلەر قايتىپ كېتىشنى خالىسا، بىز قوشۇلىمىز، قېلىشنى خالىسا، قالسا بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ھەقىقىي روسلار. ئۇلار پراۋوسلاۋىيە دىنىغا تەۋەلەر بولۇپ، ئاتالمىش دۆلەت تەۋەلىكى يوق كىشىلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئامېرىكا بىلەن ئالاقىسى بار، ئامېرىكىنىڭ پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملىرىنى ئالىدۇ، ئىدىيىسى ئىنتايىن جاھىل، ئەكسىيەتچى، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەم جۇڭگوغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرىدۇ، ئۇلار ئامېرىكىغا كېتىشنى خالايدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىشنى خالىمايدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بۇ كىشىلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىنى خالىمايدۇ. بۇ كىشىلەرنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش كېرەك؟ ئۇلارنى ئامېرىكىغا كېتىشكە رۇخسەت قىلساق، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۈزىگىمۇ سەت، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنى خالىمايدۇ؛ ئۇلارنى ئىسرائىلىيە، تۈركىيىگە كەتكىلى قويساق، ئۇلار ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەت قىلىدۇ، بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئوخشاشلا خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنى بىراقلا كەتكۈزمەيلى، ئۇلارنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئامېرىكا بەرگەن پۇل، مېلىنى مۇسادىرە قىلايلى. ئۇلارغا قارىتا بېقىش، باشقۇرۇش، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش چارىسىنى قوللىنايلى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل كىشىلەرنى ئۆزگەرتىش قىيىن، ئەمما، بىز كومپارتىيىلىكلەر بۇ ئىشنى چوقۇم قىلالايمىز. تۆتىنچىدىن، يەرلىك كادىرلار ئىچىدە



سوۋېت مۇھاجىرلىرى بار. بۇ كىشىلەرگە قارىتا، قولغا كەلتۈرۈش، نەسىھەت قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئۇلارنى سوۋېت تەۋەلىكىدىن ۋاز كېچىپ ھەقىقىي جۇڭگو پۇقراسى، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزاسى، جۇڭگو كادىرىغا ئايلاندۇرۇپ، جۇڭگودا ئۇزاق مۇددەت خىزمەت قىلىدىغان قىلىش كېرەك. ئۇلار خالىسا، بىز قارشى ئالىمىز، ئۇلارغا ئىشىنىمىز، بۇرۇنقى ۋەزىپىسىنى بېرىمىز. ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ بىر قېتىملىق نەسىھەتىمىزگە كۆنمىسە، 2-قېتىم، 3-قېتىم نەسىھەت قىلىمىز، يەنە كۆنمىسە، ئۇلارنى چىرايلىق ئۇزىتىپ، يول خىراجىتـــى بېرىمـــىز. ئۇلار چېگرىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ج ك پ ئەزالىقىدىن، جۇڭگو كادىرلىقىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ، بۇرۇنقى ۋەزىپىسىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ، ئەمما مائاشــى جۇڭگودىن ئايرىلغانغا قەدەر بېرىلىدۇ. سوۋېت تەۋەلىكىدىن ۋازكېچىشكە ئۇنىمايدىغان، ئۇزاق مۇددەت جۇڭگودا خىزمەت قىلغان، شۇنداقلا ھازىرلا سوۋېتكە قايتىمەن دېمەيدىغان بىقارارلارغا قارىتا مەلۇم ۋاقىت بېرەيلى، قانچىلىك ۋاقىت بېرىمىز؟ يېرىم يىل، كۆپ بولغاندا بىر يىل ۋاقىت بېرەيلى. ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنى 11 يىل سۆرىدۇق (جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ بۇ قېتىمقى سۆزى 1960-يىلى 9-ئايدا قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭ ئازاد بولغانغا نەق 11 يىل بولغانىدى)، ئەمدى ھەل قىلماسلىق بولمايدۇ. بەشىنچىدىن، ھەربىيلەر ئىچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى كادىرلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پرىنسىپى يەرلىكتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى كادىرلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پرىنسىپىغا ئوخشايدۇ. بەزىلەر يەرلىككە ئالمىشىپ خىــزمەت قىلىشنى خالىسا يەرلىككە ئالماشسا بولىدۇ. ئالتىنچىـــدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى سوۋېت مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى ياكى باشقا

كىشىلەر ئارقىلىق جۇڭگو ئاھالىسى ئىچىدە سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، بۇ قانۇنسىز، بۇنىڭغا يول قويۇلمايدۇ، بۇ خىل ئەھۋال بايقالغان ھامان دوكلات قىلىش كېرەك، توسۇش كېرەك. . . .

قوش دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە كادىر ۋە ئاممىغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى سوۋېت تەۋەلىكىدىن چېكىنىپ، ھەقىقىي جۇڭگو پۇقراسى، جۇڭگو كادىرى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇشقا، ئىككى كېمىگە تەڭ دەسسىمەسلىككە، ئىككى كېمىگە تەڭ دەسسىگەندە جۇڭگو-سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولىدىغانلىقى توغرىسىدا قايىل قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەش كېرەك، دېگەن.

ئىلى، چۆچەك ۋەقەسىدىن بۇرۇن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئەستايىدىل خىزمەت ئىشلىگەنىدى ھەمدە: سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىشنىڭ خاراكتېرى جۇڭگولۇقلار بىلەن چەت ئەللىكلەرنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئايرىش مەسىلىسى، ئۇنى مىللىي مەسىلە دەپ قاراشقا بولمايدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. شىنجاڭدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى ئىچىدە ج ك پ ئەزالىرى ۋە كادىرلار بار ئىدى، بۇ ئەھۋالنى تارىخ كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىلگىرى سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىنماي سۆرىلىپ كېتىشىدە دەل مۇشۇ مەسىلە سەۋەبلىك ئىدى. سوۋېت مۇھاجىرلىرى ئىچىدىكى ج ك پ ئەزالىرى، كادىرلار مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن بىرتەرەپ قىلىندى. بۇ مەسىلىدە مەيدان ئېنىق بولۇشى كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ پارتىيىسى ئىچىدە باشقا بىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، يەنە بىر



دۆلەتنىڭ پۇقراسىنى كادىر قىلمايدۇ، باشقا دۆلەتلەردە شۇنداق، جۇڭگودىمۇ ھەم شۇنداق، بۇ پرىنسىپلىق مەسىلە. ئىلگىرى بىز شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئەھۋالىغا ئېتىبار بەردۇق، ئەمما، بۇ خىل ئېتىبارنىڭ ۋاقتى بەك ئۇزىراپ كەتتى، ئەمدى بىرتەرەپ قىلىنمىسا بولمايدۇ. سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك، قوش دۆلەت تەۋەلىك مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىش كېرەك، ياكى جۇڭگولۇق بولۇشى ياكى سوۋېتلىك بولۇشى كېرەك. بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى ئىچىدىكى ج ك پ ئەزالىرى ۋە كادىرلار مەسىلىسى ھەل قىلىندى، بولۇپمۇ قوش دۆلەت تەۋەلىكىدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ياخشى بىر تەرەپ قىلىندى. ئەمما، بىر قىسىم قوش دۆلەت تەۋەلىكىدىكى ج ك پ ئەزالىرى، كادىرلار يەنىلا ئارسالدى بولۇپ كۈتۈپ تۇردى. بۇ گەرچە ئىنتايىن ئايرىم ئەھۋال بولسىمۇ، يەنىلا دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك چوڭ مەسىلە ھېسابلىناتتى.

ئىلى، چۆچەك ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەركەز بۇ توغرىدا ئېنىق فاڭجېن ۋە كونكرېت تەدبىر قوللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوممۇ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، داۋاملىق خىزمەت ئىشلەپ، شىنجاڭدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسىنى بىرقەدەر ئۇزۇل-كېسىل ھەل قىلغان بولدى. ئۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا زادى قانچىلىك سوۋېت مۇھاجىرى بارلىقى توغرىسىدا، ئىلى رايونلۇق پارتكومنىڭ مۆلچەرىچە، ئىلى ئوبلاستىدا يەنە 6000 دىن ئارتۇق سوۋېت مۇھاجىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قوشقاندا 90 مىڭ ئەتراپىدا بار ئىدى. شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا كۆپ بولمىسىمۇ ئاندا-ساندا بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شىنجاڭدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسىنى

بىرتەرەپ قىلىش پوزىتسىيىسى قەتئىي بولدى ۋە مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: 1) ئالدى بىلەن ئىلى ئوبلاستىدىكى 30 مىڭ ئادەمنى نەسىھەت قىلىپ يولغا سېلىۋېتىش، كەتكۈسى يوقلارنىمۇ ئامال قىلىپ كەتكۈزىۋېتىش. 2) ئۆزلىرىنى سوۋېت مۇھاجىرى دەپ، قولىدا قانۇنسىز پاسپورتى بارلار، دۆلىتىمىزدە تۇرۇش كېنىشكىسى يوقلارغا قارىتا، مەركەزنىڭ فاڭجېنى-كېتىشنى تەلەپ قىلغانلارنى تەستىقلاش، ئەمما، ئۇنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش. 3) جۇڭگولۇقلاردىن سوۋېتكە كېتىشنى تەلەپ قىلغانلارغا، ئالدى بىلەن ئۇلارنى كەتمەسلىككە نەسىھەت قىلىش، خۇددى جۇ ئېنلەي زۇڭلى ئېيتقاندەك، قايتا-قايتا نەسىھەت قىلسىمۇ قايىل بولمىغانلارنى ئېلىپ قىلىشنىڭمۇ پايدىسى يوق، ئەكسىچە يەنە يامانغا ئايلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كېتىشىنىمۇ تەستىقلاش. ئومۇمىي تەلەپ-سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش ئىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بىر نەچچە جۇڭگولۇق ئار ق چىقىپ كەتسىمۇ ئەرزىيتتى. ئەمما، قانچە ئاز بولسا شۇنچە ياخشى. بىراق جۇڭگولۇقلار كۆپ چىقىپ كېتىپ، ئەكسىچە سوۋېت مۇھاجىرلىرى قېلىپ قالسا، بۇنىڭغا روخسەت قىلىنمايدۇ.

1962-يىلى 11-ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى شيۇجېڭجۇيىچىلارغا قارشى كۈرەش باسقۇچىغا قەدەم قويدى ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، بىرىنچىدىن، كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىدە ماركسىزم، لېنىنىزم بىلەن شيۇجېڭجۇيىنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيە تەشكىلى ۋە كادىرلار قوشۇنىنى پاكلاشتۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى پارتىيىگە، رەئىس ماۋ زېدۇڭغا سادىق، يەنى پرولېتارىياتقا،



ماركسىزم، لېنىنىزمغا سادىق يولداشلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يەردە يەنە، شىنجاڭدىكى پارتىيە تەشكىلىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدىكى سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى پارتىيىمىزنىڭ ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىدىكى مۇھىم كۆۋرۈك، بىزنىڭ شيۇجېڭجۇيىچىلار بىلەن كۈرەش قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشىشىمىزدىكى تۈپ شەرت. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ياخشى، پارتىيىگە سادىق. شۇ چاغدا تارىخىي ئەھۋال تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ج ك پ ئەزالىرى، كادىرلىرى ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھاجىرلىق كېنىشكىسى ئالغانلارمۇ بار ئىدى، بۇ شۇ تارىخىي ئەھۋالدا پەيدا بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان كادىرلار، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھاجىرلىق كېنىشكىسىنى تاپشۇرۇپ، ھەقىقىي جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، ھەقىقىي پارتىيىنىڭ كادىرىغا ئايلاندى. بۇ يولداشلارنىڭ ئىپادىسى ياخشى، پارتىيە ئۇلارغا ئىشىنىدۇ. ئەمما، قىسمەن ساندىكى يولداشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا خىروشېف شيۇجېڭجۇيىچىلىرى پەيدا بولۇپ، ماركسىزم، لېنىنىزم بىلەن شيۇجېڭجۇيى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش بولىۋاتقاندا، ماركسىزم، لېنىنىزم تەرەپتە تۇرۇپ مەركىزىي كومىتېت،

رەئىس ماۋ زېدۇڭغا ئەگىشىش ياكى شيۇجېڭجۇيى تەرەپتە تۇرۇپ خرۇشىۋغا ئەگىشىش، ھەقىقەتەن جىددىي قاراشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە ئىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئەزەلدىن خاتالىق ئۆتكۈزگەن يولداشلارغا قارىتا «ئۆتمۈشتىكىدىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش» فاڭجېنىنى قوللىنىپ، پارتىيىگە سادىق ۋە راستچىل بولسىلا، خاتالىقىنى تونۇپ، مەسىلىنى تاپشۇرسىلا ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. شيۇجېڭجۇيىغا قارشى كۈرەشتىمۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خاتالىق ئۆتكۈزگەن يولداشلارغا قارىتا يەنىلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئۆتمۈشتىكىدىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش» فاڭجېنىنى ئىجرا قىلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تېخىمۇ كەڭ سىياسەتنى قوللاندى. ج ك پ ئەزالىرى، كادىرلار ئىچىدىكى سوۋېت پۇقرالىرىغا قارىتا جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش، نەسىھەت قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. شۇ تەرىقىدە ج ك پ ئەزالىرى، كادىرلار ئىچىدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاخبارات خىزمىتى ئىشلىگەنلەرگە قارىتا، مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سىياسىتى تېخىمۇ كەڭ بولدى. مەركەز: بۇ مەسىلىنى توغرا تەھلىل قىلىش، ئوخشىمىغان مەزگىلدىكى ئەھۋالغا قارىتا پەرقلىق مۆلچەر قىلىش، پەرقلىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاخبارات خىزمىتى ئىشلەش توغرا ئىدى، چۈنكى بىز



ئۇ چاغدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە جاھانگىرلارغا تاقابىل تۇرۇۋاتاتتۇق. شۇڭا، سوتسىيالىزمغا پايدىلىق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەھۋالنىمۇ پەرقلەندۈرۈش لازىم. رەئىس ماۋ زېدۇڭ «چەت ئەلگە باغلانغان» دېگەن سۆزنى قىلىشتىن بۇرۇن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاخبارات خىزمىتى قىلغانلارنى كەچۈرۈۋېتىشكە بولاتتى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ بۇ مەسىلىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، يەنە چەت ئەلگە باغلىنىش مەسىلىسى بولسا، بۇ خاتا بولاتتى؛ بولۇپمۇ بۇخارىست يىغىنىدىن كېيىن، ھەر قانداق كىشىدە بۇنداق خاتالىق يۈز بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمايتتى؛ ئىلگىرى مۇشۇنداق مەسىلىسى بارلارمۇ پارتىيىگە ئوچۇق تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. 1962-يىلى 11-ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا شيۇجېڭجۇيىغا قارشى كۈرەش قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى 1963-يىلى 4-ئايدا ئېلان قىلغان رەسمىي بۇيرۇقىدا چەت ئەلگە باغلىنىش مەسىلىسى توغرىسىدا تېخىمۇ ئېنىق ۋە كونكرېت سىياسەت بەلگىلىدى. ئەلۋەتتە، شۇنى قەتئىي كۆرسىتىش كېرەككى، چەت ئەلگە باغلىنىش-پارتىيىگە، دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي قىلمىش بولۇپ، چەت ئەلگە باغلىنىشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشى شىنجاڭدا شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ چەت ئەلگە باغلىنىش توغرىسىدىكى سىياسىتىدە تېخىمۇ كەڭ پرىنسىپ بەلگىلەندى. ئاساسىي ھەل قىلىش سىياسىتى: ئىلگىرىكىگە كەڭچىلىك قىلىش، كېيىنكىگە قاتتىق بولۇش؛ ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، قارشىلىق قىلغانلارنى قاتتىق

جازالاش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كەڭچىلىك قىلىش، خەنزۇلارغا قاتتىق بولۇش؛ باشقىلارنى پاش قىلىشتا تۆھپە كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش ئىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى بۇيرۇقىدا يەنە ئېنىق قىلىپ: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى بۇ بۇيرۇقنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن چەت ئەلگە باغلىنىش خاتالىقىنى ئۆتكۈزگەنلەر مەسىلىسىنى ئۇزۇل-كېسىل تاپشۇرۇپ، چىن كۆڭلىدىن ئۆزگىرىپ، قايتا خاتالىق سادىر قىلماسلىقتا كاپالەتلىك قىلسا كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؛ قارشىلىق قىلىپ ئىقرار قىلمىسا ياكى يالغان ئىقرار قىلسا ياكى بىر قىسمىنى ئىقرار قىلىپ، مۇھىم قىسمىنى قالدۇرۇپ، يوشۇرۇپ قالغانلار قاتتىق بىرتەرەپ قىلىنىدۇ؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى بۇ بۇيرۇقنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، يەنىلا چەت ئەلگە باغلىنىش خاتالىقىنى سادىر قىلسا بىردەك نەق ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت بىلەن قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەپ، شىنجاڭدىكى چەت ئەلگە باغلىنىش مەسىلىسىنى توغرا بىرتەرەپ قىلدى.

شۇ چاغدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەركەزنىڭ 1962-يىلى 5-ئاينىڭ 14-كۈنى ئېلان قىلغان: «شىنجاڭدىن چەت ئەلگە قاچقان ۋە كېچىپ كەلگەن خادىملارنى بىرتەرەپ قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى كۆرسەتمە» ۋە «سوۋېت مۇھاجىرلار جەمئىيىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا قارىتا قوللىنىلغان فاڭجېن، ئۇسۇل توغرىسىدىكى كۆرسەتمە»گە ئاساسەن، سوۋېت مۇھاجىرلار جەمئىيىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرتەرەپ قىلدى. سوۋېت مۇھاجىرلار جەمئىيىتىگە قارىتا،



مەركەزنىڭ فاڭجېنى: بىرىنچى قەدەمدە ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى چەكلەش، ئىككىنچى قەدەمدە ئەمەلدىن قالدۇرۇش بولدى. كۆپلىگەن پاكىت، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلخانىلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان سوۋېت مۇھاجىرلار جەمئىيىتى ئارقىلىق شىنجاڭغا قارىتا بىر قاتار ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلارنىڭ چېگرا ئاھالىلىرىنى چەت ئەلگە قېچىشقا قۇترىتقۇلۇق قىلىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىشى، جۇڭگوغا قارشى ھەرىكىتى تېخىمۇ غالجىرلاشقانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلخانىلىرى ئەمەلىيەتتە دۆلىتىمىز چېگرا ئاھالىلىرىنى چەت ئەلگە قېچىشقا قۇترىتقۇلۇق قىلىش ۋە غۇلجا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلىڭىغا قوماندانلىق قىلىش شتابىغا ئايلانغانلىقى ھەمدە سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىدىكى ئاۋانگارتى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى: ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئەلۋەتتە ئۇلارنى دەرھال چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا تولۇق ئىسپات بولالاتتى. بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ تېزلىكتە ئىنكاس قايتۇردى ھەمدە كونسۇلخانىلىرى ۋە باشقا ئورگانلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىدى. شۇ تەرىقىدە سوۋېت مۇھاجىرلىرى مەسىلىسى ۋە سوۋېت كونسۇلخانىسى مەسىلىسى مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىنىپ، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىستېھكامىمۇ ئۇزۇل-كېسىل بىتچىت قىلىندى.

3. بۇ قېتىمقى ئىلى، چۆچەك ۋەقەسى ئارقىلىق، بىز چېگرا

مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭدا چېگرا بار، مۇداپىئە ئاجىز بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلدۇق. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇزۇندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى ھەقىقەتەن ئاجىز ئىدى. بۇ قېتىمقى ئىلى، چۆچەك ۋەقەسىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى زور دەرىجىدە كۈچەيتىلىپ، ئىلگىرىكى چېگرا بار، مۇداپىئە ئاجىز بولۇش ئەھۋالى تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى. سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى بىزنىڭ چېگرا ئاھالىمىزنى چەت ئەلگە قېچىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دەرھال تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك تەدبىرنى قوللىنىشنى قارار قىلدى: بىرى، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى كۈچەيتىپ، چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرىنى كۆپەيتىپ دائىملىق چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش؛ يەنە بىرى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى كۈچىنى كۈچەيتىپ، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا ماسلىشىپ، چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش، بىڭتۇەن يەنە چېگرا ئاھالىلىرى چەت ئەلگە قاچقاندىن كېيىن ئىگىسىز قالغان تېرىلغۇ يەر، چارۋا ۋە مال-مۈلۈكنى ۋاكالىتەن تېرىيدۇ، باقىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ. سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ بىزگە قارىتا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىنىڭ يەنە بىر مەقسىدى-بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، قىيىنچىلىقىمىزنى ئېغىرلىتىش ئىدى. شۇڭا، بىڭتۇەن «ئۈچنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش»نى ياخشى ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى زىيانغا ئۇچراتماي، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش، چېگرا مۇداپىئە بەلۋىغى شەكىللەندۈرۈپ ھەربىي قىسىملار، خەلق ئەسكەرلىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ چېگرا



مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

1962-يىلى 5-ئاينىڭ ئاخىرىدا، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن چېگرا ئاھالىمىز كۆپلەپ چەت ئەلگە قاچقاندىن كېيىن، داۋاملىق چەت ئەلگە قاچقانلار قارشى تەرەپتىن توسۇۋېلىنىپ قايتىپ كېلىشتەك يەنە بىر يېڭى ئەھۋال كۆرۈلدى. شۇ چاغدا ئىلىدىن 1000 نەچچە ئادەم، تارباغاتايدىنمۇ نەچچە يۈز ئادەم قايتىپ كەلدى. شيۇجېڭجۇيىچىلار نېمىشقا مۇنداق ۋاستە قوللىنىدۇ؟ مەقسىدى نېمە؟ بۇ توغرىلىق مۇھاكىمە يۈزگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ مۇنداق قىلىشى ھەرگىزمۇ دوستلۇق ياكى بىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسى ئۈچۈن، بۇنىڭغا قارىتا ھەرگىزمۇ خام خىيالدا بولۇشقا بولمايدۇ، چوقۇم ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سوۋېت تەرەپتىن قايتۇرۇۋېتىلگەنلەرنى مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قاتتىق تىزىملاپ، تەكشۈرۈپ ۋە ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەش، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، نېمە ئۈچۈن قاچقانلىقىنى، سوۋېتكە بارغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى ۋە نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق سوراپ، خاتالىقىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىش. ئەمما، بۇلار ئىچىدە كۆرەش ئېلىپ بارماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ چەت ئەلگە قېچىش قىلمىشى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش ھەرىكىتى بولسىمۇ، ئۇلاردا خاتالىق بار بولسىمۇ، ئەمما، بۇ يەنىلا شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ جىنايىتى، شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشىنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ قېتىمقى چەت ئەلگە قېچىش ئاممىۋىلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى باشلامچى، بۇزۇق ئۇنسۇرلار ۋە باشقا ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىش

كېرەك، ئەمما زەربە بېرىشنى كېيىنكى باسقۇچقا قالدۇرۇپ، بۇ ئىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك. ئالدىراپ كەتكەندە قايتىپ كەلگەن ئاممىنى تىنچلاندۇرۇشقا پايدىسىز بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەھۋال تېخى ئېنىق بولمىغاچقا، زەربە بېرىشكە تېگىشلىكلەرگە زەربە بېرىلمەي، زەربە بېرىشكە تېگىشلىك ئەمەسلەرگە زەربە بېرىلىپ خاتالىق سادىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. نەق بۇزغۇنچىلىق قىلمىشى ئۆتكۈزگەنلەرگە دەرھال زەربە بېرىش، قايتىپ كەلگەنلەر ئىچىدىكى ج ك پ ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرىنى دەرھال پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلىدىن چىقىرىش، كېيىنكى ئىپادىسى ھەقىقىي ياخشى بولغانلار، چىن كۆڭلىدىن پۇشايمان قىلىپ ئۆزگىرىش ياسىغانلارنى مەلۇم مەزگىل سىناپ ئاندىن قايتا پارتىيىگە، ئىتتىپاققا قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. قايتىپ كەلگەنلەر ئىچىدىكى كادىرلارنىڭ بىردەك سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش، ج ك پ ئەزاسى، ئىتتىپاق ئەزاسى، كادىرلارنى بىرتەرەپ قىلىشنىمۇ ۋاقتىنچە كەينىگە سۈرۈش، قايتىپ كەلگەنلەر ئالدى بىلەن ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇلۇپ، ئاندىن تۇرىدىغان جايىنى تەڭشەش. تەڭشەشتە ئەسلى تۇرۇشلۇق جايىغا قايتىش مۇۋاپىق بولمىغانلىرىنى مۇۋاپىق بولغان جايلارنى تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇش. كونكرېت تەڭشەش لايىھىسىنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار بىڭتۇەن بىلەن ئورتاق مۇزاكىرىلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بېكىتىشىگە سۇنۇش. بىڭتۇەن ئامما چەت ئەلگە قاچقان جايلاردا «ئۇچىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش» خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشى، بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقى لازىم. چەت ئەلگە قاچقانلار مەيلى قايتىپ كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن، «ئۇچىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش» خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى زىيانغا



ئۇچراتماسلىقى لازىم. بىڭتۇەن چېگرا جايلاردا بىر تۇركۇم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇناسىۋەتلىك جايلار ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ مۇزاكىرىسىدىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقىدىن كېيىن ئىجرا قىلىشى كېرەك.

شىنجاڭ ۋەتەننىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شىيۇجېڭجۇيىغا قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى ئىستېھكامى. بۇ جايدا، چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. چېگرىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىنى قوغداش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى شىنجاڭدىكى قىسىملارغا يۈكلىگەن مۇقەددەس ۋەزىپە. بىزنىڭ شىنجاڭدىكى قىسىملىرىمىز چېگرىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاش بىلەن بىرگە، زور كۈچ سەرپ قىلىپ چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، چېگرا مۇداپىئە ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچەيتىپلا قالماي، يەنە قاراۋۇلخانا، يول، ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرى قاتارلىق مۇھىم ئەسلىھەلەرنى قۇردى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسىدى، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بىڭتۇەن شىنجاڭنىڭ چېگرا جايلىرىدا 30 دىن ئارتۇق چېگرا دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ، ياخشى بىر چېگرا مۇداپىئە بەلۋىغى شەكىللەندۈرۈپ، مۇھىم رول ئوينىدى. بىڭتۇەننىڭ

تەجرىبىسىگە ئاساسەن، كۆچۈپ كەتكەن چېگرا ئاھالىسى پرىنسىپ جەھەتتە ئەسلىدىكى ئورنىغا كۆچۈرۈپ كېلىنمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن چېگرا ئاھالىسىنى ئىچكى جايلارغا يۆتكەش چارىسى قوللىنىلمىدى. بىڭتۇەننىڭ چېگرا دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا سىياسىي رەھبەرلىك ۋە سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، مىللىي سىياسەتنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش تەكىتلەندى، ئاممىۋى خىزمەت يەنىمۇ ياخشى ئىشلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇش تەشەببۇس قىلىندى، بىڭتۇەننىڭ چېگرا دېھقانچىلىق مەيدانىنى ھەقىقىي ياخشى باشقۇرۇپ، بىڭتۇەن چېگرا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ چېگرىنى قوغداش ۋە چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم رولى جارى قىلدۇرۇلدى. شىنجاڭدىكى خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، چۈنكى، ئۇ شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم كۈچ ئىدى. ئۇزۇندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى خەلق ئەسكەرلىرى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئويناپلا قالماي، يەنە شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە كۈرىشىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. شىنجاڭدا يوشۇرۇن چېگرىدىن كىرىپ-كېتىپ يۈرگەن كۆپلىگەن ئىشپىيونلار، قانۇنسىز چېگرىدىن ئۆتكەنلەر ۋە باشقا بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىدىن بولغان خەلق ئەسكەرلىرى تۇتۇۋالغانىدى. بۇ ئىنتايىن كۈچلۈك پاكىت، يەنى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە كۈرىشىدە ھەربىي كۈچ، بىڭتۇەننىڭ كۈچى، ھەر مىللەت خەلقىدىن بولغان خەلق ئەسكەرلىرى كۈچىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل كۈچ شەكىللەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي ۋە بىڭتۇەننىڭ كۈچى تايانچ ئورۇندا بولسىمۇ، ئەمما، خەلق



ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچىگە تايانمىغاندا چېگرا مۇداپىئە كۈرىشىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە كۈرىشىنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئارمىيە ۋە بىڭتۇەننىڭ تايانچ كۈچى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تايانچ كۈچى بىلەن زىچ بىرلەشكەنلىكى ئۈچۈن چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولۇپ، ئىشپىيونلار ۋە قانۇنسىز چېگرىدىن ئۆتكۈچىلەر قېچىپ قۇتۇلالمىدى، بۇ جەھەتتىكى مىساللار خېلى كۆپ.

4. بۇ قېتىمقى ئىلى، چۆچەك ۋەقەسى ئارقىلىق، خەلقنىڭ تۇرمۇشى داۋاملىق تەرتىپكە سېلىنىپ، تۇرمۇش مەسىلىسى يەنىمۇ ياخشى ھەل قىلىندى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شۇ چاغدا شىنجاڭدا خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشقا شارائىت بار ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، شىنجاڭدىكى ئاشلىق ئۆزىمىزگە يېتىپ ئاشاتتى، ئامباردا ئارتۇق ئاشلىق بولۇپلا قالماي، بىر قىسىم ئاشلىقنى يۆتكەپ قېرىنداش ئۆلكىلەرگە ياردەم قىلدۇق. خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا ساقلانغان قىيىنچىلىقنى ئامالنىڭ بېرىچە ھەل قىلدۇق. ئامما تۇرمۇشىدا ساقلانغان قىيىنچىلىقلارنى پۈتۈنلەي ھەل قىلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس، بۇنى ئاممىغا ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك. چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاشلىق ئۆلچىمىنى 25 جىڭغا كۆتۈرۈش تامامەن مۇمكىن؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قالدۇرۇق چارۋىنىڭ ئۆلچىمىنى كەڭراق قىلىشقا بولىدۇ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ قالدۇرۇق چارۋىسى ھېسابىدا ئىككى سۇت كالىسى بېرىشكە، مىنىدىغان ئېتى يوقلارغا ئات ھەل قىلىپ بېرىشكە بولىدۇ. يەيدىغان گۆش مەسىلىسىدە تىرىك چارۋا تارقىتىپ ئۆزلىرى بىرتەرەپ قىلسا بولىدۇ. بۇ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتمەيلا قالماستىن، يەنە چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چارۋىچىلىق رايونلىرىغا كېرەكلىك رەختنى ئامال بار كۆپرەك

تارقىتىش، يۇڭنى كۆپرەك ئېلىپ قېلىپ ياخشىراق پىششىقلاپ ئىشلەش، تېرە ئاز بولغاچقا، ئۆتۈكنى يىلغا بۆلۈپ ھەل قىلىش، چاي بىلەن شېكەرنى كۆپرەك تەمىنلەش كېرەك. شىنجاڭدا «دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقتىدا كۆپ يېيىش، بوش ۋاقتىدا ئاز يېيىش» چارىسىنى كېڭەيتىشكە بولمايدۇ. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە «دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقتىدا كۆپ يېيىش، بوش ۋاقتىدا ئاز يېيىش» چارىسىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە يىل بويى مېۋە، كۆكتات كۆپ، ئەمما شىنجاڭدا دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلى دەل مېۋە، كۆكتات مول بولغان ۋاقىت، بۇ ۋاقىتتا ئاشلىق ئازراق بولسىمۇ كېرەك يوق، مېۋە ۋە كۆكتات بىلەن تولۇقلاشقا بولىدۇ، ئەمما، دېھقانچىلىقنىڭ بوش مەزگىلى بولغان 12 ـ، 1ـ ئايلار دەل مېۋە، كۆكتات ئۈزۈك مەزگىل بولۇپ، ئاشلىقنىڭ ئۆلچىمىنى بەك تۆۋەن قىلىۋەتكەندە ئاسانلا مەسىلە يۈز بېرىدۇ، بۇ نۇقتىنى چوقۇم ياخشى ئىگىلەش لازىم.

5. بۇ قېتىمقى ئىلى، چۆچەك ۋەقەسى ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى بىزنىڭ سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىمىزدىكى توپ كاپالەت. بۇ قېتىم سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ بىزگە قارىتا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىكى مۇھىم بىر مەقسىدى-ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش ئىدى. بىرىنچىدىن، ئۇلار مىللىي زىددىيەتنى پەيدا قىلىپ ۋە كېڭەيتىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى. ئىككىنچىدىن،



دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، شۇ تەرىقىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مەھسۇلات كېمىيىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىمىز ئېغىرلاشتى. مۇشۇ ئارقىلىق ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزگە بولغان نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئاممىنى ئىش تىرىشىغا قۇتراتقۇلۇق قىلدى. سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ بىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىكى توپ مۇددىئاسى-قېرىنداش مىللەتلىرىمىزنى سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى تەرەپتە تۇرۇپ، بىزنىڭ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزگە قارشى تۇرغۇزۇش ئىدى. شۇڭا، بىز ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنى يېتىم قالدۇرۇشىمىز ھەم ئۇنىڭغا زەربە بېرىشىمىز لازىم. بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، پارتىيىمىزنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى ۋە بىرلىك سەپ سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىللەت، دىن، بىرلىك سەپ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ياخشى تەكشۈرۈپ، كەمچىلىك، خاتالىقلارنى تۈزىتىشىمىز، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر، چېگرا رايونىغا ياردەمگە كەلگەن ياشلار، تۇراقسىزلار ئىچىدىكى خەلق كوممۇناسى ئەزالىرىنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز قىلغانلارغا زىياننى قەتئىي تۆلەتكۈزۈش، بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭغا ئاجرىتىپ بەرگەن 10 نەچچە

مىليون يۇەننى جايلارغا ۋاقتىدا تارقىتىپ، كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش لازىم. تۇراقسىزلارنى ئايرىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، خەلق كوممۇنالىرىغا قايتا ئورۇنلاشتۇرماسلىق، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە چېگرا رايونغا ياردەمگە كەلگەن ياشلارنىمۇ خەلق كوممۇنالىرىغا ئورۇنلاشتۇرماي، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ، شۇ مەيدانلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ئىككىنچى، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتىگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. ئۈچىنچى، ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مول ھوسۇل ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مول ھوسۇل ئالغان ئاساستا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئازراق بولسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. بۇ بىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا قارشى تۇرۇشىمىزدىكى ئەڭ ئاساسلىق ھالقا ھېسابلىنىدۇ. كۆپلىگەن پاكىتلار، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق كۈرىشىنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. 1962-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى كۈرەشتە، شىنجاڭدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلدى. بۇ قېتىمقى



كۈرەشتىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىزمنى، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىيىسىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

6. بۇ قېتىمقى ئىش، چۆچەك ۋەقەسى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. بىرىنچى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىزگە، شىنجاڭغا ئاساسلىق خەۋپ سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىدىن كېلىدۇ، شيۇجېڭجۇيىچىلارغا قارشى تۇرۇش شىنجاڭنىڭ باش مۇھىم ۋەزىپىسى، دەپ كۆرسەتكەن. شىنجاڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ھەمدە باشقا جەھەتلەردە شيۇجېڭجۇيىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئىككىنچى، شىنجاڭ رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆرسەتمىسىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، شيۇجېڭجۇيىغا قارشى كۈرەشتە پارتىيىنىڭ بىر مەنبەلىك رەھبەرلىكىنى باشتىن-ئاخىر يولغا قويدى. شىنجاڭدىكى شيۇجېڭجۇيىغا قارشى كۈرەش ھەربىي كۈرەش بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە بىر ئىقتىسادىي، سىياسىي، دىپلوماتىيە ھەمدە باشقا تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈرەش. پەقەت پارتىيىنىڭ بىر مەنبەلىك رەھبەرلىكىنى يولغا قويۇپ، يۈكسەك مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، چېچىلاڭغۇلۇققا قارشى تۇرۇپ، بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە توپلاپ كۈرەش قىلغاندىلا، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، پارتىيىنىڭ بىر مەنبەلىك رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت ئېسىل ئىستىلنى مەڭگۈ ساقلاپ قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، يەرلىك پارتكوملار ھەربىي خىزمەتكە

بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، قەلەمنىلا تۇتۇپ ئەلەمنى تۇتمايدىغان، پۇل ئىشلىشنىلا بىلىپ قورال ئىشلىشنى بىلمەيدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئازادلىقتىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئېنىق قىلىپ: ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننىڭ 1-شۇجىلىرى بىردەك يەرلىك ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدۇ، دەپ بېكىتىشى، يەرلىك پارتكوملاردىن ھەربىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئىدى. 60-يىللاردا، مەركەزدە ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننىڭ 1-شۇجىلىرى قاتناشقان يىغىندا، رەئىس ماۋ زېدۇڭ تەنقىد قىلىپ: يەرلىك پارتكوملار قەلەمنىلا تۇتۇپ ئەلەمنى تۇتمايدۇ، پۇل ئىشلىشنىلا بىلىپ قورال ئىشلىشنى بىلمەيدۇ، سىياسىي كومىسسار ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماي، نامدىكى سىياسىي كومىسسار بولۇپ قالدى، دېگەن. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ تەنقىدى پۈتۈن مەملىكەتكە، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ شيۇجېڭجۇيىغا قارشى كۈرىشىگە ئىنتايىن پايدىلىق بولدى، ۋاقتىدا بولدى ھەم توغرا بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1-شۇجىلىقىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئۆتەپ كېلىۋاتقان يولداش ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارلىقى، پارتكومنىڭ 1-شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەپلا قالماي، يەنە شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىدى. شىنجاڭنىڭ يەرلىك خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىپلا قالماي، يەنە شىنجاڭنىڭ ھەربىي خىزمىتىگىمۇ رىياسەتچىلىك قىلدى، شىنجاڭنىڭ ھەربىي خىزمىتىگە ھەقىقىي قاتناشتى ۋە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ شىنجاڭدىكى ھەربىي خىزمەتنىڭ ئەمەلىي رەھبىرى بولۇپ، ھەرگىزمۇ نامدىكى سىياسىي كومىسسار ئەمەس ئىدى.



ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەربىي خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلغان يەرلىك رەھبىرىي يولداشلار مەملىكەت بويىچىمۇ ئاز تېپىلىدۇ. شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ يەنە شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى فرونتى. شۇڭا، مەركىزىي كومىتېت، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنى ئۇزۇن مۇددەت مەملىكەت بويىچە چوڭ ھەربىي رايونلارنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتتى، يولداش ۋاڭ ئېنماۋمۇ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ باش قوماندانلىق، سىياسىي كومىسسارلىق ۋەزىپىسىنى ھەم پارتكومنىڭ 1-شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەپ كەلدى. بۇ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەقىقەتەن مۇشكۈل ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈردى ھەم يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشىمۇ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى شيۇجېڭجۇيىغا قارشى كۈرەشتە بىر مەنبەلىك رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك، دېگەن يېتەكچى ئىدىيىسىنىمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بەردى. ئۇزۇندىن بۇيان، يولداش ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭدا يەرلىك خىزمەت ئىشلەش داۋامىدا مول تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ، شىنجاڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان رەھبەر بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، مول تەجرىبىلەر ھاسىل قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى دېگەن نامغا مۇناسىپ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەنقىدىنى ئىنتايىن سەممىيلىك بىلەن قوبۇل قىلدى، يەرلىك پارتكومنىڭ قەلەمنىلا تۇتۇپ ئەلەمنى تۇتماسلىق، پۇل ئىشلىشنى بىلىپ قورال ئىشلىشنى بىلمەسلىكتەك

خاتالىقىنى جىددىي، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ۋە ئۇ خىل خاھىشنى يېڭىپ، ھەربىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئالدى بىلەن ھەربىي خىزمەتنى دائىم مۇزاكىرە قىلىپ، ھەمدە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ شيۇجېڭجۇيىغا قارشى كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسىدىكى ھەربىي خىزمەتكە دائىر كۆرسەتمىسىنى ئىجرا قىلىپ، شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي تەييارلىق كۆردى. شيۇجېڭجۇيى نەدىن ھۇجۇم قىلسا شۇ يەردە يوقىتىپ شيۇجېڭجۇيىغا قارشى ھەربىي كۈرەشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان قىلدى.

7. يېڭى كۈرەشتىن ھۇشيار بولۇش كېرەك

ئۇزاق مەزگىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ 80-يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر شىنجاڭدىكى ئاساسلىق خەۋپكە ئايلاندى. ئۇلار: بۆلگۈنچىلىك قىلىش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋە خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم پروگراممىسى قىلدى. ئۇلارنىڭ جىنايى مەقسىدى-شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن بۆلۈپ چىقىپ، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرماقچى. بۇ ئەمەلىيەتتە، بارلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. قىسقىسى، بىز بارلىق يامان ئەھۋاللارنى مۆلچەرلەپ، ئەڭ يامان ئەھۋال بويىچە تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم، مۇشۇنداق قىلساقلا، دۆلەتنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا



قارىتا ئېلىپ بارغان ھەرقانداق شەكىلدىكى ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى بىت-چىت قىلالايمىز.

(ئۆز ۋاقتىدىكى خاتىرىسىگە ئاساسەن رەتلەنگەن)

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى)

تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى

# 1966-يىلىدىكى ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋەقەسى توغرىسىدا

ۋاڭ گاڭلوڭ

1966-يىلى 12-ئاينىڭ 19-كۈنى، ئۈرۈمچىدە زور كۆلەمدىكى ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ ۋەقە شىنجاڭنى، جۈملىدىن پۈتۈن مەملىكەتنى زىل-زىلىگە سالدى، مەركەزنى، گوۋۇيۈەننى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنى چۆچۈتىۋەتتى. جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ بىۋاسىتە ئارىلىشىشى بىلەن بۇ ئىش ئاندىن بېسىقتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى، مېنىڭچە يېزىش كېرەك. چۈنكى، ئۇمۇ بىر تارىخ، تارىخنىڭ بىر تامچىسى، بۇ بىر تامچە كەم بولۇپ قالسا بولمايدۇ، بولمىسا بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولۇپ قالىدۇ. . . .

40 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، شۇ دەۋرنىڭ كىشىلىرى قېرىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇ دەۋردىكى ۋەقەلەرنى ھازىردىن باشلاپ خاتىرىلەپ قالدۇرمىساق ياخشى پۇرسەتتىن ئايرىلىپ قالىمىز. 1966-يىلى مەن 24 ياشتا بولۇپ، قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ بىڭتۇەنگە كەلگەنىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ شۇ دەۋردە بىۋاسىتە ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىمنى يېزىپ كېيىنكىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا قالدۇرۇشنى لايىق تاپتىم.



## 1. ئاچلىق ئېلان قىلىشنىڭ سەۋەبى

1966-يىلى 12-ئاينىڭ 18-كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرى، ئورگان ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرى، بىڭتۇەن تېببىي ئىنستىتۇتى «شەرق قىزاردى» كوممۇناسى، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى قىزىل قوغدىغۇچىلار چوڭ ئەترىتىنىڭ ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرى قاتارلىق يەتتە ئورۇننىڭ باشلامچىلىقىدا، نەچچە ئون ئورۇن قاتناشقان «بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلابىي لۇشيەنىگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاش قەسەميات چوڭ يىغىنى» ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن «غەربىي شىمال بەش ئۆلكىدىكى قىزىل ئىسيانچىلارنىڭ بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلابىي لۇشيەنىگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاش قەسەميات چوڭ يىغىنىنىڭ شىنجاڭ چوڭ يىغىنى»غا ئاۋاز قوشۇپ تېلېگراما يوللاشنىڭ كونكرېت ھەرىكىتى، بىڭتۇەن قىزىل ئىسيانچىلىرىنىڭ دىڭ شېڭ (شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى)، پېي جۇيۇ (شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، بىڭتۇەننىڭ 3-سىياسىي كومىسسارى)، لى جىڭشەن (شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، بىڭتۇەن سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى) باشچىلىقىدىكى بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلابىي لۇشيەنىگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاش سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى «قىزىل ئىسيانچىلار بىڭتۇەنى»نىڭ بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلابىي لۇشيەنىگە قوزغىغان بىرىنچى قېتىملىق بىرلەشمە

ئومۇمىي ھۇجۇمى ئىدى.

چوڭ يىغىن ئېچىلىشتىن تۆت كۈن بۇرۇن، يىغىنغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى دىڭ شىڭ، پېي جۇيۈ، لى جىڭشەن قاتارلىق بىڭتۇەن رەھبەرلىرى ھەمدە بىڭتۇەندىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىگە تەكلىپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ۋاقتىدا قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدى.

دىڭ شىڭ يىغىنغا قاتناشمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايتا-قايتا قاتتىق تەلەپ قىلىشى بىلەن ئويلىنىپ بېقىشقا قوشۇلدى.

پېي جۇيۈ بالىنىستا يېتىپ قالغانلىقتىن يىغىنغا قاتنىشالمايتتى.

لى جىڭشەن بولسا قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۇنى كۈرەش قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھاۋا ئارمىيە 9-كورپۇسىدا تۇرۇۋاتقانىدى. شۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ ۋاقىتلىق كانۋېيى ھەم كاتىپى ئىدىم. ئوقۇغۇچىلار قەيەردىن بىلىپ قالدىكىن، ھاۋا ئارمىيە 9-كورپۇسىغا ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ. دەرۋازا قورۇقچىسى ئۇلارنى كىرگىلى قويمىدى، مەن چىقىپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى لى مۇدىرغا يەتكۈزىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىنلا، ئوقۇغۇچىلار كېتىپ قېلىشتى. بىز شۇ ئاخشىملا ھاۋا ئارمىيە 9-كورپۇسىدىن ئايرىلدۇق، لى جىڭشەنمۇ يىغىنغا قاتناشمىدى.

يىغىن ئەسلى نەنمىن تەنتەربىيە سارىيىدا ئېچىلماقچى ئىدى، كېيىن خەلق تىياتىرىغا ئۆزگەرتىلدى. 18-چېسلا چۈشتىن بۇرۇن 10 دا ئېچىلماقچى بولغان يىغىن دىڭ، پېي، لىلارنىڭ (ئاساسلىقى دىڭ شىڭ) يىغىنغا كەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن، سائەت 12 دە بىر تەرەپتىن ئېچىلىپ، بىر تەرەپتىن دىڭ شىڭنى تېپىپ كېلىشكە تەرەپ-تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىلدى.

ئەمەلىيەتتە، دىڭ شىڭ 17-چېسلا چۈشتىن كېيىن ھەربىي كومىتېت



ئەۋەتكەن ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا كەتكەنىدى.

## 2. ئاچلىق ئېلان قىلىش

«18-دېكابىر» چوڭ يىغىنى مەغلۇپ بولۇپ كۆزلىگەن مەقسەت ئەمەلگە ئاشمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئاچلىق ئېلان قىلىش باشلاندى ھەمدە باياناتمۇ ئېلان قىلىندى.

### ئاچلىق ئېلان قىلىش باياناتى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇيان، بولۇپمۇ «قىزىل بايراق» ژورنىلىنىڭ 13-، 14-سانلىرىدا باش ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، دىڭ شىڭ، پېي جۇيۈ، لى جىڭشەن باشچىلىقىدىكى بىڭتۇەن پارتكومى يەنىلا ئۆچىغا چىققان بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلابىي لۇشيەنىنى جاھىللىق بىلەن ئىجرا قىلىپ كەلدى، يېقىندىن بۇيان تېخىمۇ غالجىرلاشتى. 12-ئاينىڭ 18-كۈنى، بىڭتۇەن ئورگىنى ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرى، قىزىل باشقۇرىلىدىغان بومبا بىڭتۇەنى، «2-نويابىر» كۈرەش ئەترىتى، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى قىزىل قوغدىغۇچىلار چوڭ ئەترىتى ئىنقىلابىي ئىسيانچىلار ئەترىتى، بىڭتۇەن تېببىي ئىنستىتۇتى «شەرق قىزاردى» كوممۇناسى قاتارلىق ئون ئورۇن باش بولۇپ ئاچقان «بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلابىي لۇشيەنىگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاش قەسەمياد چوڭ يىغىنى» دا دىڭ شىڭ قاتارلىقلار ئاشكارا

قارشىلىق قىلىپ، سەۋەبسىز يىغىنغا قاتناشمىدى ھەمدە بىز ئوتتۇرىغا قويغان بەش تۈرلۈك شەرتكە پىسەنت قىلمىدى. يىغىن تەييارلىق باشقارمىسى ھەر تەرەپتىن ئىزدىگەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ خەۋىرى ئېلىنمىدى، مەسىلە ئىزچىل ھەل بولمىدى. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئامالسىز ئەھۋالدا بىز 1966-يىلى 12-ئاينىڭ 19-كۈنى سائەت 22 (ئۈرۈمچى ۋاقتى) دىن باشلاپ كۆئېنلۇن مېھمانخانىسىنىڭ 3-قەۋىتىدە مۇددەتسىز ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قىلغۇچە داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلدۇق. ئاچلىق ئېلان قىلىش مەزگىلىدە كەڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر، ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار، قىزىل قوغدىغۇچى جەڭچىلەرنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىزنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاچلىق ئېلان قىلغۇچى ئورۇنلار: بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتوتى «ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرى»، «قىزىل باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىڭتۇەنى»، «2-نويابىر كۆرەش ئەترىتى»، بىڭتۇەن تېببىي ئىنستىتوتى «شەرق قىزاردى» كوممۇناسى «ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرى»، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى قىزىل قوغدىغۇچىلار چوڭ ئەترىتى، ئاچلىق ئېلان قىلىشقا قاتناشقان بارلىق يولداشلار.

1966-يىلى 12-ئاينىڭ 19-كۈنى

«ئاچلىق ئېلان قىلىش باياناتى» نىڭ ئالدىدا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ: «كىم ئىنقىلابىي خەلق تەرەپتە تۇرسا، ئۇ ئىنقىلابچى بولىدۇ، كىم جاھانگىرلار، فېئودالىزم، بيۇروكرات كاپىتالىزم تەرەپتە تۇرسا، ئۇ ئەكسىلئىنقىلابچى بولىدۇ» دېگەن «ئەڭ ئالىي يوليورۇقى» نەقىل كەلتۈرۈلگەنىدى.



ئاچلىق ئېلان قىلىش باياناتى مىخ مەتبەئە بىلەن بېسىلىپ ھەممە كوچىلارغا چاپلانغانىدى. تەشۋىقات ماشىنىسى رادىئو ئارقىلىق كوچىمۇ كوچا تەشۋىق قىلدى ھەمدە «ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىشنىڭ بەش تۈرلۈك شەرت» نى ئاڭلاتتى:

(1) «18-دېكابىر» چوڭ يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز تېكىستلىرىنى مىخ مەتبەئە بىلەن تەشۋىقات ۋەرەقىسى قىلىپ بېسىپ، مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىتىش.

(2) دىڭ شېڭ يىغىنغا تەكلىپ قىلىنغان، ئەمما يىغىنغا قاتناشمىغان بارلىق بىڭتۇەن رەھبەرلىرىنى يىغىپ «18-دېكابىر» يىغىنىنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئاڭلىشى، ئاندىن كېيىن تەسىرات يازغۇزۇپ، مىخ مەتبەئە بىلەن تەشۋىقات ۋەرەقىسى قىلىپ باستۇرۇشى، تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى «18-دېكابىر» يىغىنىنىڭ تەييارلىق باشقارمىسى بارلىق يىغىن قاتناشچىلىرىغا تارقىتىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىپەن قىلىشى كېرەك.

(3) دىڭ شېڭ نېمە ئۈچۈن بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ «18-دېكابىر» دىكى «بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلابىي لۇشيەنىگە ئومۇمىي ھۇجۇم قىلىش قەسەمياد چوڭ يىغىنى» غا قاتناشمىغانلىقى توغرىسىدا ئۆزىنى تەكشۈرۈشى كېرەك.

(4) «18-دېكابىر» ۋەقەسى تۈپەيلىدىن، دىڭ شېڭ، پېي جۇيۇ، لى جىڭشەنلەرنىڭ بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەنىنى ئىجرا قىلغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىپەن قىلىش، ئۇلارنىڭ بيۇروكراتلىق ئىستىلىنى يېڭىشكە ياردەم بېرىش ھەمدە ئۇلارنىڭ مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان قاچان چاقىرىتسا دەرھال ئۆزىنى مەلۇم قىلىش كۆرسەتمىسىنى

ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا ھەمكارلىشىش ئۈچۈن، يىغىن تەييارلىق باشقارمىسى ئۇلاردىن كېلىشىم ئىمزالانغان كۈندىن ئېتىبارەن ئىنقىلابچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى كۈندە مەلۇم قىلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. چوڭ يىغىن بىكىتۈەن ئورگان ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرى ئالاقىلىشىش پونكىتىنى تىزىملاش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى، باشقا ئورۇنلار بۇ باشلىقلار بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا، ئالاقىلىشىش پونكىتى بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ.

(5) دىڭ شېڭ بىكتۈەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى «ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرى» ، «قىزىل باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىكتۈەنى» ، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى قىزىل قوغدىغۇچىلار چوڭ ئەترىتى «ئىنقىلابىي ئىسيانچىلار ئەترىتى» ، «بىكتۈەن تېببىي ئىنستىتۇتى «شەرق قىزاردى» كوممۇناسىدىكى بارلىق خادىملار ھەمدە يىغىنغا قاتناشقان بىكتۈەن ئورگىنى، زاۋۇت، مەكتەپلەرنىڭ ئىنقىلابچىلىرى ئەۋەتكەن ۋەكىللەرگە ھەمراھ بولۇپ بېيجىڭغا بېرىپ ئەرز قىلىپ، بىكتۈەندىكى پرولېتارىيات «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» گە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك.

بىكتۈەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى «ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرى» ، بىكتۈەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى «قىزىل باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىكتۈەنى» ، بىكتۈەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى «2-نويابىر» كۆرەش ئەترىتى، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى قىزىل قوغدىغۇچىلار چوڭ ئەترىتى «ئىنقىلابىي ئىسيانچىلار ئەترىتى» ، بىكتۈەن تېببىي ئىنستىتۇتى «شەرق قىزاردى كوممۇناسى» قاتارلىق ئورۇنلاردىكى بارلىق ئاچلىق ئېلان قىلىشقا قاتناشقان يولداشلار.



1966-يىلى 12-ئاينىڭ 19-كۈنى

ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىشنىڭ بەش تۈرلۈك شەرتى ئىچىدە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ: «ماركسىزم داۋلىلىرى تۈمەن مىڭ تۈرلۈك، تىگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق. بۇ داۋلىغا ئاساسەن، قارشىلىق كۆرسىتىش، كۆرەش قىلىش، سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك» ، «ئىنقىلاب مېھمانغا چاقىرىش، ماقالە يېزىش، رەسىم سىزىش ئەمەس، بۇنىڭدا سىلىق سىپايىلىق، رەھىمدىللىك قىلىشقا، بىمالال، نازاكەتلىك، كۆڭۈلچەكلىك قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىنقىلاب بىر خىل زورلۇق ئىسيان، بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇشتىكى زورلۇق ھەرىكىتى» دېگەن ئىككى تۈرلۈك «ئالىي يوليورۇقى» نى نەقىل كەلتۈرۈلگەنىدى.

ئاچلىق ئېلان قىلىشنى تەشكىللىگۈچىلەر جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنىڭ رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇلار ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا مۇنداق جىددىي تېلېگرامما يوللىدى:

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىكتۈەنىدىكى 600 گە يېقىن ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىڭ شېڭ قاتارلىقلارنىڭ بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەنىنى جاھىللىق بىلەن داۋاملىق ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىغا نىسبەتەن، ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى جىددىي تېلېگراممىسى:

ئەڭ قەدىرلىك ئۇلۇغ داھى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ھەمدە ئۇنىڭ يېقىن سەبدىشى يولداش لىن بياۋغا:

گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى يولداش جۇئېنلەيگە:

مەركىزىي مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى

يولداش چېن بودا، جياڭ چىڭغا:

ھەربىي ئىشلار كومىتېتى باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى شياۋ خۇاغا:

مەركىزىي كومىتېت غەربىي شىمال بيۇروسى شۇجىچۇسىغا:

شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتوتى، بىڭتۇەن تېببىي ئىنستىتوتى، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردىكى 600 گە يېقىن ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار 1966-يىلى 12-ئاينىڭ 19-كۈنى سائەت 22 دىن باشلاپ مۇددەتسىز ئاچلىق ئېلان قىلدى!

بىڭتۇەندىكى 600 گە يېقىن ئىنقىلابىي كىچىك باتۇرلارنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشى، پۈتۈنلەي دىڭ شېڭ، پېي جۇيۇ قاتارلىقلارنىڭ بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەنىنى داۋاملىق جاھاللىق بىلەن يولغا قويغانلىقىغا نائىلاج قوللانغان ئىنقىلابىي ھەرىكىتى.

دىڭ، پېي قاتارلىقلار ئۇلار توغرىسىدا چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلىغان كۆپلىگەن ئاممىنى «ئەكسىلئىنقىلابچى»، «پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر»، «ئوڭچى»، «ئىچكى جەھەتتىن دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش ئوبيېكتى»... دەپ تارتىپ چىقاردى.

ئۇلار تەشكىلىي جەھەتتە گۇرۇھۋازلىق قىلىپ «بىزنى قوغدىغانلارنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسىدۇ، بىزنىڭ يولىمىزدىن چىقمىغانلار ئۆز ئورنىدا تۇرىۋېرىدۇ، بىزگە قارشى چىققانلار ھەيدىلىدۇ» دېگەن پۇرسەتپەرەسلىك لۇشيەنىنى يولغا قويدى....

ئۇلار ئىككى خىل زىددىيەتنى قەستەن ئارىلاشتۇرۇپ، بىڭتۇەندىكى كۆپلىگەن پېشقەدەم يولداشلارنى قارا گۇرۇھ، قارا يېپ دەپ تارتىپ



چىقاردى، ئۇلار كۆپ قېتىم مەركەز ۋە ھەربىي كومىتېتنىڭ كۆرسەتمىسىنى بېسىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلدى ھەمدە ھەربىي كومىتېتقا ساختا مەلۇمات يوللىدى....

نۆۋەتتە، كۆپلىگەن ئىنقىلابىي ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىنقىلابىي ئاممىۋ، ئەگەر دىڭ شېڭ يۈزتۇرانە ھالدا ئىنقىلابىي كىچىك باتۇرلارنىڭ يوللۇق تەلىپىگە جاۋاب بەرمىسە ئاچلىق ئېلان قىلىمىز، دېگەن ئىنكاسىنى بىرىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە، دىڭ شېڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى داۋاملىق كېڭەيمەكتە.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، دىڭ شېڭنى يۈزتۇرانە ھالدا ئاچلىق ئېلان قىلغان ئىنقىلابىي كىچىك باتۇرلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ھەمدە ئۇلارنىڭ يوللۇق تەلىپىگە جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇشىنى جىددىي مۇراجىئەت قىلىمىز.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئورگىنى ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرى

1966-يىلى 12-ئاينىڭ 20-كۈنى شەھەر

بۇ تېلېگراممىنىڭ قوشۇمچىسى بولغان «ئاچلىق ئېلان قىلىش باياناتى»، «ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىشنىڭ بەش تۈرلۈك شەرتى»نى بىز 1966-يىلى 12-ئاينىڭ 20-كۈنى سائەت نۆلدە (ئۈرۈمچى ۋاقتى) ھەربىي كومىتېت پۈتۈن ئارمىيە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا تېلېفون ئارقىلىق دوكلات قىلدۇق. تېلېفوننى ئالغان يولداش يۈ شيەن دوكلاتىمىزنى بىرمۇ بىر خاتىرىلىۋالدى ھەمدە ئىلتىماسىمىزنى قوبۇل قىلىپ ئەڭ تېز سۈرئەتتە رەئىس ما زېدۇڭ ئىشخانىسى، مۇئاۋىن رەئىس لىن بياۋ ئىشخانىسى، جۇئېنلەي زۇڭلى

ئىشخانىسى، مەركىزىي كومىتېت مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، مۇدىر شىياۋ خۇا ھەمدە يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ سىياسىي بۆلۈمىگە ئەينەن مەلۇم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىن، بىز يەنە مەركىزى كومىتېت مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا تېلېفون قىلىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلدۇق، تېلېفوننى ئالغان يولداش گاۋ شەن تېزلىك بىلەن چېن بودا، جياڭ چىڭغا ئىنكاس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ تېلېگراما 12-ئاينىڭ 21-كۈنى سائەت 12 دە كۆپەيتىلىپ بېسىلغاندا، ئاچلىق ئېلان قىلغان ئورۇنلار 34 كە، ئادەم سانى 1300 گە يەتتى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ئاچلىق ئېلان قىلىش ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن مەملىكەتكە مۇنداق جىددىي مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىندى:

پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر يولداشلار؛ ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار، قىزىل قوغدىغۇچى سەبداشلار:

شىنجاڭدىكى قىزىل ئىسيانچىلاردىن بولغان 50 نەچچە ئورۇندىكى 1000 دىن ئارتۇق ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە قىزىل قوغدىغۇچى كىچىك باتۇرلار 1966-يىلى 12-ئاينىڭ 19-كۈنى سائەت 22 دە (ئۈرۈمچى ۋاقتى) ئۈرۈمچى كۈئېنلۇن مېھمانخانىسىدا مۇددەتسىز ئاچلىق ئېلان قىلدى!

1000 دىن ئارتۇق كىچىك باتۇرلارنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشى پۈتۈنلەي دىڭ شېڭ (شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى)، پېي جۇيۇ (شىنجاڭ ھەربىي



رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، بىڭتۇەننىڭ 3-سىياسىي كومىسسارى)، لى جىڭشەن (شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، بىڭتۇەن سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى) لەر باشچىلىقىدىكى بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەنىنى داۋاملىق جاھىللىق بىلەن يولغا قويغانلىقىغا قارىتا قوللانغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت.

.............

ئۇلار قاپ يۈرەكلىك قىلىپ مەركەزنىڭ نامىدا تېلېگراما يوللاپ، مەركەزنىڭ تېلېگراما تېكىستىنى ئۆزگەرتىپ، مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىنى باستۇرۇپ قويۇپ، ساختا «ھەربىي مەلۇمات» يوللاپ، يۇقىرىدا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنى، تۆۋەندە كەڭ ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرىنى ئالدىدى. ئۇلار ھەربىي كومىتېتنىڭ كۆرسەتمىسىنى قەتئىي ئىجرا قىلماي، ئاشكارا ھالدا ئازادلىق ئارمىيىنى ئىشلىتىپ ئوقۇغۇچىلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، قارا ماتېرىيالنى شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا يوشۇرۇپ قويدى.

.............

ئۇلار ھەرخىل يوللار بىلەن ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى تەڭقىسلىقتا قويۇپ، پارچىلاشقا ئۇرۇندى، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرگە «ئوكچى» ئوقۇغۇچىلارنى تۇتۇشنى ئوقتۇرۇش قىلدى، ھەر قايسى ئورگانلارغا «ئەكسىلئىنقىلابچى» لارنى تۇتۇشنى ئوقتۇرۇش قىلدى، ھازىرغىچە قارا ماتېرىيالنى تاپشۇرمىدى، ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتمىدى.

...........

ئۇلار ھەر خىل يوللار بىلەن بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى مەكتەپلىرىدىكى

ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى بىڭتۇەنگە بېرىپ ئالاقە باغلاشتا تەڭقىسلىقتا قويدى.

دىڭ شىڭ، پېي جۇيۇلەرنىڭ جىنايى قىلمىشىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

مانا مۇشۇنداق قوماندانلىق شتابىنى بومباردىمان قىلماي، ئوتتا كۆيدۈرمەي قانداق قىلغۇلۇق؟

. . . . . . . . .

بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز بىڭتۇەندىكى كەڭ ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى كەڭ ئىنقىلابىي كىچىك باتۇرلارنىڭ ۋە ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ ھېسداشلىقى، قوللىشىغا ئېرىشىپ، ھەر كۈنى بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلۇۋاتقانلار بار، ھازىر دەسلەپكى 500 نەچچە كىشىدىن كۆپىيىپ 2000 دىن ئارتۇق كىشىگە يەتتى، ئاۋاز قوشقان ئورۇنلار 170 كە يەتتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللىشى، كەڭ ئىنقىلابىي خەلقنىڭ قوللىشى بولغاچقا، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە چوقۇم بىزگە مەنسۇپ!

نۆۋەتتە بىڭتۇەن پارتكومى يەنىلا ئىنتايىن جاھىل، پوزىتسىيىسى يەنىلا قەبىھ. ھازىر ئاچلىق ئېلان قىلىنىپ، 60 نەچچە سائەت ئۆتتى، نەچچە ئون ئىنقىلابىي كىچىك باتۇر ھوشىدىن كەتتى. شۇڭا، بىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرگە، ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا ۋە قىزىل قوغدىغۇچى سەبداشلارغا مۇنداق جىددى مۇراجىئەت قىلىمىز: دەرھال جىددىي تەدبىر قوللىنىپ بىزگە كۈچلۈك مەدەت بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىز مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، بىڭتۇەن پارتكومى يولغا قويغان بۇرژۇئا



ئەكسىيەتچىل لۇشيەننى پېپەن قىلىپ ئاغدۇرۇپ تاشلىمىغۇچە، پېپەن قىلىپ سىستېمىغىچە ھەرگىز بولدى قىلمايمىز!

بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى «ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرى» قاتارلىق 172 ئورۇن

1966-يىلى 12-ئاينىڭ 23-كۈنى

ئاچلىق ئېلان قىلىنغان كۈنلەردە، ھەر كۈنى زور خەۋەرلەر بېيجىڭغا يوللىنىپ تۇردى، ئۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى كۆپتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن شۇ ۋاقىتتىكى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

تۆۋەندىكىسى مەركىزىي «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا يوللانغان ئالاھىدە جىددىي تېلېگراما:

بېيجىڭ مەركىزى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى يولداش چېن بودا، جياڭ چىڭ ھەمدە ئەڭ قەدىرلىك رەئىس ماۋ زېدۇڭ، يولداش لىن بياۋغا:

بىز ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشىگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن داۋالاش ئەترىتى. نۆۋەتتىكى ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقتىن سىلەرگە ئالاھىدە دوكلات قىلىۋاتىمىز.

بىڭتۇەننىڭ دىڭ شېڭ قاتارلىق رەھبەرلىرى ئىنتايىن جاھىللىق بىلەن بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەنىدە چىڭ تۇرغانلىقى ھەمدە ئاممىدىن ئىنتايىن قورقۇپ، كۆپ سانلىقلارنى كۈرەش قىلىشقا داۋاملىق كۈشكۈرتۈپ، ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى باسقانلىقتىن، ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان. نۆۋەتتە، تۈنجى تۈركۈمدە كۈرەشكە قاتناشقان 500 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلغىنىغا 72 سائەتتىن ئاشتى،

ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساغلاملىقى كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىپ، ئومۇمىيۈزلۈك باش قېيىش، ماغدۇرسىزلىنىش، يۈرىكى سېلىش، ھەرىكىتى قېيىنلىشىش، ئۆرە تۇرالماسلىق ئەھۋالى كېلىپ چىقتى، ساغلاملىقى ئاجىزلاشقانلىقتىن باشقا كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى كۆپىيىپ، 36 كىشىدە شوك بولۇپ قېلىشقا ئوخشاش ئېغىر ئەھۋال كۆرۈلۈپ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىلىپ قۇتقۇزۇلدى.

ئەمما، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەن پارتكومى ھازىرغىچە پەرۋاسىز يۈرۈۋاتىدۇ. دىڭ شېڭ يەنىلا ئۆزىنى كۆرسەتمىدى. كەڭ ئىنقىلابىي ئامما بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى، نەچچە ئون مىڭ كىشى يىغىلىش قىلىپ، نامايىش ئۆتكۈزۈپ ئاۋاز قوشتى. ئاچلىق ئېلان قىلىشقا قاتنىشىۋاتقان قوشۇن بارغانسېرى چوڭىيىپ، ھازىرغا قەدەر 150 نەچچە ئورۇن، 2000 دىن ئارتۇق كىشىگە يەتتى. بۈگۈن 50 نەچچە زاۋۇت، كارخانا ئىشنى توختاتتى، پۈتۈن شەھەردىكى ئاممىۋى ئاپتوبۇسلارمۇ قاتناشتىن توختىدى.

ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تېزلىك بىلەن ھەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ «18-دېكابىر» ئاچلىق ئېلان قىلىش قوماندانلىق شتابى،
شىنجاڭ قىزىل ئىسيانچىلىرى داۋالاش ئەترىتىدىكى بارلىق خادىملار
1966-يىلى 12-ئاينىڭ 22-كۈنى سائەت 10.

ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋەزىيىتى بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قىسىم جايلاردا سۇ، توك توختىدى، ئاممىۋى قاتناش ئاپتوبۇسلىرىمۇ قاتناشتىن توختىدى. شۇ ۋاقىتتا، كۈيېنلۇن مېھمانخانىسىدا ئېچىلىۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 3-قېتىملىق كادىرلار يىغىنىنى 20-چېسلا مايتاغقا يۆتكەپ ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.



ئاچلىق ئېلان قىلىنىپ 2-كۈنى (20-چېسلا) ھەربىي رايوننىڭ باش قوماندانى گو پېڭ، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى زو چى ئاچلىق ئېلان قىلىش نەق مەيدانىغا بېرىپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇلار دىڭ شېڭ، پېي جۈيۈلەرنىڭ ھىمايىچىلىرى دەپ قوغلاپ چىقىرىلدى.

22-كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋۇ گۇاڭ (ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى) ئاچلىق ئېلان قىلىش نەق مەيدانىغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىدى. ئۇ ۋاقىتتا كۆپ سانلىقلار ئېقىمدىكىلەر ئۇنى ۋە جاڭ جۇڭخەن (بىڭتۇەننىڭ 2-سىياسىي كومىسسارى) نى ئاچلىق ئېلان قىلىشنىڭ قارا ئارقا تىرىكى دەپ ئاتىغاندى.

23-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئادەتتىن تاشقىرى سان ئەڭ كۆپ تارقىتىلغان كۈن ھەمدە ئىككى كۆز قاراشتىكىلەر ئەڭ خۇشال بولغان كۈن بولدى. ئالدى بىلەن كۆپ سانلىق كۆز قارىشىدىكىلەر ئىككى ئادەتتىن تاشقىرى سان ئېلان قىلدى:

ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يې جيەنيىڭنىڭ تېلېفونى (گوۋۇيۈەن، ھەربىي كومىتېتنىڭ 12-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى تېلېگراممىسى)

(مۇئاۋىن رەئىس لىن بياۋ، جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىنقىلابنى تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى ۋە يېزىلاردىكى پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا ئائىت 10 تۈرلۈك كۆرسەتمىسىنى ئېلان قىلدى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھەرىكىتى

مەكتەپلەردىن زاۋۇت، يېزىلارغا كېڭەيدى، ھەربىكەت ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ چوڭقۇرلىماقتا.

ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بىلەن دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ئورتاقلىقى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىڭتۇەن چېگرا رايونغا جايلاشقانلىقتىن رولى ئىنتايىن مۇھىم، چوقۇم 16 تۇرلۇك مادداۋە قوش 10 تۇرلۇك ماددا بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك. بىڭتۇەندىكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، جاڭ شىچىن (ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى)، جاڭ جۇڭخەن، دىڭ شېڭ، پېي جۇيۇ قاتارلىق يولداشلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر مۇئاۋىن شۇجىسى بېيجىڭغا بىڭتۇەننىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئېلىپ بېرىش چارىسىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ.

كۈيبىنلۇن مېھمانخانىسىدا جىم ئولتۇرۇپ ئاچلىق ئېلان قىلغان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسىنى جاڭ جوڭخەن يۈزتۇرانە چىقىپ ھەل قىلىدۇ. ئۇلارنى گوۋۋيۈەن، ھەربىي كومىتېتنىڭ دىڭ شېڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ مەسىلىسىنى چوقۇم ھەل قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈش ھەمدە ئۇلارنى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېتىشكە ئۈندەش كېرەك.

## ئالاھىدە سان

(12-ئاينىڭ 23-كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 3)

جۇئېنلەي زۇڭلىدىن كەلگەن تېلېفون:

(1) جاڭ جوڭخەن كۈيبىنلۇن مېھمانخانىسىدىكى ئىسيانچىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاچلىق ئېلان قىلغان يولداشلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنى بېيجىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىشكە ماقۇل قىلسۇن (ئادەم سانى كۆپ بولمىسۇن،



ئادەم كۆپ بولسا ياخشى پىكىرلەشكىلى بولمايدۇ)، ئۇلارغا ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ بېرىلسۇن، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى بېيجىڭغا كەلگەندە بىر تەرەپ قىلايلى.

(2) ئۇلارغا ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىشنى ئېيتىش كېرەك. سىلەر شيۇجېڭجۇيىغا قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە، شيۇ جېڭجۇيىچىلار خەۋەر تېپىپ قالسا يۈزىمىزگە قارا سۈركىگەن بولىمىز، بۇنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئاچلىق ئېلان قىلمىسۇن، سالامەتلىكىنى ئاسرىغاندا، ئاندىن ئىنقىلاب قىلغىلى بولىدۇ. بۇلارنى مەن ئېيتتىم، ئۇلار ئىشەنمىسە ماڭا بىۋاستە تېلېفون قىلسا بولىدۇ.

(3) ھەربىي رايونغا ھۇجۇم قىلىش رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپ، ئۇلار رەئىس ماۋ زېدۇڭنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، ئازادلىق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ تۇرۇغلۇق، نېمە دەپ يەنە ئازادلىق ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىدۇ؟

شىنجاڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر باسما زاۋۇتى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى قوغدىغۇچى جەڭگىۋار تۈەنى

1966-يىلى 12-ئاينىڭ 23-كۈنى

(بۇ تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنى جۇئېنلەي زۇڭلى ئۇلارنى قوبۇل قىلغاندا چىنلىقى ئىسپاتلانغان. تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر قەستەن ئاممىنى خەۋەرلەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن)

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىقلار كۆز قارىشىدىكىلەر، ئىسيانچىلار تەشكىلاتى شۇ كۈنى كەينى-كەينىلەپ ئۈچ ئالاھىدە ئادەتتىن تاشقىرى سان بېسىپ تارقاتتى:

## ئالاھىدە ئادەتتىن تاشقىرى سان

(جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ ۋاڭ بىڭ بىلەن قىلغان 2-قېتىملىق تېلېفون

سۆھبىتى)

3ـكۈنى سەھەر سائەت 6 دە

جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ شىنجاڭ قىزىل ئىسيانچىلىرى ئاچلىق ئېلان قىلىش قوماندانلىق شىتابىدىكى (كۈئېنلۈن مېھمانخانىسى) يولداش ۋاڭ بىڭ (ئاچلىق ئېلان قىلىش باش قوماندانى) بىلەن قىلغان تېلېفون سۆھبىتىنىڭ خاتىرىسى.

جۇئېنلەي زۇڭلى: يولداش ۋاڭ بىڭمۇ؟

ۋاڭ بىڭ: ھەئە، ساۋاقداشلارنىڭ بىر تەلىپى بار، بۇ قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ۋاڭ ئېنماۋ كېلىپمۇ قويمىــــدى، شۇڭا، ساۋاقداشلار ئۇنىڭ بىۋاستە كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

زۇڭلى: مەن ئۇنى ھازىرلا سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا ئەۋەتەي، باياتىن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ نەرسە ئېلىپ سىلەرنى يوقلاشنى تاپشۇردۇم. . . . سىلەر قانچە ۋەكىل سايلىدىڭلار؟

ۋاڭ بىڭ: ھازىر مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىز، ساۋاقداشلار ئالدى بىلەن بىرنەچچەيلەننى ۋەكىل قىلىپ ئايروپىلان بىلەن يولغا سېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ساۋاقداشلار بىز بىرنەچچەيلەننىڭ دەيدىغان پىكرىنــى تولۇق ئىنكاس قىلالماسلىقىمىزدىن ئەنسىرەپ كۆپرەك ۋەكىل ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ. ئەگەر ماقۇل كۆرۈلسە، ئۇلار پويىزدا يولغا چىقىدۇ.

زۇڭلى: بولىدۇ، ئالدى بىلەن 10 نەچچىڭلار كېلىڭلار.

ۋاڭ بىڭ: ماقۇل، بىز ئالدى بىلەن 10 نەچچەيلەن بارايلى.

زۇڭلى: باشقىلارچۇ؟ مەسىلەن، 20ـ30 ئادەم ياكى ئۇنىــڭدىن كۆپرەك بولسىمۇ، سىلەر بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن ئۇلار بىــلەن مەسلىھەتلىشىڭلار، بىرەر جايىنى تېپىپ تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلايلى.



ۋاڭ بىڭ: توغرا، ياخشى بولدى.

زۇڭلى: شۇنداق بولسۇن، ساۋاقداشلارغا ئېيتىڭ، ئۇلار غىــزاغا كىرىشسە بىز خۇشال بولىمىز، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئاڭلىسىمۇ بەك خۇش بولىدۇ!

ۋاڭ بىڭ: زۇڭلى، ساۋاقداشلار سىزنىڭ كۆپرەك ئارام ئېلىشىڭىزنى سىزگە ئېيتىپ قويۇشۇمنى ئېيتتى، بۇ ئىش بىلەن سىز خېلىدىن بېرى ئارام ئالالمىدىڭىز.

زۇڭلى: ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق.

ۋاڭ بىڭ: رەئىس ماۋ زېدۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس لىن بياۋغا بىزگە غەمخورلۇق قىلغانلىقىغا كۆپ تەشەككۈر بىلدۈرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ قويارسىز.

زۇڭلى: بولىدۇ، بولىدۇ. سىزمۇ ساۋاقداشلارغا مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزۈڭ!

ۋاڭ بىڭ: سالىمىڭىزنى ساۋاقداشلارغا تولۇق يەتكۈزىمەن.

زۇڭلى: مەكتەپ، زاۋۇت، كوچىلاردىكى سىلەرنــى قوللىــغان كىشىلەرگە، ئىشچى، شەھەر ئاھالىسى، ساۋاقداشلارغىمۇ رەھمىتىمنى ئېيتىپ قويارسىز، ئۇلار ئۆيىگە قايتىپ خاتىرجەم ياخشى ئارام ئالسۇن.

ۋاڭ بىڭ: زۇڭلى، يەنە ئىشچى يولداشلارمۇ بار.

زۇڭلى: سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ، يەنە ئېلېكتر زاۋۇتى ۋە ۋودوپرووۋود زاۋۇتىغا يەتكۈزۈپ قويسىڭىز، ئۇلارنىڭ سىلەرنى قوللىغانلىقىدىن بىز ئىنتايىن خۇشال. ھەرقانداق بولسىمۇ سۇ بىلەن توكنى توختىتىــپ قويماسلىقىنى ئېيتىڭ، بۇ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىلىدۇ. بۇنــى ئەسكەرتىڭ.

ۋاڭ بېڭ: بولىدۇ، مەن بۇنى چوقۇم يەتكۈزىمەن. زۇڭلى، ئىشچىلار سىز بىلەن سۆزلەشمەكچى.

زۇڭلى: ياخشىغۇ! (كۈلكە)

ئىشچى: زۇڭلى، ياخشىمۇسىز؟ بىز ئىنتايىن ياخشى تۇرۇۋاتىمىز.

زۇڭلى: سىز قايسى زاۋۇتتىن؟

ئىشچى: 10-ئاينىڭ 14-كۈنى قۇرۇلغان شىنجاڭ ئىشچىلار بىرلەشمە ئىسيان كۆتۈرۈش باش شتابىدىن.

زۇڭلى: ھە، ئىسيان كۆتۈرۈش باش شتابىدىن دەڭ.

ئىشچى: شۇنداق، سىزنىڭ باياتىن تېلېفوندا قىلغان سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ بىز بەك خۇش بولدۇق!

زۇڭلى: ناھايىتى ياخشى بوپتۇ.

ئىشچى: بىزنىڭ زاۋۇتىمىزدا تۈنۈگۈن سائەت 9 دىن باشلاپ نەچچە 10 ئىشچى ئىش تاشلىدى، بۇنىڭغا سىز نارازى بولۇشىڭىز مۇمكىن، بۇنداق بولۇشىنى بىزمۇ خالىمايمىز.

زۇڭلى: بۇنى مەن چۈشىنىمەن.

ئىشچى: بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى-بىرىنچى كۈنى ئاچلىق ئېلان قىلغاندا، بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا بىر تەرەپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولساقمۇ، ئۇلار سايىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى، 2-كۈنى بىز يەنە ئوتتۇرىغا قويدۇق، ئۇلار يەنە كۆرۈنمىدى، نەتىجىدە كادىرلارمۇ كېتىپ قالدى. 3-كۈنى ئامالسىزلىقتىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ئاخىرقى بۇيرۇقنى چۈشۈردۇق، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئازراق جىددىيلەشتى، بۇ خىل ئەھۋالدا بىزمۇ ئاساسلىق زاۋۇتلارنى ئىشتىن توختاتمىدۇق.

زۇڭلى: توغرا، سىلەرنىڭ ئېلېكتر، ۋودوپرووۋد زاۋۇتلىرىڭلار



توختىمىدى.

ئىشچى: شۇنداق، توختىمىدى.

زۇڭلى: توختاتمىغىنىڭلار توغرا بوپتۇ.

ئىشچى: تۈنۈگۈن توختىماقچى ئىدى، ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە بىز توختاتمىدۇق.

زۇڭلى: بۇ نەسىھەتىڭلارنىڭ نەتىجىسى، توختاتمىغىنىڭلار ياخشى بولدى.

ئىشچى: ماقۇل ئەمىسە زۇڭلى، خەير-خوش!

(ئۈنئالغۇغا ئاساسەن رەتلەنگەن)

بېكتۆەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتوتى ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرى

1966-يىلى 12-ئاينىڭ 23-كۈنى سائەت 18 دە.

## ئالاھىدە ئادەتتىن تاشقىرى سان

جۇ ئېنلەي زۇڭلىدىن 3-قېتىم كەلگەن تېلېفون

ۋاقتى: 1966-يىلى 12-ئاينىڭ 23-كۈنى سائەت 6 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە

ئورنى: كۇئېنلۇن مېھمانخانىسىنىڭ 3-قەۋەت 340-ئۆي

تېلېفون قوبۇل قىلغان كىشى: بېكتۆەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرىدىن ۋاڭ بېڭ .

ۋاڭ بېڭ: سىز زۇڭلىمۇ؟

زۇڭلى: سىز بېكتۆەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتوتىدىنمۇ؟

ۋاڭ بېڭ: شۇنداق، مەن سىز بىلەن بۈگۈن ئەتىگەن تېلېفوندا سۆزلەشكەن.

زۇڭلى: سىلەر نېمىشقا ئۆزگىرىپ قالدىڭلار؟

ۋاڭ بىڭ: ئۆزگىرىپ قالمىدۇق، ھازىر مۇنداق ئەھۋال بولۇپ قالدى، كۆپچىلىك سىزنىڭ كۆرسەتمىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەزىلەر تەسىرلەندى، بەزىلەر كۆز يېشى قىلىشتى ۋە دەرھال غىزاغا كىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

زۇڭلى: شۇنداق.

ۋاڭ بىڭ: بىز بەزى ئەھۋاللارنى ئەتراپلىق ئويلاشقاندىن كېيىن، بەزى يولداشلار ئۇنداق قىلىشقا (غىزاغا كىرىشكە) ئۇنىمىدى. يەنە بىرى، سىز ۋاڭ ئېنماۋغا تېلېفون بەردىڭىزمۇ؟

زۇڭلى: بەردىم.

ۋاڭ بىڭ: ۋاڭ ئېنماۋ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ كەتكەن بولسا ئىكەن.

زۇڭلى: بولىدۇ، بولىدۇ.

ۋاڭ بىڭ: لېكىن ۋاڭ ئېنماۋ ھازىرغىچە كەلگىنى يوق.

زۇڭلى: ئەسلىدە. . . (ئاڭلىغىلى بولمىدى) ئۇ مايتاغدا ئىكەن.

ۋاڭ بىڭ: ئۇ مايتاغدا ئىكەن.

زۇڭلى: مەن باياتىن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدىم. ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. سىلەرنىڭ ئۇ يەردە چاتاق چىققانلىقى، باياناتى ئېلان قىلىنغانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كەلمەسلىكىنى، سىلەرنىڭ باياناتىڭلارنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن ئاندىن كېلىشنى ئېيتقانىدىم. شۇڭا ئۇ، تۈنۈگۈن كەچتىن بۈگۈن ئەتىگەنگىچە مايتاغدا بولۇشى مۇمكىن. تۇرغان جايىنى ماڭا دېمىدى، ئۇنى بىر بولسا ھەربىي رايوندا، بىر بولسا ھەربىي رايون دوختۇرخانىسىدىمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، ئۇ مايتاغدا ئىكەن، شۇڭا بۇنى سىلەرگە ئەسكەرتىپ قوياي.



ۋاڭ بىڭ: شۇنداق.

زۇڭلى: مەن ئۇنى ماشىنا بىلەن تېزراق كېلىشنى تاپىلىدىم. . . (ئاڭلىغىلى بولمىدى) سىلەر ئۇنى كۈتۈپ ئېلىپ مېھمانخانىسىدا ساقلاڭلار.

ۋاڭ بىڭ: بولىدۇ.

زۇڭلى: كەلگەندىن كېيىن. . . (ئاڭلىغىلى بولمىدى) مەن ئۇنىڭغا تاپشۇردۇم. ئۇقتىڭىزمۇ؟

ۋاڭ بىڭ: ئۇقتۇم! ئىشىنىمەن. ھازىر، بىرى، ۋاڭ ئېنماۋ كەلمىدى، يەنە بىرى، كۆپچىلىك، بولۇپمۇ ئىشچىلار بۇ مەسىلە بىكىتۈەنىڭلا مەسىلىسى ئەمەس، ئاپتونوم رايوننىمۇ كېڭەيگەن مەسىلە بولۇپ قالدى، دېگەن قاراشتا بولىۋاتىدۇ. چۈنكى، تۈنۈگۈن بىر نەچچە مەكتەپتىكى قىزىل قوغدىغۇچى ئىنسيانچىلار قوماندانلىق شىتابى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا تېلېگراممىا يوللاپ: ۋاڭ ئېنماۋ سائەت 12 دىن بۇرۇن بىكىتۈەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ۋە باشقا بىرنەچچە ئورگانلار ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە قوشۇلمىسا جايلار ئومۇمەن ئاچلىق ئېلان قىلىدۇ، دەپتۇ.

زۇڭلى: بۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ!

ۋاڭ بىڭ: يەنە بىر تەرەپتىن، زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسى قوزغۇلۇپتۇ، كۆپلىگەن زاۋۇتلار ئىشنى توختاتتى.

زۇڭلى: تۈنۈگۈن سىز ماڭا تېلېفون قىلغاندا، يەنە بىر ئىشچى يولداشمۇ ماڭا تېلېفون قىلغانتىغۇ؟

ۋاڭ بىڭ: شۇنداق، شۇنداق.

زۇڭلى: دەرھال ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغانىغۇ؟ نېمىشقا يەنە بىراقلا ئۆزگىرىپ قالىسىلەر؟

ۋاڭ بېك: ھازىر تۆۋەندە مۇشۇنداق ئەھۋال بولىۋاتىدۇ، چېتىلىش دائىرىسىمۇ كەڭ.

زۇڭلى: چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغاندىمۇ، زاۋۇتلار ئاچلىق ئېلان قىلىشقا چېتىلماسلىقى كېرەكتە! بۇ رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ يۈزىگە قارا سۈركىگەنلىك ئەمەسمۇ؟

ۋاڭ بېك: شۇنداق، مەن مۇشۇ ئەھۋالنى زۇڭلىغا دوكلات قىلماقچى ئىدىم، ھازىر ئىشچىلار زۇڭلىنىڭ كۆرسەتمىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، زاۋۇتلاردا دەرھال ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك، ساۋاقداشلار دەرھال غىزاغا كىرىشىشى كېرەك، دېيىشىۋاتىدۇ.

زۇڭلى: شۇنداق.

ۋاڭ بېك: ئەمما، مەسىلە-ۋاڭ ئېنماۋ بىز بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلىرىمىزگە تېخى ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئىشچىلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن «3-سېنتەبىر» ۋەقەسىگە ئوخشاش ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ قويۇلۇشتىن ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ.

زۇڭلى: ئۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ، بىز مەركەز ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈرەيلى.

ۋاڭ بېك: مەركەز بۇيرۇق چۈشۈرەمدا!

زۇڭلى: بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ، بۇ ۋاڭ ئېنماۋنىڭ كاپالىتىدىن ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

ۋاڭ بېك: شۇنداق.

زۇڭلى: ئىشقا چىققاندىن كېيىن، مۇئامىلە ئوخشاش بولىدۇ، مائاشىنى تۇتۇپ قىلىشقا، ئۆچ ئېلىشقا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ. بۇ مەسىلە توغرۇلۇق مەن ھازىرلار بۇيرۇق



چۈشۈرەي!

ۋاڭ بېك: ھازىرقى مەسىلە-ئىشچىلار بىزنىڭ بۇ يەردىكى كۆپ سانلىقلار كۆز قارىشىدىكىلەردىن بەكمۇ ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ زاۋۇتتىكى كۆپ سانلىقلار كۆز قارىشىدىكىلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن.....

زۇڭلى: تەڭلىكتە قالدىڭلار، شۇنداقمۇ؟ بىز ھازىرلا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بۇ ئىشتا ھېچ كىشىنىڭ ئاۋارە قىلماسلىقىنى ئېيتايلى.

ۋاڭ بېك: توغرا، سىز ھەر قانداق كىشىنىڭ ئاۋارە قىلماسلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈڭ. بىزنىڭ بىر شەرتىمىز بار، ۋاڭ ئېنماۋ كېلىپ ئىپادە بىلدۈرسۇن.

زۇڭلى: مەن ۋاڭ ئېنماۋنى ئاللىبۇرۇنلا ئەۋەتكەنلىكىم توغرىسىدا سىلەرگە ئېيتتىمغۇ؟ سائەت 12 دىن بۇرۇن بېرىپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ھازىر ئۈرۈمچىدە. ئۇ، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى بەزى يولداشلارنىڭ بارغۇزمىغانلىقىنى ئېيتتى، بۇنىڭ ئىچىدە زادى نېمە ئىش بارلىقىنى بىلمىدىم...

ۋاڭ بېك: ئۇنى كەلگىلى قويمىغانلىق توغرىسىدىكى ئىشنى بىلمەيدىكەنمەن، بىز كۆپچىلىك ئۇنىڭ بۇرۇنراق كېلىشىنى ئارزۇ قىلىمىز.

زۇڭلى: مەن ئۇنىڭ ھازىرلار بېرىشىنى، ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەمىناتىغا، تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى بۇيراي. مەن بېيجىڭدىن بىۋاستە تېلېگراما ئەۋەتەي.

ۋاڭ بېك: بولىدۇ.

زۇڭلى: مەن بۇ بۇيرۇقنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم

رايونلۇق خەلق كومىتېتى، ھەربىي رايون، بىڭتۇەن ھەم سىلەرگە ئەۋەتەي. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە قاتناشقان بارلىق ئادەملەر، مەيلى ئوقۇغۇچى، ئىشچى، دېھقان، ئورگان خادىمى، شەھەر ئاھالىسى بولسۇن بىردەك كەمسىتىشكە بولمايدۇ.

ۋاڭ بىڭ: سىزنىڭ بۇ بۇيرۇقىڭىز قاچان يېتىپ كېلىدۇ؟

زۇڭلى: ھازىر سائەت 6 بولدى، ھازىرلا تەييارلىنىدۇ، سائەت 8 ئەتراپىدا يېتىپ بېرىشى مۇمكىن.

ۋاڭ بىڭ: ياخشى.

زۇڭلى: قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ساۋاقداشلارغا نەسىھەت قىلىڭ. دەسلەپتە سۇيۇق غىزالىنىپ ئاندىن رەسمىي غىزاغا كىرىشسە بولىدۇ.

ۋاڭ بىڭ: بولىدۇ، بولىدۇ.

زۇڭلى: ئۇنىڭدىن باشقا، سىلەرنى قوللىغانلارغا تەشەككۇر ئېيتىش كېرەك.

ۋاڭ بىڭ: بولىدۇ، بولىدۇ، ئۇلارغا تەشەككۇر ئېيتىمىز.

زۇڭلى: مەن سائەت 8 لەردە بۇيرۇقنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، سىلەرگە تېلېفون قىلىمەن، سىلەر ئۇلارغا ئېلان قىلساڭلار بولىدۇ.

ۋاڭ بىڭ: بولىدۇ، بولىدۇ.

زۇڭلى: يەنە بىرسى، مەن دەرھاللا ۋاڭ ئېنماۋغا تېلېفون قىلىپ سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا بېرىشنى ئېيتاي.

ۋاڭ بىڭ: ماقۇل.

زۇڭلى: مەن سىلەرنى بۈگۈن كېلىدۇ دەپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپلا كەلگەن، كەلمىگەنلىكىڭلارنى سورىغانىدىم.



ۋاڭ بىڭ: ھە، پىلان بويىچە بۈگۈن يېنىڭىزغا بارماقچى ئىدۇق، ئەمما، دوختۇر ماڭغىلى قويمىدى.

زۇڭلى: ئۇنداقتا بىر-ئىككى كۈن كېچىكىپ كەلسەڭلار بولىدۇ.

ۋاڭ بىڭ: بىز ئامال قىلىپ يېنىڭىزغا تېزراق بارىمىز.

زۇڭلى: يەنە بىرسى، باشقا ۋەكىللەرنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ، مېنى ۋاقىپ قىلىڭلار.

ۋاڭ بىڭ: بولىدۇ، بولىدۇ.

زۇڭلى: قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئىشنى ياخشى ئورۇنلاڭ!

ۋاڭ بىڭ: بولىدۇ، مەن چوقۇم ياخشى ئورۇنلايمەن.

زۇڭلى: مەن خاتىرجەم بولدۇم، خوش! (ئۇنىئالغۇغا ئاساسەن رەتلەندى. تېلېفوننى ئالغان ۋاڭ بىڭ بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتكەنلىكتىن، سېلىشتۇرۇشقا ئامال بولمىدى).

شىنجاڭ قىزىل ئىسيانچىلار ئاچلىق ئېلان قىلىش قوماندانلىق شتابى
1966-يىلى 12-ئاينىڭ 24-كۈنى

## 3. ۋاڭ ئېنماۋ شۇجىنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىش مەيدانىغا كېلىشى

12-ئاينىڭ 23-كۈنى سەھەردە، مايتاغدا 3-قېتىملىق كادىرلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان يولداش ۋاڭ ئېنماۋ جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ ئۇنىڭ كۈئېنلۈن مېھمانخانىسىغا بېرىشى توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسىنى ئېلىپ، دەرھال يولغا چىقىپ چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن. ۋەھالەنكى، ئۇ كۈئېنلۈن مېھمانخانىسى

بىلەن ئالاقىلاشقاندا، بېيجىڭدىكى بىر رەھبىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنى كۇئېنلۇن مېھمانخانىسىغا بارغۇزمىدى دېگەن باھانە توقۇغان. ۋاڭ بىڭنىڭمۇ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىكەن. كەچ سائەت 6 دىن ئۆتكەندە، يولداش ۋاڭ ئېنماۋ زوچى (ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى)، لى جىڭشەن (بېيجىڭ سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى) لەر بىلەن كۇئېنلۇن مېھمانخانىسىدىكى ئاچلىق ئېلان قىلىنىۋاتقان نەق مەيدانغا كەلدى. بىرىنچى قەۋەت زالدىكى لېفىت ئالدىدا توسۇپ تۇرغان ئاچلىق ئېلان قىلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئادەملىرى ۋاڭ، زو، لى ئۈچەيلەننىلا لېفىتكە چىقىشقا رۇخسەت قىلىپ، ئەگىشىپ كەلگەن خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھەممىسىنى توسۇپ قالدى. دەسلەپتە ۋاڭ، زو، لىلارغا ئاچلىقتىن ھوشىدىن كەتكەن ئوقۇغۇچىلارنى بىنادىن كۆتۈرۈپ چۈشۈشنى بۇيرىدى. خىزمەتچى خادىملار يېنىدا بولمىغانلىقتىن، بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەربىي جۇۋىسىمۇ قىستا-قىستاڭدا يوقىلىپ كەتتى. بەزىلەر ۋاڭ ئېنماۋدىن ئۆزلىرىنىڭ شەرت-تەلەپلىرىگە نەق مەيداندا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىشىپ، بۇ ئۈچەيلەننى كۇئېنلۇن مېھمانخانىسىنىڭ 2-قەۋەتتىكى زال، يەنى ئاچلىق ئېلان قىلىنىۋاتقان نەق مەيدانغا ئەكىردى، بۇ چاغدا ھەرقايسى قەۋەتلەردىكى ئوقۇغۇچىلار يىغىلىپ، ۋاڭ، زو، لى ئۈچەيلەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. «ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتايلى»، «ۋاڭ ئېنماۋنى ئېتىپ تاشلايلى» دېگەن شوئارلار توۋلىنىشقا باشلىدى.

كېيىن، ۋاڭ ئېنماۋ ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن گىرىم قىلىش ئۆيىگە سولىنىپ داۋاملىق قورشاپ ھۇجۇم قىلىندى (بەزىلەر، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇزۇق كىشىلەرنىڭ ۋاڭ ئېنماۋغا زىيان زەخمەت سېلىشىدىن ئەنسىرەپ دالدىغا ئېلىشى دەيدۇ). ئىشچىلار ئىسيان



كۆتۈرۈش شتابىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر داۋاملىق ئاچلىق ئېلان قىلدى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان چوڭ-كىچىك 11 شەرتتىن باشقا، يەنە بەش شەرتنى غىزاغا كىرىشنىڭ شەرتى قىلدى. يەتتە سائەت قورشاپ ھۇجۇم قىلىنغانلىقتىن، يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ھوشىدىن كەتتى. ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋەكىللىرى بېيجىڭغا 30 ۋەكىلنى ئەۋەتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ۋاڭ ئېنماۋ 15 كە قوشۇلدى، تېلېفوندا ئاڭلاپ تۇرىۋاتقان جۇ ئېنلەي زۇڭلى «ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋەقەسى» نى تېزدىن بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن، 30 ۋەكىلنىڭ كېلىشىگە قوشۇلدى.

12-ئاينىڭ 23-كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 8 دە، 88 سائەت داۋاملاشقان ئاچلىق ئېلان قىلىش ھەرىكىتى جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ بىۋاسىتە غەمخورلۇقىدا بېسىقتى.

بۇ قېتىمقى ئاچلىق ئېلان قىلىشنىڭ كۆلىمى زور بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 1-ئورۇندا تۇردى، بېيجىڭدىن تارتىپ يەرلىككىچە 190 نەچچە ئورۇن، 3000 غا يېقىن ئادەم قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋەقەسىنىڭ تەشكىللىنىشى ئىنتايىن پۇختا بولۇپ، قوماندانلىق شتابىدىكى خادىملارنىڭ كىنىشكىسى ئۈچ تامغا بېسىلغاندىن كېيىن ئاندىن كۈچكە ئىگە بولاتتى؛ ئاچلىق ئېلان قىلىش قوماندانلىق شتابىدا مەخسۇس خادىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر تۇتاش نومۇرى بار ئىدى؛ ئاچلىق ئېلان قىلىشقا قاتناشقانلارغا بىر تۇتاش يول خېتى تارقىتىلغان ئىدى؛ ئاچلىق ئېلان قىلىش نەق مەيدانىدا كېچە-كۈندۈز ئىشىككە قارايدىغانلار بولۇپ، ئاچلىق ئېلان قىلىشقا قاتنىششقا سەپەرۋەرلىك قىلىنغانلار ئالدى بىلەن تىزىملىتىپ، ئاندىن «ئاچلىق ئېلان قىلىش كىنىشكىسى» ئالاتتى، كىرىشكىلا بولاتتى، چىقىشقا بولمايتتى،

ئاچلىقتىن ھوشىدىن كەتكەنلەرنى ئەلۋەتتە يۆتكەپ چىقىپ كېتەتتى.

بۇ قېتىمقى ئاچلىق ئېلان قىلىش ھەرىكىتىنىڭ جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى تېز ھەم كەڭ دائىرىدە بولۇپ، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى، نەچچە سائەتتە بىر چىقىرىلىدىغان «ئاچلىق ئېلان قىلىش تېز گېزىتى» نى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى.

بۇ قېتىمقى ئاچلىق ئېلان قىلىش ھەرىكىتىگە خىزمەت قىلىدىغان قوشۇن ئىنتايىن زور بولۇپ، ئاچلىق ئېلان قىلىنغان تۆت كۈن ئىچىدىلا 1500 كىلوگرام گۈرۈچ، 2000 دىن كۆپ ھور نان (جىڭ موما) 4200 دانىدىن كۆپ بولكا، 500 كىلوگرامدىن كۆپ پېچىنە، 181 كىلوگرام تۇخۇمدا قىلىنغان تورت، 2500 دانە تۇخۇم، 20 نەچچە چېلەك پۇرچاق سۈتى، 875 كىلوگرام ئاق شېكەر.... ئىستېمال قىلىنغانىدى.

تاماق يېيىشكە قوشۇلغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاچلىق ئېلان قىلغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى، بولۇپمۇ ئاچلىق ئېلان قىلىشنى قوللىغۇچىلار ئەسلى خىزمەت ئورنىغا قايتقاندىن كېيىن باشلىقلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن، كۆپ سانلىقلار كۆز قارىشىدىكىلەرنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ كۈنئېنلۈن مېھمانخانىسىدىن ئايرىلمىدى، ئۇلار زۇڭلى ۋەدە قىلغان «بۇيرۇقى» نى كۈتىۋاتاتتى.

## بېيجىڭدىن كەلگەن ئالاھىدە جىددىي تېلېگراما

شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە بۇ قېتىمقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتكومىنىڭ بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلابىي لۇشيەنىنى تەنقىد قىلىشقا قاتناشقان ئىنقىلابىي ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچىلار: مەركەز



شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلابىي لۇشيەنىنى تەنقىد قىلىش ئاممىۋى ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى ئاكتىپ قوللايدۇ.

ئىنقىلابىي ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچىلارنىڭ غەزەپلەنگەنلىكتىن قوللانغان جىم ئولتۇرۇش، ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋە ئىش توختىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى پۈتۈنلەي ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە بىڭتۇەن پارتكومىدا، مەركەز بۇنىڭغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ.

مەركەز ئىنقىلابىي ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچىلارنىڭ مەركەزنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىش ۋە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە قوشۇلغانلىقىدىن بەكمۇ رازى ھەم بۇنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قاتناشقان ۋە ئۇنى قوللىغان بارلىق ئوقۇغۇچى، ئىشچى، دېھقان، شەھەر ئاھالىسى، مۇلازىم ۋە ئورگان كادىرلىرى توغرىسىدا مەركەز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە بىڭتۇەن پارتكومىدىن تۆۋەندىكى ئىشلارغا كاپالەتلىك قىلىشنى بۇيرۇيدۇ:

1. پۈتۈن شەھەر، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى قوللاشقا سەپەرۋەر قىلىش.
2. كۈرەشكە قاتناشقان يولداشلارنىڭ غىزاغا كىرىشى ۋە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى قارشى ئېلىش.
3. زەخىملەنگەن يولداشلارنىڭ كېسىلىنى تېزلىكتە داۋالاش.
4. ھەرقانداق كەمسىتىش ۋە ئۆچ ئېلىش ئىشلىرىنىڭ بولۇشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ.
5. مائاشىنى تۇتۇپ قېلىشقا ۋە خىزمەت ئورنىنى ئالماشتۇرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

6. ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا بولمايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر يۇقارقى كاپالەتكە خىلاپلىق قىلسا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. مەركەز بۇ قېتىمقى ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچىلارنىڭ تېزراق ۋەكىل سايلاپ ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا كېلىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېت گوۋۇيۈەنى

1966-يىلى 12-ئاينىڭ 23-كۈنى

شۇنىڭ بىلەن، بارلىق ئاچلىق ئېلان قىلىشقا قاتناشقان، ئاچلىق ئېلان قىلىشنى قوللىغۇچىلار ئاچلىق ئېلان قىلىش مەيدانى-كۈيىنلۇن مېھمانخانىسىدىن ئايرىلدى.

## 4. بېيجىڭدا

ئاچلىق ئېلان قىلغۇچىلارنىڭ 10 نەچچە ۋەكىلى 12-ئاينىڭ 24-كۈنى ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زۇڭلى مەخسۇس ئايروپىلان ئەۋەتىپ شىنجاڭنىڭ ۋاڭ ئېنماۋ، جاڭ شىچېن، پېي جۇيۇ، جاڭ جۇڭخەن (دىڭ شېڭ بېيجىڭدا ئىدى) قاتارلىق رەھبەرلىرىنى بېيجىڭغا كەلتۈردى.

ئەرز قىلغۇچىلار بېيجىڭغا كەلگەن 2-كۈنى پېي جۇيۇ، دىڭ شېڭلار ئۇلارنىڭ چۈشكۈنىگە يوقلاپ كەلدى ھەمدە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ خاتالىقىنى تونۇدى. شۇ ئاخشىمى مېترولوگىيە ئىدارىسىنىڭ زالىدا ۋاڭ بىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يىغىن ئېچىلىپ دىڭ، پېيلەرنى ئالتە سائەتتىن ئارتۇق



كۈرەش قىلدى.

يولداش جاڭ شىچېن زۇڭلىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن 3-كۈنى تاشقى سودا مىنىستىرلىكىگە بېرىپ ئاچلىق ئېلان قىلغۇچىلار ۋەكىللىرىنى يوقلىدى ھەمدە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تەكشۈردى، مەزكۇر مىنىستىرلىك زالىنىڭ سىرتىدىكى ئوچۇقچىلىقتا كۈرەش يىغىنى ئېچىلىپ، جاڭ شىچېنغا «جاھىل قوماندان» دېگەن قارا تاختاي ئېسىلىپ، ئۈچ سائەت كۈرەش قىلىندى.

قەدىردان جۇ زۇڭلىمۇ 26-كۈنى كەچتە ئاچلىق ئېلان قىلغۇچىلار ۋەكىللىرىنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى ھەمدە ۋەكىللەر ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بارلىقىنى بايقىدى.

ئارقىدىن يەنە بىر چوڭ تۈركۈمدىكى ئاچلىق ئېلان قىلغۇچىلار ۋەكىللىرى پويىز بىلەن بېيجىڭغا كەلدى ھەمدە بېيجىڭدا «ئۇرۇش مەيدانى» ئاچىمىز دېيىشتى، شىنجاڭ «19-دېكابىر» قىزىل ئىسيانچىلىرىنىڭ بېيجىڭغا بېرىش خىتابنامىسىنى تارقاتتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى:

بېيجىڭ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ يۈرىكى، بىز يېتىپ كەلدۇق!

بېيجىڭ، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى، بىز يېتىپ كەلدۇق!

بېيجىڭ، دۇنيا ئىنقىلابىي خەلقلىرىنىڭ بازىسى، بىز يېتىپ كەلدۇق!

بىز ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشىنىڭ يېنىغا كېلىپ چەكسىز بەخت ھېس قىلدۇق، چەكسىز ھاياجانلاندۇق...!

بىزنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىمىز ئىنتايىن جۇشقۇن، بىزنىڭ

ئىنقىلابىي ئىرادىمىز ئىنتايىن مۇستەھكەم!

بىز يېتىپ كەلدۇق، بىز ماۋ جۇشىنى ھەمدە ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى قەتئىي قوغدايمىز! ماۋجۇشى ۋەكىللىكىدىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى قەتئىي قوغدايمىز!

بىز يېتىپ كەلدۇق، بېيجىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى قىزىل ئىسيانچىلار قەتئىي بىرلىشىپ، پارتىيە ئىچىدىكى بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى ليۇ شاۋچى، دېڭ شياۋپىڭ ھەمدە پېڭ جېن، لۇ دىڭيى، لو رۇيچىڭ، ياڭ شاڭكۇن قاتارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي شيۇجىڭجۇيىچىلارنى يوقىتايلى، ليۇ، دېڭ بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەنى بىلەن پىداكارانە كۈرەش قىلايلى!

..........

ۋاڭ ئېنماۋ، جاڭ شىچىن، جاڭ جۇڭخەن، دېڭ شېڭ، پېي جۇيۇ بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەنىدە ماڭدى، ئۇلار ليۇ، دېڭ بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەنىنىڭ شىنجاڭ، بىڭتۇەندىكى سادىق ئىجراچىلىرى ۋە جاھىل ھىمايىچىلىرى.

ئۇلار........

بىز........

ھازىر دېڭ شېڭ جىنايىتىدىن قورقۇپ بېيجىڭغا قېچىپ كېلىۋالدى، ۋاڭ ئېنماۋ، جاڭ شىچىن، جاڭ جۇڭخەن، پېي جۇيۇلەر بۇيرۇق بىلەن بېيجىڭغا چاقىرتىلدى. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ جۇشىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، بېيجىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى قىزىل ئىسيانچىلار بىلەن بىرلىشىپ، ليۇ، دېڭ بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل



لۇشيەنىنى ئۈزۈل-كېسىل بىت-چىت قىلىمىز، ليۇ، دېڭلارنىڭ شىنجاڭدىكى بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەنىنىڭ جاھىل قورغىنىنى پاچاقلاپ تاشلايمىز.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى «19-دېكابىر» قىزىل ئىسيانچىلىرىنىڭ بېيجىڭغا بېرىش ۋەكىللەر ئۆمىكى

1967-يىلى 1-ئاينىڭ 7-كۈنى بېيجىڭ

ئاچلىق ئېلان قىلغۇچىلارنىڭ بېيجىڭغا بېرىپ ئەرز قىلىش ئۆمىكى شىئەن ۋوگزالىدا بىر قېتىملىق «ئىسيان كۆتۈرۈش» ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. زور تۈركۈمدىكى ئاچلىق ئېلان قىلغۇچىلار ۋەكىللىرى 1-ئاينىڭ 6-كۈنى كەچتە شىئەنگە يېتىپ كېلىدۇ. پويىز كىچىككەنلىكتىن شۇ كۈنى كەچتە بېيجىڭغا ماڭىدىغان پويىزغا ئۈلگىرەلمەيدۇ. كېيىن ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ 7-كۈنى كەچ سائەت 11 دە 80-قېتىملىق تېز پويىزغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا ماڭماقچى بولىدۇ. نەتىجىدە، شۇ كۈنى بۇ قېتىمقى پويىزغا چىقىدىغانلار بەك كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، كۆپ قىسىملىرى پويىزغا چىقالمايدۇ، نەچچە يۈزلىگەن كىشى ۋوگزالدا قىسىلىپ تۇرۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، پويىز قوزغىلىش ئالدىدا ئۇلار ئىسيان كۆتۈرىدۇ، كۆپلىگەن كىشى بايراق كۆتۈرۈپ رېلىستا تۇرىۋېلىپ پويىزنى ماڭغىلى قويمايدۇ، ئاللىبۇرۇن پويىزغا چىققانلار قايتىدىن چۈشىدۇ. ئۇلار ۋوگزالنىڭ دەرىزە ئەينەكلىرىنى چېقىپ، رادىئو ئاڭلىتىش ئۆيىنى ئىگىلىۋالىدۇ. ئىككى رېلىسنى توسۇۋالىدۇ. ۋوگزال مەسئۇلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بىلەن ئالاقىلاشقاندىن كېيىن، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى مەخسۇس پويىز ئاجرىتىشقا قوشۇلىدۇ. شىئەن پويىز ئىستانسىسى باۋجىغا قاتنايدىغان پويىزنى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى

بېيجىڭغا ئاپىرىدىغان ۋاقىتلىق مەخسۇس پويىز قىلىپ يۆتكەيدۇ.

بۇ قېتىمقى ۋەقە 7-كۈنى كەچ سائەت 11 دە، باشلىنىپ ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 5 كىچە 7 سائەت داۋاملىشىدۇ.

فېۋرال ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جياڭ چىڭ جاڭ جۇڭخەننىڭ ئىسمىنى ئاتىغاندىن كېيىن، ئاچلىق ئېلان قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ زالىدا جاڭ جۇڭخەننى كۆرەش قىلدى. ئۇلار جاڭ جۇڭخەننى يىغىن زالىغا ئەكىرىپ رەئىس سەھنىسىدە تىزلاندۇرۇپ تۇرغۇزۇپ، چاچلىرىنى تارتىپ، قوللىرىنى قايرىپ، 5 سائەتتىن ئارتۇق كۆرەش قىلدى.

زوڭلى ئىشخانىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن جاڭ جۇڭخەن يەنە كۆپ سانلىقلار كۆز قارىشىدىكىلەر ئاچقان كۆرەش يىغىنىغا قاتناشتى. كۆپ سانلىقلار كۆز قارىشىدىكىلەر بېيجىڭدا ئادىمى ئاز بولغانلىقتىن، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن جاڭ جۇڭخەننى باشقىچە ياساندۇرۇپ پويىز بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى ھەمدە 1-ئاينىڭ 19-كۈنى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا 100 مىڭ كىشىلىك كۆرەش يىغىنى ئاچتى. ئۇ ۋاقىتتا زوڭلى ئىشخانىسى كۆپ قېتىم جاڭ جۇڭخەننىڭ دېرىكىنى قىلغان بولسىمۇ، بېيجىڭدىكى شىنجاڭ رەھبەرلىرى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. جاڭ جۇڭخەن ئۈرۈمچىدىكى كۆرەش يىغىنىدا پەيدا بولغاندىن كېيىن، رەھبەرلەر جاڭ جۇڭخەننىڭ بىخەتەرلىكىدىن بەكمۇ ئەنسىرەشتى. جاڭ جۇڭخەننىڭ يۈرەك كېسىلى بار ئىدى، ئادەتتە ئايروپىلانغا چىققاندىمۇ دوختۇرلار ھەمراھ بولاتتى، ئامما بۇنى بىلمىگەنلىكتىن ئۇنى 8-7 كۈن پويىزدا ئولتۇرغۇزىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھورنان بىلەن سوغۇق سۇلا بېرىدۇ. بەختكە يارىشا ئۇ ھېچنېمە بولمايدۇ.



جاڭ جۇڭخەن بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن سىرت بىلەن ئايرىۋېتىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا مەخسۇس قاراشقا بەلگىلەندىم. ئۇنىڭ ھەر ئايلىق خىراجىتى 50 يۈەن بولۇپ، تاماقىغا 15 يۈەن كېتەتتى، ھەر ۋاخ تاماقىغا ئىككى تەخسە قورۇما ۋە بىر چىنە كۆكتات شورپىسى بېرىلەتتى، ئۇ بۇنىڭغا رازى ئىدى. «داچيەنمېن»، «خېڭدا» دېگەنگە ئوخشاش ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماكا ئېلىشقا بولاتتى. ئۇ «جۇڭخۇا» ماركىلىق تاماكىنى چەكمەكچى بولغاندا، مەن قوشۇلمىدىم. كېيىنچە بىز چىقىشىپ كەتتۇق. پۇل تېجىلىپ قالغاندا ئېلىپ بېرىدىغان بولدۇم.

مەن جاڭ جۇڭخەن بىلەن ئىككى ئايدىن ئارتۇق بىللە بولدۇم، دەسلەپتە ئېھتىياتچان بولۇپ ئارتۇقچە سۆز قىلمىدىم. مەن قىسىمدا ئالاقىچى بولغانىدىم، شۇڭا ئىشلارغا خېلى چاققانىدىم. مەن ھەم مۇھاپىزەتچىلىك قىلاتتىم، ئۇ مېنىڭ شىنجاڭغا كەلگىنىمگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، مېنى ساددا، كىچىك دەپ بىلىپ، مەندىن ئانچە پەخەس بولمايدىغان بولدى. ئۆزئارا پاراڭلىشىدىغان بولدۇق. مەن ئۇنىڭدىن: يالغاندىن ئاغرىق بولىۋالدىڭىزمۇ، دەپ سورىسام، ئۇ راستىنلا ئېغىر يۈرەك كېسىلى بارلىقىنى ئېيتتى.

شىنجاڭدا، ئۈرۈمچىدە «19-دېكابىر» ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى، ئارقىدىنلا 1967-يىلى 1-ئاينىڭ 26-كۈنى شىخەنزىدە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدىكى مەملىكەت بويىچە تۇنجى قورال بولاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ كۆپلىگەن كىشى ئۆلدى. بۇنىڭ بىلەن مەركەز شىنجاڭ مەسىلىسىنى قەتئىي بىرتەرەپ قىلىش قارارىغا كەلدى. شىنجاڭنىڭ يەرلىك، ھەربىي، بىڭتۇەننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى بېيجىڭغا چاقىرىپ يىغىن ئاچتى، يىغىنغا كۆپ سانلىقلار كۆز

قارشىدىكىلەر ۋەكىللىرىمۇ قاتناشتى. كۆپ سانلىقلار كۆز قارشىدىكىلەر جامائەت پىكرى توپلاش ئۈچۈن، مېھمانخانىنىڭ 5-قەۋىتىدىكى كىچىك يىغىن زالىدا «جاڭ جۇڭخەنىڭ چېرىكلەشكەن ماددىي بۇيۇملار كۆرگەزمىسى» ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى جياڭ چىڭ ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆرگەزمىنى كۆرگىلى كېلىدۇ، ئۇ ۋاڭ جېنىنىڭ جاڭ جۇڭخەنگە بېرىڭ، دەپ ۋاڭ ئېنماۋغا بەرگەن ئېغىزى ئېچىلمىغان خېتىنى كۆرۈپ، ۋاڭ ئېنماۋغا: 10 يىل بۇرۇن سىزگە بېرىلگەن بۇ خەتنى (لىپاپ ئۈستىگە 1955-يىلى 9-ئاي دەپ يېزىلغانىدى) ئەمدى ئاچسىڭىز بولىدۇ، دەيدۇ. ۋاڭ ئېنماۋ خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ كۈلۈپ كېتىدۇ ۋە خەتنى جياڭ چىڭغا بېرىدۇ. جياڭ چىڭ خەتنى ئوقۇپ، ۋاڭ جېن جاڭ جۇڭخەنگە بەكمۇ كۆيۈنىدىكەن ئەمەسمۇ-دەيدۇ! ئەسلىدە ئۇ خەتتە ۋاڭ ئېنماۋنى جاڭ جۇڭخەنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىپ قويۇڭ، دېيىلگەنىدى.

مەن جاڭ جۇڭخەن بىلەن مۇڭداشقىنىمدا بۇ ئىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. ئۇ: مەن ھەر قېتىم بېيجىڭغا كەلگىنىمدە يولداش ۋاڭ جېننى يوقلايتتىم. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇ مېنىڭ رەھبىرىم ئىدى، بىزنىڭ ھايات قېلىشىمىزنىڭ ئۆزى بىر چوڭ بەخت، بىر قېتىم مەن ئۇنى يوقلاپ بارغىنىمدا، ئۇ مەن توغرۇلۇق بەزى ئىنكاسلارنى ئاڭلىغانلىقىنى، مېنىڭ دىققەت قىلىشىمنى ئېيتتى ھەمدە مېنىڭ ئالدىمدىلا ۋاڭ ئېنماۋغا خەت يازدى، مەن خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغانلىقىمدىن خەتنى ۋاڭ ئېنماۋغا بەرمىگەنىدىم ھەم بېرىشىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ياش ۋاقتىلىمىزدا بىز كاللىمىزنى قولتۇقىمىزغا قىستۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشاتتۇق، قايسى كۈنى نېمە بولىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيتتۇق، شۇنداق ئەھۋالدا ئاياللارنى ئويلايدىغان نەدە چولا بولسۇن، دېدى.



مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا شىنجاڭدا: «ۋۇ، لۇ، جاڭ، يى، باۋلارنى يوقىتايلى» دېگەن شوئار بار ئىدى، مەن: ئەمەلىڭىز ئۇنچە چوڭ ئەمەس، ئالدىڭىزدا يەنە ئىككى ئادەم بار. . . . دېگىنىمدە، ئۇ: سىز ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيسىز، شىنجاڭدا ئۈچ كىشىنىڭ ھوقۇقى ئەڭ چوڭ، يەرلىكتە ۋاڭ ئېنماۋنىڭ دېگىنى ھېساب، ھەربىي رايوندا گو پېڭنىڭ دېگىنى ھېساب، بىڭتۇەندە مېنىڭ دېگىنىم ھېساب؛ شىنجاڭدا «زىم» ماركىلىق پىكاپتىن ئۈچىلا بار ئىدى، بىز ئۈچەيلەن ئولتۇرىمىز، شىنجاڭ خۇددى ئۈچ پادىشاھلىققا ئوخشايدۇ. ئەمما ھەممىمىز كومپارتىيە ئەزاسى بولغاچقا، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ گېپىنى ئاڭلايمىز، دېدى.

كېيىنچە بىز ھەممە ئىش توغرىسىدا سۆزلىشىدىغان بولدۇق. كۈنبويى ئىككىمىزدىن باشقا كىشى ۋە باشقا پائالىيەت بولمىغاچقا، پاراڭدىن باشقا ئىش يوق ئىدى. جاڭ جۇڭخەن سۆزمەن، بىلىمى مول، سۆز قابىلىيىتى يۇقىرى كىشى ئىدى. ئۇ ماڭا، بىڭتۇەنگە قايتىپ خىزمىتى ئەسلىگە كەلسىلا، مېنى لىيەنجاڭلىققا ئۆستۈرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

جاڭ جۇڭخەننى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كۆرەش قىلىش ساۋىقىنى قوبۇل قىلغان ئىسيانچىلار ۋاڭ ئېنماۋنى كۆرەش قىلماقچى بولدى. زوڭلى ئىشخانىسى ئىككى كۆز قاراشتىكى ئاممىنىڭ ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشىنى، كۆرەش ئورنىنىڭ مېھمانخانا دەرۋازىسى يېنىدىكى كۈتۈۋېلىش ئۆيىدە بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. كۆرەش يىغىنىدا بىر تەرەپ راست كۆرەش قىلدى، يەنە بىر تەرەپ يالغان كۆرەش قىلىپ ئەمەلىيەتتە قوغدىدى. ۋاڭ ئېنماۋ ئالدىرىماي سۆز قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەۋەب تاپالمىغاچقا ئىككىلا تەرەپ زېرىكىپ، ئىككى سائەتتىن كېيىن كۆرەشنى بولدى قىلدى.

جۇ زۇڭلى بېيجىڭغا كەلگەن ئاچلىق ئېلان قىلغۇچىلار ۋەكىللىرىنى كۆپ قېتىم قوبۇل قىلدى، 1967-يىلى 3-ئاينىڭ 4-كۈنى سائەت 20 دە، جۇڭنەنخەيدە شىنجاڭدىكى نەچچە تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغاندا ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋەقەسىنى ئەگىتىپ تەنقىد قىلدى.

زۇڭلى: تۈنجى قېتىم كۆرۈشكەندىلا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم، ئوخشاش بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىدە ئۈرۈمچىدىلا پىكىر بىرلىكى يوق ئىكەن. مېھمانخانىغا چۈشكەندىن كېيىن، مەن خاتىرجەم بولالماي كەچتىلا يوقلاپ باردىم. مېھمانخانىغا بارغاندىن كېيىن زىددىيەت ئاشكارىلاندى، ئالدى بىلەن ئاچلىق ئېلان قىلىشنى قوللىغۇچى يەرلىكتىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىشچىلار سىلەر بىلەن بىرگە بولۇشنى قوللىمىدى ۋە خالىمىدى. ئىككىنچىدىن، ئاچلىق ئېلان قىلىشنى قوللىغۇچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس، ئىختىلاپ بار، بىر قىسمى بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. ئىككىنچى كۈنى ئايرىم قوبۇل قىلدىم، بىرىنچى قېتىم قوبۇل قىلغىنىم ۋاڭ بىڭ بولدى. ئۇلار ئاچلىق ئېلان قىلغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى ئىدى، مەن ئۇلار تولدۇرغان جەدۋەلنى كۆرۈپ، ئاچلىق ئېلان قىلمىغانلاردىن 5 نەپەر بارلىقىنى بايقىدىم، ئۇلار بىڭتۇەن ئورگىنىنىڭ خادىملىرى ئىكەن، ئۇلار ئوقۇغۇچىمۇ ئەمەس، ئىشچىمۇ ئەمەس، بەلكى ئورگان كادىرى، يەنى كېلىپ سىياسىي قانۇن بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، سەنئەت ئۆمىكىدىن ئىكەن. مەن سىلەر ئاچلىق ئېلان قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىلى تۇرۇپ نېمىشقا ئاچلىق ئېلان قىلمايسىلەر؟ دېسەم، ئۇلار بىز ئارقا سەپ ئىشلىرىغا مەسئۇل دېيىشتى.

مېنىڭچە بۇنداق ئاچلىق ئېلان قىلىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس! مەن



هازىرغىچە 5-6 قېتىملىق ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋەقەسىنى بىرتەرەپ قىلىپ بەزى تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدۇم، ئەمدى ئاچلىق ئېلان قىلىش توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىسام بۇرۇنقىدەك جىددىيلەشمەيمەن. تۈنجى قېتىم شىئەندە يۈز بەرگەندە مەن جىددىيلىشىپ تېلېفون يېنىدىن خېلى ۋاقىتقىچە كېتەلمىدىم، سىلەرنىڭكى 4-5-قېتىملىقى ھېسابلانسىمۇ، مەن يەنىلا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدىم. ئاچلىق ئېلان قىلىشقا نىسبەتەن ئۈچ تۈرلۈك تەجرىبىگە ئىگە بولدۇم، بىرى، ئەگەر بەزىلەر مۇراجىئەت قىلىپ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن ئاچلىق ئېلان قىلسا، مەن ئۇلارنى ئاچلىق ئېلان قىلماسلىققا دەۋەت قىلىمەن، چۈنكى رەئىس قورساق توق، ئۈيقا ياخشى بولغاندا روھلۇق بولغىلى بولىدۇ، پىكىر ئىقتىدارى بولىدۇ، دېگەن؛ ئەگەر كېيىنمىگە كىرمىسە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلار بىلەن بىرگە ئاچلىق ئېلان قىلىمەن. ماڭا ئوخشاشلار 2-3 كۈن ئاچلىق ئېلان قىلىپلا يىقىلىپ قېلىشى مۇمكىن، سىلەردەك ياشلارمۇ 10-20 كۈن بەرداشلىق بېرەلىشىڭلار مۇمكىن، مېنىڭ يېشىم سىلەردىن چوڭ، 70 ياشقا يېقىنلاپ قالدىم، مەن ئاچلىق ئېلان قىلسام، بەزىلەر كېلىپ ياشىنىپ قالدىڭىز، ئاچلىق ئېلان قىلسىڭىز يىقىلىپ قالىسىز، ئۇنداق قىلماڭ دەپ نەسىھەت قىلىشى مۇمكىن. سىلەر مېنىڭ يىقىلىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەيسىلەر، مەن سىلەرنىڭ يىقىلىپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرىمەيمەنمۇ؟ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئاچلىق ئېلان قىلمىغان، ئەمما ۋەكىل بولغانلار بار ئىكەن، مەن بۇنى شۇ چاغدىلا بىلگەن، ئەمما ئوتتۇرىغا قويمىغانىدىم. شۇ چاغدا ئۇلار خاتالىقىنى تونۇدى. هازىر ئارقا تىرەكنىڭ كەم ئىكەنلىكى ئايان بولدى، بېيجىڭدا 10 نەچچە كۈن

يىغىن ئېچىلغان. . .

زۆڭلى ئېيتقان يىغىن 1967-يىلى 2-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 3-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە بېيجىڭنىڭ جىڭشى مېھمانخانىسىدا ئېچىلغان شىنجاڭدىكى بىڭتۇەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى يىغىن بولۇپ، زۆڭلى يىغىننىڭ ئېچىلىش ۋە يېپىلىش كۈنىلا قاتنىشىپ، يې جيەنيىڭنى رىياسەتچىلىك قىلىشقا ھاۋالە قىلغان. زۆڭلى 3-ئاينىڭ 3-كۈنى يىغىن ئاياقلاشقاندا ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋەقەسى توغرىسىدا ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىلىك ۋە سەمىمىيلىك بىلەن: ئۇ ۋاقىتتا بۇنداق چوڭقۇر چۈشەنمىگەن بولسامىمۇ، باشقىلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدىم. ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ 3-كۈنى مەن ھەربىي رايون، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىن سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئاچلىق ئېلان قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىلىنى تاپالمىدىم، بۇنىڭدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ گېپىگە خەق كىرمەيدۇ، شۇڭا مەن جاڭ جۇڭخەنگە بىۋاستە تېلېفون بەردىم. ئۇنى دوختۇرخانىدىن تېپىپ، ئۇنىڭغا ئاممىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ باشلامچىسىنى تېپىشنى ئېيتتىم، ئۇ ماڭا: «ئاغرىپ قېلىپ بىر ئايدىن بۇيان بالنىتسادا يېتىۋاتىمەن، ئاممىمۇ گېپىمىزگە كىرمەيدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ئۆزۈڭىز بارمىسىڭىزمۇ، ماڭا ۋاكالىتەن ئاچلىق ئېلان قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىلىنى تېپىڭ، مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن دېدىم. ئۇ رەت قىلىشقا ئامالسىز بولۇپ، ئاچلىق ئېلان قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىلىنى تاپتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتىم. بۇ تېلېفون قىززىق لىنىيە ئىدى. . .

يې جيەنيىڭ، نې رۇڭجېن، شۇ شياڭچيەنلەر يىغىن ئاياغلاشقاندا سۆز



قىلدى. شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، جاڭ شىچىن، جاڭ جۇڭخەن، دىڭ شېڭ، پېي جۇيۇ، لىن بومىن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىرىدىن چېن مەنيۈەن، ليۇشىڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن رەھبەرلەر يىغىن قاتناشچىلىرى بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى.

يولداش جاڭ جۇڭخەن شۇنىڭدىن باشلاپ سىياسىي سەھنىدىن ئايرىلدى. ئۇ كېيىن ئاقلانغان بولسىمۇ، ئەمما 10 يىللىق تىراگېدىيىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى-دە، . . .

1966-يىلى 12-ئاينىڭ 19-كۈنى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن پۈتۈن مەملىكەتنى زىل-زىلىگە سالغان ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋەقەسى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى ئىقتىساد تەرەققىيات باش شىركىتىنىڭ سابىق شۇجىسى، بىڭتۇەن رەھبەرلىرىنىڭ كاتىپى بولغان، جۇئېنلەي زۆڭلىنى 3 قېتىم كۆرگەن. شۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان، بۇ ماقالىدىكى ۋەقەلەر ئاپتورنىڭ بىۋاستە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى)

تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى

# پارتىيىنىڭ بىڭتۇەندىكى بىرلىك سەپ خىزمىتى

لۇ جېنيۇن

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 1954-يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان 50 يىلنى باشتىن كەچۈردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 1975-يىلى 3-ئايدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تۈزۈلمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1981-يىلى 12-ئايدا مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، بىڭتۇەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىڭتۇەندىكى ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا تايىنىپ، ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئالدىنقىلار ياراتقان شانلىق نەتىجىلەر ئاساسىدا داۋاملىق يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 2001-يىلى يېزا ئىگىلىك دىۋىزىيىلىرى 1954-يىلدىكى 10 دىن 14 كە كۆپەيدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى 43 تىن 174



كە كۆپەيدى. بىرلا بىناكارلىق قۇرۇلۇش دىۋىزىيىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆلىمى 50-يىللارغا قارىغاندا زور دەرىجىدە كېڭەيدى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە 2 ئالىي مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 14 مىڭ 490 غا يېتىدۇ؛ 3 چوڭلار ئالىي مەكتىپى بار؛ 286 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 147 مىڭ 905 كە يېتىدۇ؛ 417 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 291 مىڭ 752 گە يېتىدۇ. 2001-يىلى، بىڭتۇەننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى دەسلەپتە قۇرۇلغان چاغدىكى 170 نەچچە مىڭدىن كۆپىيىپ 2 مىليون 400 مىڭغا يەتتى؛ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى دەسلەپكى 118 مىليون يۈەندىن 19 مىليارد 600 نەچچە مىليون يۈەنگە كۆپەيدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە بىڭتۇەننىڭ 2-، 3-كەسىپلىرىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بىڭتۇەن شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا، پارتىيىمىز بىرلىك سېپىنىڭ بىڭتۇەندىكى ئورنى ۋە رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، پارتىيىمىزنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتى بىڭتۇەندە ئىزچىللاشتۇرۇلمىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلمىغان بولسا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى تولۇق بولمايتتى. شۇڭا، بىڭتۇەننىڭ بۇرۇنى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنى پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتى بىلەن زىچ

بىرلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا تارىختا، رېئاللىقتا ئۇيغۇن كېلىدۇ، بۇ بىڭتۇەننىڭ ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىشىشنى كۈچەيتىش شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىدىكى مۇھىم ھالقا

كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى تەلىم-تەربىيىنى چوڭقۇر ۋە ئۇزۇن مۇددەت ئېلىپ بېرىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى شۇنداقلا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ چوڭ ۋەزىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بولغان بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەندىلا سىياسىي مۇقىم بولىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىدۇ، ئىگىلىك گۈللىنىدۇ. مۇشۇنداق تونۇشقا ئىگە بولغانلىقتىن، بىڭتۇەندىكى ھەردەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش بىلەن ئايرىم تەربىيىلەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش؛ رەھبەرلەر تەربىيىلەش بىلەن ئامما ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش؛ نەزەرىيە بىلەن تەربىيىلەش، داۋلى چۈشەندۈرۈش بىلەن نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، سىرتقا چىقىرىش بىلەن كىرگۈزۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق كۆپ خىل



شەكىللەر ئارقىلىق بىڭتۇەننىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى؛ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلقنى باياشات قىلىشنى، بىڭتۇەندىكى كادىر ۋە ئاممىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. بىڭتۇەندىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ يەرلىكتىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە تېخىمۇ پايدىلىق. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ھەممىدىن چوڭ زىيان تارتىدۇ. شۇڭا ئەتراپلىق، چوڭقۇر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە تايىنىپ، بىر-بىرىدىن ئايرىلماسلىق ئىدىيىسىنى پۇختا تىكلەپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ تەرەققىياتى ۋە زورىيىشى ئۈچۈن پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس سالدى.

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ئەستايىدىللىق بىلەن ھۆرمەت قىلدى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى ھەردەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كادىرلار ۋە ئامما ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ياشاش ئۈچۈن ۋە روناق تېپىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئاڭلىق ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. شۇڭلاشقا، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بىڭتۈەندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاممىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلسىمۇ بولىدىغان، ئېتىقاد قىلمىسىمۇ بولىدىغان؛ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلسىمۇ بولىدىغان، ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلسىمۇ بولىدىغان؛ ئىلگىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىپ، ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلمىسىمۇ بولىدىغان، ئىلگىرى دىنغا ئېتىقاد قىلمىغان بولسا، ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلسىمۇ بولىدىغان ئەركىنلىكىدە چىڭ تۇردى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ توغرا پىكرى ۋە تەكلىپىگە ھۆرمەت قىلىپ نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى پائال قوللىدى، بارلىق قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قەتئىي زەربە بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى فېئوداللىق خۇراپاتلىقتىن پەرقلەندۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئاڭلىق ھۆرمەت قىلدى. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىش نەتىجىسىدە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئامما ئىتتىپاقلاشتۇرۇلدى ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلدى.

شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، ھەر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ياردەم قىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئىزچىل نىشان قىلغان ئاساسىي مەقسىتى ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك ۋەزىپىسى. شۇڭلاشقا، 1954-يىلى



بىڭتۈەن قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىلا ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، تېجەش ۋە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق بەرپا قىلغان زاۋۇتلارنى يەرلىككە ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بەردى؛ 1975-يىلى بىڭتۈەننىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، يەنە بىر تۈركۈم زاۋۇت يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ زاۋۇتلارنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭنىڭ تايانچ كارخانىلىرى سۈپىتىدە، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئۆز ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مەبلەغ توپلاپ يەرلىكنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى سالالاشتۇرۇش، ئورمان بەلۋىغى بەرپا قىلىش، يول، كۆۋرۈك ياساش ۋە ئاھالىلار ئولتۇراق نۇقتىسى بەرپا قىلىشىغا پائال ياردەم بەردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇرۇنقى تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، نەچچە ئون مىليون مەبلەغ سەرپ قىلىپ شىنجاڭدىكى 58 ناھىيىدە 100 گە يېقىن تۇرنى پىلانلاپ بەرگەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەملىشىپ، مىليون مودىن ئارتۇق يەرنى ۋاكالىتەن ھەقسىز تېرىپ بەرگەن، 100 كىلومېتىرغا يېقىن ئۆستەڭ ياساپ بەرگەن، 2000 دىن ئارتۇق كۆۋرۈك-سۇڭگۈچ ياساپ بەرگەن، 300 كىلومېتىرغا يېقىن يول ياساپ بەرگەن، 100 توننىدىن ئارتۇق خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ياردەم قىلغان، تۆت مىليونغا يېقىن سورتلۇق ئۇرۇق، 3000 تۇياقتىن ئارتۇق سورتلۇق چارۋا ھەدىيە قىلغان، 80 مىڭغا يېقىن ماشىنا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىپ بەرگەن. 1982-يىلى بىڭتۈەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، يەرلىكتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قىلغان ياردىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان، 15

مىليون مودىن ئارتۇق يەرنىڭ زىرائىتىنى ئۇرۇپ بەرگەن، 500 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق سورتلۇق ئۇرۇق بىلەن تەمىنلىگەن، 500 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئۆستەڭ ياسىغان، 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول ياسىغان. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بىڭتۈەن ئىزچىل تۇردە يەرلىككە پەن-تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتى، داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتىپ، يەرلىكتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۇردى، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگەتتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقىنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، كېسەلنى داۋالىشى ئۈچۈن ياردەم بەردى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ دېھقانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، يول قۇرۇلۇشى يەرلىكتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆگىنىش ئۈرنىكى بولدى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ يەرلىككە ئۇزاقتىن بۇيان كۆپ تەرەپلىمە ياردەم بېرىشى، يەرلىكتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە زور رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرگە قارىتا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش، ئىشلىتىش فاڭجېنىنى قوللىنىپ، 100 مىڭلىغان تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. گېنېرال تاۋ سىيۈ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا تارىخىي تۆھپە قوشتى. بىڭتۈەندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلارغا قاراتقان سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقەتكە



قايتقان ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. ھەقىقەتكە قايتقان ئوفىتسېرلار ئىچىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر سىياسىي ئىپادىسى ۋە خىزمەت قابىلىيىتىگە ئاساسەن بىڭتۈەن، دىۋىزىيە، تۈەن، يىڭ، لىيەنلەرنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە قويۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇنقى بىڭتۈەننىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى گېنېرال تاۋ سىيۈ ئۈستىگە ئالدى؛ مۇئاۋىن باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ھەقىقەتكە قايتقان گېنېراللار ئۈستىگە ئالدى. بىڭتۈەننىڭ ھەر قايسى دىۋىزىيە، تۈەن رەھبەرلىك بەنزىسى ئىچىدە ھەقىقەتكە قايتقانلار خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلىگەندى. بىڭتۈەن دىۋىزىيە، تۈەن دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ باش شتاپ، ئارقا سەپ بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلار ئۈستىگە ئالدى. تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلار ئىچىدىكى نەچچە ئون مىڭ كىشى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. كۆپ قىسىم ھەقىقەتكە قايتقان ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر بىڭتۈەندە چېنىقىپ ۋە سىناقتىن ئۆتتى. كۆپ قىسىملىرى مۇنەۋۋەر رەھبەر، مۇتەخەسسىس ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ يېتىشتى، كۆپ قىسمى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولدى، شىنجاڭدا ھەقىقەتكە قايتقان خادىملار بىڭتۈەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتىيىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرگە قاراتقان فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەڭ ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. ئەمەلىيەت، بۇ فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە

توغرا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بىلىمگە ھۆرمەت قىلىپ، ئىختىساسلىقلارنى قەدىرلەپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ھەربىي خاراكتېرنى ئالغان تەشكىلات بولغاچقا، سىياسىي جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، ئەمما، يەنە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ. بۇ جەھەتتە ۋاڭ جېن ئاقساقال بىڭتۇەندە ئۈلگە ئىدى. ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى مىسالغا ئالساق، سىياسىي جەھەتتىكى خاتالىق تۈپەيلىدىن، كۆپلىگەن مۇتەخەسسىس، ئالىم، شائىر، يازغۇچىلار ناھەق ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغاندا، ۋاڭ جېن ئاقساقال پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ قورقماس جاسارىتى ۋە كەڭ قورساقلىقى بىلەن ئوڭچىللىققا قارشى كۈرەشتە كۈرەش قىلىنغان ۋە بىرتەرەپ قىلىنغان بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىس، ئالىم، شائىر، يازغۇچىلارنى بىڭتۇەنگە يۆتكەپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلارنىڭ داۋاملىق ھەر تۈرلۈك تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كۆپ جەھەتتىن قۇلايلىق يارىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم زىيالىيلار قوغدىلىپلا قالماي، پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى ھىمايە قىلىندى، بىڭتۇەننىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇ كەڭ زىيالىيلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. داڭلىق شائىر ئەي چىڭ ئوڭچىللىققا قارشى كۈرەشتە خاتا بىر تەرەپ قىلىنىپ «ئوڭچى» قىلىپ قويۇلۇپ، روھىي جەھەتتە كۆپ ئازاپ تارتقانىدى. ۋاڭ جېن ئاقساقال ئۇنى شىخەنزىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياخشى خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بەردى ھەمدە ئۇنىڭ داۋاملىق ئەدەبىي



ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللىدى ۋە رىغبەتلەندۈردى. ئۇنىڭ بىڭتۇەننى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئۆزى بىۋاسىتە باشلاپ جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭلارغا باردى. ئۇنى ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستى قاتارىدا بىڭتۇەندىكى كەڭ كادىر ئاممىغا تونۇشتۇردى. بۇ ئەي چىڭغا بولغان ھۆرمەت ۋە رىغبەتلەندۈرۈش بولۇپلا قالماي، يەنە ئەي چىڭغا ئوخشاش ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە بولغان ھۆرمەت ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئىدى. بۇ زىيالىيلار پەن-تېخنىكا، مائارىپ، سەھىيە سەپلىرىدىلا ئەمەس، يەنە مەدەنىيەت-سەنئەت سەپلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق بىڭتۇەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

كۆپلىگەن ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنى بىڭتۇەننىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇپ، بىڭتۇەننىڭ ئىقتىسادى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشتى. ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بىڭتۇەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 1955-ۋە 1956-يىللىرى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ خېبېي، خېنەن، جياڭسۇ، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىن نەچچە مىڭلىغان ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ بىڭتۇەننىڭ قۇرۇلۇش قوشۇنىغا سەپلىدى. 60-يىللارغا كەلگەندە، يەنە شاڭخەي، بېيجىڭ، تيەنجىن، ۋۇخەن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئون نەچچە مىڭ زىيالىي ياشنى شىنجاڭ

ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنگە كېلىپ بوز يەر ئېچىپ، چېگرا رايوننى قوغداش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى، كۆپلىگەن زىيالىي ياشلار بىڭتۇەندە چېنىقىپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدى، ئۇلار بىڭتۇەننىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مۇئەييەن مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بىر تۈركۈم ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى. بۇ قوشۇندا بىر تۈركۈم كىشى سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 1-سېپىدىكى تايانچ كۈچكە ئايلاندى، بىر تۈركۈم كىشى مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە سېپىدىكى ئاساسىي كۈچكە ئايلاندى، كۆپلىگەن كىشى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىڭتۇەن باش شتابى، دىۋىزىيە ۋە تۇەن، مەيدان، زاۋۇتلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئىچىدە بۇ زىيالىي ياشلار خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلىدى. بۇ زىيالىي ياشلار نەچچە يىل مابەينىدە بىڭتۇەنگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە بىڭتۇەندىكى مەدەنىيەتلىك، بىلىملىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە شىنجاڭدىكى ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى 1-ئەۋلاد ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي خادىملارنىڭ ئاساسىي ۋارىسىغا ئايلاندى. ئۇلار ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى 1-ئەۋلاد ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، دەۋرگە مۇناسىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلىدى. شىنجاڭ بىڭتۇەننىڭ بۈگۈنكىدەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىدە ئۇلارنىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد رەھبەرلەرنىڭ ئېسىل ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارىي قىلدۇرۇپ، ۋەزىپىسىنى



جان-دىل بىلەن ئادا قىلىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك خىزمىتىنى ھەقىقىي ئىشلىگەنلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەمەلىيەت، ھەرقانداق رايون، ھەرقانداق ئورۇنلار خىزمىتىنىڭ روناق تېپىشى، جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشىدە يېڭى ھاياتىي كۈچلەرنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىشچى، دېھقانلارنى زور تۈركۈمدە قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭ بىڭتۇەننىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش بىڭتۇەننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ماركسىزم بىزگە، ئىجتىمائىي ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇش دەرىجىسى، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى ۋە ئەمگەك تېخنىكا ئىقتىدارىغا باغلىق بولىدۇ، دەپ شەرھىيلەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا، ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەر ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياخشىلاشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۆستۈرۈش جەريانىدىكى رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. بىڭتۇەن ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ زورىيىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 1949-يىلى شىنجاڭغا كىرگەن بىر قىسىم ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان

100 مىڭ ئەسكەرگىلا تايانساق بولمايتتى. تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىشتا، ئەمگەك كۈچلىرى قوشۇننى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاش ۋە كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭ بىڭتۈەنى مۇشۇ تونۇشنى چىقىش قىلىپ 50-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ دۆلەتنىڭ تەستىقى بىلەن پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا شاڭخەي، خېنەن، جياڭسۇ، خۇبېي قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردىن نەچچە 100 مىڭلىغان سانائەت ئىشچىسى ۋە دېھقانلارنى قوبۇل قىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 1-سېپىگە تولۇقلىدى. بۇ ئىشچى، دېھقانلارنىڭ سىياسىي ساپاسى يۇقىرى، سانائەت ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكا ئىقتىدارى يۇقىرى، شۇنداقلا جاپالىق تۇرمۇشقا چىداشتا ئىدىيە تەييارلىقى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بىڭتۈەنگە كىرگەندىن كېيىن، بىڭتۈەننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، بىڭتۈەن سانائىتىنى ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، ماشىنا رېمونت قىلىش، كۆمۈر قېزىشتىن پاختا، يۇڭ توقۇمىچىلىق، شېكەر ئىشلەش، قەغەز ياساش، سېمونت، توك، ئېلېكتر، ماشىنا ياساش قاتارلىق تۈرى تولۇق، مۇئەييەن سەۋىيىگە ئىگە سانائەت سىستېمىسىغا تەرەققىي قىلدۇردى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى بىڭتۈەن قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 40 نەچچىدىن تەرەققىي قىلىپ 170 نەچچىگە يەتتى. ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئىزچىل ياخشىلاندى، مەھسۇلات سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىدىكى سەۋەب كۆپ خىل بولسىمۇ، ئەمما، كۆپلىگەن ئىشچى، دېھقانلار بىڭتۈەننىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ، مەيدان (زاۋۇت) لارنى ئۆز ئائىلىسىدەك بىلىپ، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي، جاپالىق كۈرەش قىلىشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم



ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇ زور تۈركۈمدىكى ئىشچى، دېھقانلارنىڭ قاتنىشىشى بولمىسا، شىنجاڭ بىڭتۈەننىڭ ھەرتۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ بولمىغان بولاتتى.

## شىنجاڭ بىڭتۈەننىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى پارتىيە بىرلىك سەپ سىياسىتىنىڭ غەلىبىسى

پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتىنىڭ تۈپ ماھىيىتى بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، بۈيۈك بىرلىشىش، يەنى ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىشىشكە بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ، سەپەرۋەر قىلىشقا بولىدىغان بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى سەپەرۋەر قىلىپ، پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداش. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ بىڭتۈەنى پارتىيىنىڭ ھەر تۈرلۈك مىللەتلەر سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلدى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ھۆرمەتلەپ، قوللاپ ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلدى. 100 مىڭلىغان ھەقىقەتكە قايتقان گومىنداڭ ئوفىتسېر، ئەسكەرلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇردى، ئۆزگەرتتى ۋە ئۇلارنى ئىشلەتتى. كۆپلىگەن زىيالىيلارغا غەمخورلۇق قىلدى، تەربىيىلىدى، ئۇلارنى قوغدىدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چېگرا رايونغا ياردەمگە كەلگەن نەچچە 10 مىڭلىغان ئىشچى، دېھقانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇردى ۋە ئۇلارغا ياردەم بەردى. مانا بۇلار پارتىيە بىرلىك سەپ سىياسىتىنىڭ تۈپ ئىپادىسى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەر تەرەپلىمە ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىشىش

پارتىيە بىرلىك سەپ ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتىنىڭ غەلىبىسى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلاشمىغاندا بىڭتۇەن ئىشلىرى تەرەققىي قىلالمايدۇ؛ 100 مىڭلىغان ھەقىقەتكە قايتقان گومىنداڭ ئەسكىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرمىغاندا، ئۇزگەرتمىگەندە، ئىشلەتمىگەندە ھەمدە زىيالىيلار، ياشلار، ئوقۇغۇچىلارغا غەمخورلۇق قىلمىغاندا، تەربىيىلىمىگەندە، يېتىشتۈرمىگەندە بىڭتۇەن ئىشلىرى ئوخشاشلا تەرەققىي قىلالمايدۇ؛ چېگرا رايونغا يار دەمگە كەلگەن كۆپلىگەن ئىشچى، دېھقانلارغا غەمخورلۇق قىلمىغاندا ۋە كۆڭۈل بۆلمىگەندە بىڭتۇەن ئىشلىرى يەنىلا تەرەققىي قىلالمايدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىڭتۇەننىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى بىڭتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان پارتىيە بىرلىك سەپ ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭ بىڭتۇەنى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى پارتىيە بىرلىك سەپ سىياسىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىڭتۇەن ئىشلىرىنىڭ زورىيىشى پارتىيە بىرلىك سەپ سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. يىغىنچاقلىغاندا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىشىشكە بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ، سەپەرۋەر قىلىشقا بولىدىغان بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى سەپەرۋەر قىلىپ، پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىللارغا ئايلاندۇرۇپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، مانا بۇ



نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ بىڭتۇەنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئاساسىي تەجرىبە. پارتىيە بىرلىك سەپ سىياسىتىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

## ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، پارتىيىنىڭ بىرلىك سېپىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەيلى ۋە كېڭەيتەيلى

ماۋزېدۇڭ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ مۇنداق كۆرسەتكەن: «بىرلىك سەپ، قوراللىق كۈرەش، پارتىيە قۇرۇلۇشى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىدا دۈشمەننى يېڭىشىدىكى ئۈچ ئەڭگۈشتەر» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2-توم). سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش باشلانغان يېڭى دەۋردە دېڭ شياۋپىڭ: «بىرلىك سەپ يەنىلا بىر مۇھىم ئەڭگۈشتەر، ئۇنى كۈچەيتىشكە بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، كېڭەيتىشكە بولىدۇكى، كىچىكلىتىشكە بولمايدۇ» دېگەن («دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2-توپلام). بۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتكە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، بىڭتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار بۇ نۇقتىئىنەزەرنى مۇستەھكەم تىكلىشى لازىم. ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ پارتىيىنىڭ بىرلىك سېپىنى داۋاملىق مۇستەھكەملىشى ۋە كېڭەيتىشى كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاق بولۇشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە

راۋاجلاندۇرۇش لازىم. شىنجاڭ بىڭتۇەنى ئۇچۇن ئېيتقاندا، مەيلى ئىلگىرى، ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، ئوخشاشلا مۇھىم ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ، بۇنى چوقۇم قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى ئىشلەش لازىم. شىنجاڭ بىڭتۇەننىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر قانداق شەكىلدىكى قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى توسۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش لازىم. ئىدىيىۋى تونۇشنى، «بىرلىك سەپ خىزمىتى يۇقىرى قاتلامدا»، دەيدىغان بىر تەرەپلىمە قاراشنى توغرىلاپ، بىڭتۇەننىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئاساسىي قاتلامغا قارىتىش لازىم. ئاساسىي قاتلامدىكى دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا بولغان خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بولغان خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش لازىم، پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق كۆرسەتكەن: «سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ئارىسىدىمۇ بىرلىك سەپ بار، ئىشچى، دېھقانلار ئىتتىپاقداش، بۇ ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ»، («دېڭ شياۋپىڭ بىرلىك سەپ توغرىسىدا»). دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ بايانى ئىشچى، دېھقانلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشمۇ بىرلىك سەپنىڭ مۇھىم بىر خىزمىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇ جەھەتتە بىزنىڭ تونۇشىمىز دېگەندەك بولمىغاچقا، ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىزمۇ دېگەندەك تولۇق بولمىدى. بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشنى كۈچەيتىپ، ئەخلاقلىق ۋە قابىلىيەتلىك، كۈچ



قوۋۋەتكە تولغان پارتىيىسىز زىيالىيلارنى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە قوبۇل قىلىش لازىم. شىنجاڭ بىڭتۇەندىكى زىيالىيلار قوشۇنى ئىچىدە پارتىيىسىز زىيالىيلار 70-60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپلىگەن كىشى ھەر خىل رەھبەرلىك ماھارىتىنى ئىگىلىگەن ھەم ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىگەن. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرى ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، يىراقنى نەزەردە تۇتۇپ، پارتىيىسىز زىيالىيلار ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغارلارنى ھەردەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە تاللاپ كىرگۈزۈپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ بىرلىك سەپ بۆلۈملىرى تەشكىلات بۆلۈملىرىگە پائال ماسلىشىپ پارتىيە سىرتىدىكى مۇنەۋۋەر زىيالىيلارنى بايقاش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتكوملارغا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە كىرىش شەرتىنى ھازىرلىغان پارتىيىسىز زىيالىيلارنى كۆرسىتىشى لازىم. شىنجاڭ بىڭتۇەنى پارتىيە سىرتىدىكى يولداشلارنى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە قاتناشتۇرۇشتەك قىممەتلىك تەجرىبىگە ئىگە، يېڭى تارىخىي شارائىتتا، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ بۇ تەجرىبىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش لازىم. غەيرى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىدىكى ۋەكىللىك زاتلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، غەيرى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىدىكى ۋەكىللىك زاتلارنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە تىجارەت، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شىنجاڭ بىڭتۇەننىڭ غەيرى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. غەربىي

رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستىراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن، مەيدانلىرىدىكى يېڭى ئەزالارنىڭ كۆپلەپ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ بىڭتۇەننىڭ بىرلىك سەپنى كېڭەيتىشكە شارائىت يارىتىلدى، شۇنداقلا بىرلىك سەپ خىزمىتىگە يېڭى خىزمەت قوشۇلدى.

بۇرۇنقى ئىشلارغا نەزەر سالساق، پارتىيە بىرلىك سېپىنىڭ بىڭتۇەندىكى رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز. ھازىرقى ۋاقىتتا بولسا، پارتىيىنىڭ شىنجاڭ بىڭتۇەندە ئىشلەشكە تېگىشلىك بىرلىك سەپ خىزمەتلىرى تېخىمۇ كۆپ، ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر بولىۋاتىدۇ. كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا، شىنجاڭ بىڭتۇەننىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، ئۇنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ھەرگىز ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، كېڭەيتىشكىلا بولىدۇ، ھەرگىز كىچىكلىتىشكە بولمايدۇ. بىز ئىدىيىۋى قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىپ تولۇق تونۇشقا كېلىشىمىز؛ خىزمەت دائىرىمىزنى پائال كېڭەيتىپ، خىزمەتنى تولۇق ئىشلىشىمىز؛ پۇختا خىزمەت ئىشلەپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. پارتىيە بىرلىك سەپ سىياسىتىنىڭ شىنجاڭ بىڭتۇەندىكى ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، رىئاللىققا يۈزلىنىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، بىرلىك سەپنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، شىنجاڭ بىڭتۇەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى)

تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى



# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى ھامۇت داموللا ھاجى توغرىسىدا

خې جىڭنەن

ھامۇت داموللا ھاجى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسى ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە داڭلىق ئۆلىما، جامائەت ئەربابى، دىنىي داھى، سادىق ۋەتەنپەرۋەر ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جان-جىگەر دوستى

1949-يىلى 12-ئايدا، مەن ئازادلىق ئارمىيە قوشۇنى بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم بازار كۇچاغا كەلگەن چېغىمدا، ھامۇت داموللا شاد-خوراملىقتا چۆمگەن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا، دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئازادلىق ئارمىيىنى كۈتىۋالغانىدى. بىز شۇ چاغدىن باشلاپ تونۇشۇپ قالدۇق ھەمدە 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزئارا ئىزدىشىپ تۇردۇق. چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتۇق.

1993-يىلى 9-ئاينىڭ 13-كۈنى، ئۇ 93 يېشىدا بىزدىن ئايرىلدى، ھازىر بۇنىڭغا 10 نەچچە يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خۇشخۇي سىماسى ھېلىغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ قەدىناس دوستى ۋە تارىخىي گۇۋاھچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، جامائەتكە مانا بۇ ۋەتەنپەرۋەرنىڭ ھاياتى، ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان خىيال قىلىپ كەلگەنىدىم. مانا ئەمدى قەلەم تەۋرىتىشكە پۇرسەت

بولدى.

ھامۇت داموللا 1898-يىلى كۇچا ناھىيىسىدە نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا كۇچا كوناشەھەر سامساق مەدرىسىدە ئوقۇغان، قىتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، پۇختا دىنىي بىلىم ئاساسىنى تىكلىگەن. كېيىنچە قەشقەردىكى ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسىگە بېرىپ بىلىم تەھسىل قىلغان.

تارىختىكى شىنجاڭنىڭ مەدرىسە مائارىپى شەكىل جەھەتتىن بىر خىل دىنىي مائارىپ بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ دىندىن خالىي مائارىپ خاراكتېرى ۋە ئىقتىدارىنىمۇ ئالغانىدى. تەلىم-تەربىيە مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ خىل مەدرىسىلەر بىرلا ۋاقىتتا جۇغراپىيە، ئىلمىي نۇجۇم، تارىخ، چەت ئەل تىلى (ئەرەپ ۋە پارس تىلى) قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تەسىس قىلغانىدى. شۇ ۋەجىدىن ھامۇت داموللا قەشقەردىكى ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان چېغىدا ئىسلام دىنىنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئوقۇپلا قالماي، يەنە دۇنيا جۇغراپىيىسى، دۇنيا تارىخى ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرىنىمۇ ئىگىلىگەن، ئەرەپ ۋە پارس تىلى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن.

ئۇ قەشقەردىن كۇچاغا قايتقاندا، جامائەت ئۇنىڭ مول بىلىمى ۋە ئىستىداتىنى ھۆرمەتلەپ ھامۇت داموللا ھاجى دەپ ئاتايدۇ، 1929-يىلى ھامۇت داموللا ھىندىستانغا بىلىم تەھسىل قىلىشقا چىقىپ، ئىسلام دىنى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئېلىپ بارىدۇ. 1935-يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، مەۋلىۋى داموللا (ئۇلۇغ ئۆلىما دېگەن مەنىدە) دېگەن ئاتاققا ئېرىشىدۇ. شۇ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ، كۇچا دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ئۇ ئوقۇتۇشتا ناھايىتى



ئەستايىدىل، ئىدىيىسى ئوچۇق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ھازىرقى زامان بىلىملىرىنى ئۆگىتىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىدۇ، كېيىنچە ئۇ كۇچا مەدرىسىنىمۇ قوشۇمچە باشقۇرۇپ، تارىخ، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات بىلىمىدىن شەخسەن دەرس بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلغارلىق تونىغا ئورنىۋالغان شېڭ شىسەي بىلەن ياپونغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇپ، جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقئارا قاتناش لىنىيىسىنى مۇستەھكەملىدى ھەمدە بۇ قاتناش لىنىيىسىدىن پايدىلىنىپ، ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە زور مىقداردىكى ھەربىي ماددىي-ئەشيالارنى توشىدى. ئەينى چاغدا شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار مەمۇرىي، خەلق ئىشلىرى، مائارىپ، ئاخبارات، مەدەنىيەت قاتارلىق ئورۇنلاردا ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتىلگەن خۇاڭ خوچىڭ، مائارىپ ئىدارە باشلىقى قىلىپ ئەۋەتىلگەن لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار ھەر مىللەت ئاممىسىغا ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەشۋىقاتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنى پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلبىسى ئۈچۈن كۈچ قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.

ئەينى چاغدا ھامۇت داموللا ھاجى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى ھىمايە

قىلدى. كوممۇنىستلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئىلھامى ئاستىدا، خۇاڭ خوچىڭ، لىن جىلۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، كۇچا، توقسۇ، شاياردىكى خەلق ئاممىسى ئىچىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، كۇچادىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى قوللىدى. «7-ئىيۇل»نى خاتىرىلەش ئاممىۋى چوڭ يىغىنىدا، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش پائالىيىتىگە قاتناشقان مائارىپ ۋە دىنىي ساھە ئەھلى ياپونغا قارشى تۇرىۋاتقان جەڭچىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، نۇرغۇن پۇل ۋە ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملىرىنى ئىئانە قىلغانىدى. ھامۇت داموللا ھاجىنىڭ باشچىلىقىدا ياپونغا قارشى تۇرۇشقا پۇل، مال ئىئانە قىلىنىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى كۈچىيىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى قوزغىتىلغانىدى.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى كۇچا، توقسۇ، شايار ئۈچ ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆتىرىلىۋاتقان ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش قىزغىنلىقىدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ، ئىلغار زاتلارنى ھەدەپ تۇتقۇن قىلدى، شۇ قاتاردا ھامۇت داموللىمۇ 1938-يىلى كۈزدە قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالدى. ھامۇت داموللا تۈرمىدە دۈشمەنلەرنىڭ دەھشەتلىك قىيىن قىستاقلىرىغا باش ئەگمەي، كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنىڭ چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. 1941-يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن داۋاملىق ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

1949-يىلى كۈزدە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى مەملىكەت



دائىرىسىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. ئازادلىق ئارمىيە بىرىنچى بىڭتۈەنىنىڭ 2-، 6-كورپۇسلىرى جيۇچۈەنگە يىغىلىپ، شىنجاڭنى ئازاد قىلىشقا تەييارلاندى. بۇ چاغدا تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدىلەر ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا 9-ئاينىڭ 25-ۋە 26-كۈنلىرى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى.

ھامۇت داموللا ھاجى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھاياجىنىدىن ھېرىپ چارچىغىنىغىمۇ قارىماي كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ، مۇسۇلمان ئاممىسىنى يىغىپ يىغىنلارنى ئاچتى ۋە بايرىقى روشەن ھالدا شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا بالدۇرراق كىرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاد قىلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ بىر تەرەپتىن ئاممىنى قوزغاپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئازادلىق ئارمىيىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ھەر مىللەت ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ ھال سوراش بۇيۇملىرىنى تەييارلىدى، سەنئەت ئۆمەكلىرىنى تەشكىللىدى. ئازادلىق ئارمىيە 2-كورپۇس 5-دىۋىزىيىسى 13-پولكىدىكى كوماندىر جەڭچىلىرىمىز كۇچا شەھىرىگە كىرىپ لىن جىلۇ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە، ھامۇت داموللاھاجى قولىغا قىزىل بايراقچىلارنى ئالغان دىنىي، سودا، مائارىپ ساھەسىدىكى ھەر مىللەت ئامما ۋە سەنئەت ئۆمەكلىرىنى باشلاپ، ئازادلىق ئارمىيە چوڭ قوشۇننى قىزغىن

كۆتۈۋالدى. ئۇ تەمبەل كەلگەن ئادەم بولۇپ، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ياشىسۇن كومپارتىيە»، «ياشىسۇن ماۋجۇشى»، «ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئالىمىز» دەپ شۇئار توۋلىدى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ توپچى روتىسىدىكى جەڭچىلەر بىلەن قىزغىن قوچاقلىشىپ كۆرۈشتى. شۇ چاغدا ناغرا-سۇناي چېلىنىپ، شۇئار سادالىرى كۆكتە ياڭرىدى. هامۇت دامۇللاهاجى هاياجانلانغان هالدا 13-پولكنىڭ كوماندىرى يولداش فېڭ زۇۋۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنتىزار بولغان كۈنلىرى ئاخىرى يېتىپ كەلدى!» دېدى. كىشىنى هاياجانغا سالىدىغان بۇ تارىخىي كۆرۈنۈش تاهازىرغىچە قەلبىمدە چىڭ ساقلانماقتا.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ هەر قايسى جايلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى قازىخانىلار (مەهكىمە شەرئىيەت) بار بولۇپ، قازىلار ئاممىنى ئېزىدىغان فېئوداللىق ئالاهىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى، كەڭ ئامما ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى. هامۇت دامۇللا هاجى بۇنىڭدىن قاتتىق يىرگىنەتتى. 1950-يىلى كۈزدە، ج ك پ شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ 1-شۇجىسى، شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ مۇۋەققەت باش قوماندانى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى يولداش ۋاڭ جېن جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، كۇچا ناهىيىسىدىن ئۆتكەن چېغىدا، ج ك پ 13-پولك پارتىيە كومىتېتى چاقىرغان ئۇچ ناهىيىدىكى دىنىي زاتلار (تەخمىنەن 100 دەك ئادەم) سۆهبەت يىغىنىدا مۇهىم سۆز قىلدى. يولداش ۋاڭ جېنىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، هامۇت داموللا هاجى ئالدى بىلەن سەمىمىي سۆز قىلىپ يولداش ۋاڭ جېنىنىڭ مۇهىم يوليورۇقىنى قەتئىي هېمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «مەن



كومپارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىك سىياسىتىنى قەتئىي هېمايە قىلىمەن، دىنىنىڭ هۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق بەلگىلىمىسىنى هېمايە قىلىمەن، كونا دەۋردە تەسىس قىلىنغان قازىخانىلار چوقۇم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك. ئاخۇن ۋە قازىلار ئىمتىيازدىن بەهرىمەن بولماسلىقى كېرەك» دېدى. ئارقىدىنلا ئۇ دىنىي ئىمتىيازغا سىمۇۋول قىلىنغان مۆهۈرىنى هۆكۈمەتنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. خەلق هۆكۈمىتىنىڭ قازىخانىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئاخۇن ۋە قازىلارنىڭ ئىمتىيازىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

هامۇت دامولla هاجىنىڭ سۆزى ۋە پوزىتسىيىدىن شۇ سورۇندىكى دىنىي زاتلار تەربىيە ئېلىپ، هامۇت دامولla هاجىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، هۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ئەمىر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىپ، هۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، ۋەتەننى سۆيۈپ، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان دىنىي زات بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە مۆهۈرلىرىنى تاپشۇرۇپ، ئۆز سەمىمىيىتىنى ئىزهار قىلدى.

سۆهبەت يىغىنىدىن كېيىن، يولداش ۋاڭ جېن هامۇت داموللىنى ئايرىم قوبۇل قىلدى، يولداش جۇ جيەنخۇا يولداش ۋاڭ جېنىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ هامۇت دامولla هاجىنىڭ: «بىز پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى قەتئىي هىمايە قىلىمىز» دېگەن مەزمۇندىكى سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. يولداش ۋاڭ جېن ئۇنىڭغا: «سىز شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى» دېدى.

هامۇت دامولla هاجىنىڭ تارىخىي ۋە ئەمەلىيەتتىكى سۆز هەرىكىتى شۇنى بىلدۈرۈدىكى، ئۇ هەقىقەتەن ۋەتەنپەرۋەر مىللىي، دىنىي رەهبىرىي

زات بولغاچقا، پارتىيە ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىشەندى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۇنى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويدى. ئۇ كۇچا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى يېتەكلەپ پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئۆگەندى، ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە دىنىي ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىشنى، قانۇنغا خىلاپ ھەرقانداق ئىشلارنى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. 1953-يىلى يازدا، كۇچا مەركىزىي ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىدا كۇچا، شايار، توقسۇ ئۈچ ناھىيىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلدى. ھامۇت داموللا ھاجى نۇرغۇنلىغان پاكىتلار ئارقىلىق پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىك سىياسىتىنىڭ مۇتلەق توغرىلىقىنى بايان قىلدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «ئاخۇنلار باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلىماسلىقى كېرەك، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە ئېتىقاد قىلماسلىق ئاممىنىڭ ئەركىنلىكى، ئاخۇنۇملار بۇنىڭغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك. بىز ھۆكۈمەت بىلەن دىننى ئايرىش سىياسىتىنى قەتئىي ھېمايە قىلىشىمىز، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالماسلىقىمىز كېرەك. بىز بۇ تەلەپلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلساقلا، ۋەتەننى سۆيۈپ قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى ئاخۇنۇملاردىن بولالايمىز». دېمەك، ھامۇت داموللا ھاجى پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن نەمۇنىلىك رول ئوينىغانىدى.

شىنجاڭ تارىخىدا ئىسلام روھانىلىرى فېئوداللىق ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولىدىغان، مەسچىتلەر قازىخانا تەسىس قىلىدىغان، دىن ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ، چىڭ



سۇلالىسىدىن مىنگو دەۋرىگىچە ھەل قىلىنمىغانىدى. ھامۇت داموللا ھاجى ئالدى بىلەن قازىخانىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دىنىي ئامما ئىچىدە دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، دىنىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە خىزمىتىگە ئارىلاشماسلىقىنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىسلام ساھەسىدە باشلامچىلىق رولىنى ئوينىغان، تەسىرى چوڭ بولغانىدى.

1950-يىلى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى تېزلىك بىلەن ساقايتىپ، ھەر قايسى جەھەتلەردىن مالىيە، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تۈپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقاندا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشيەنگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. ج ك پ كۇچا مەركىزىي ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كۇچا، توقسۇ، شايار ئۈچ ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بەس بەستە ئىئانە قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىختىساتچىل بولۇش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش قاتارلىق ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە مەدەتكار بولدى. ج ك پ كۇچا ناھىيىلىك كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى چاقىرغان بىر قېتىملىق دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنىدا ھامۇت داموللا ھاجى: «بىز ئازادلىقنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ھىمايە قىلىشىمىز كېرەك، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشنىڭ ئۆزى ۋەتەننى قوغدىغانلىقتۇر». دېدىدە، نەق مەيداندىلا 100 كۈمۈش تەڭگە ئىئانە قىلدى. ھامۇت داموللا ھاجىنىڭ سۆز-ھەرىكىتى نەمۇنىلىك رول ئويناپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغىدى.

ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ج ك پ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى 1950-يىلى قىشتىن 1953-يىلى ئەتىيازغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. شۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق كادىر يېتىشمەسلىك ئىدى. ج ك پ كۇچا مەركىزىي ناھىيىلىك كومىتېتى كۇچا، توقسۇ، شايار ئۈچ ناھىيە ئۈچۈن يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئىجارە كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرۈشىدە مەيدانغا چىققان 500 دىن ئارتۇق ئاكتىپلار كۇچا ناھىيىسىدە بۇ تەلىم-تەربىيىگە قاتناشتى. بىز يولۇققان قىيىنچىلىق ياتاق مەسىلىسى ئىدى. بىز ھامۇت داموللا ھاجىنىڭ مىڭ كىشى سىغىدىغان مەدرىسىگە مەسئۇل ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بولساقمۇ، بىراق بىۋاسىتە ئېغىز ئېچىشتىن خىجىل بولۇپ، تەرجىمان مامۇت ھاشىمنى ئۇنىڭ رايىنى بىلىپ بېقىشقا ئەۋەتتۇق. ھامۇت داموللا ھاجى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھاللا مەدرىسىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىتىشىگە ئارىيەتكە بېرىشكە قوشۇلدى ۋە بىزگە: (1) مەدرىسىگە ئاياقنى سېلىۋېتىپ كىرىش؛ (2) مەدرىسىدە كۆرگەنلا جايغا تۈكۈرمەسلىك، تاماكا چەكمەسلىك؛ (3) مەدرىسىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى ئاسراش، دېگەندەك ئۈچ تۇرلۇك تەلەپنىلا ئوتتۇرىغا قويدى. ھامۇت دامولدا ھاجىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ئارقىسىدا، بىز ئۆز قەرەلىدە يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىنى ئېچىۋالدۇق.

يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، كۇچا ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى يېزىغا يۆتكىلىپ، نەق مەيداندا ئىش بېجىردى. ھامۇت دامولدا ھاجى يەر ئىسلاھاتى تەشۋىقات ئۆمىكى



تەشكىللەپ، ئۆزى بىۋاسىتە كەڭ يېزىلارغا چۆكۈپ، يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىگە ياردەملىشىپ ناھايىتى كۆپ تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، دىنىي تەرەپتىن كەلگەن توسالغۇلارنى يېڭىپ، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. پارتىيە سىياسىتىنىڭ چاقىرىقى ۋە ھامۇت دامولدا ھاجىنىڭ تەسىرىدە، تۇردى ھاجى دامولدا ئىسىملىك چوڭ پومېشچىك ئۆزىنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنى ھۆكۈمەتنىڭ نامرات دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى، كېيىنكى تەركىب ئايرىشتا بۇ چوڭ پومېشچىك تەرەققىيپەرۋەر پومېشچىك قاتارىغا كۆرگۈزۈلدى.

ھامۇت دامولدا ھاجىنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ تۆھپىسى دەل ئۇنىڭ بارلىقى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغانلىقىدا. ئۇ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدىلىقلا ئىشلار بولسا قەتئىي قوللىدى، ھىمايە قىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە زىيانلىق ئىشلا بولسا، قەتئىي قارشى تۇردى.

ھامۇت دامولدا ھاجى ۋەتەنپەرۋەر ئىدى، ئۇ دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان ئاز سانلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر كۈچەپ تەرغىپ قىلغان «شەرقىي تۈركىستان» سەپسەتىسىگە بايرىقى روشەن ھالدا: «شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭنى ۋەتەننىڭ قوينىدىن ئايرىپ چىقىشتا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست يىرگىنىشلىك، بىھۇدە ئىشتۇر. ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ!» دەپ كەسكىن رەددىيە بەردى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى

جەمئىيىتىنىڭ 4-قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا سۆزگە چىقىپ مۇنداق دېدى: «دىنىي نىقاپقا ئورىنىۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك؛ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىز ھەر مىللەت دىنىي زاتلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. بىز مەيدانىمىز مۇستەھكەم، بايرىقىمىز روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي پاش قىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىشىمىز لازىم».

1990-يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەرگەن چاغدا، كۇچا ناھىيىسىدىكى ئايرىم دىنىي ساھەدىكى كىشىلەر دىنىي پائالىيەت ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ. ھامۇت داموللا ھاجى ئاممىۋى چوڭ يىغىندا سۆز قىلىپ، بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز سانلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ دىنىي تۇغنى كۆتۈرۈۋېلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىدىن ئىنتايىن غەزەبلەنگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ تەھدىت ۋە پوپوزىلاردىن قورقۇپ قالمىدى، خەلق ھۆكۈمىتىدىن قۇتراتقۇلۇق، بۇزغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئايرىم دۈشمەن كۈچلەرنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ھامۇت داموللا ھاجى ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 نەچچە يىل جەريانىدا، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

ھامۇت داموللا ھاجى نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇزاق ۋاقىت كۇچادا ياشىغان. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان ۋەھشىيانە



ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەنىدى. 40-يىللارنىڭ بېشىدا ئۇ ئاقسۇدا خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى خۇاڭ خوچىڭ، لىن جىلۇلارنىڭ سۆزلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلىغان ۋە ئىلھام ئېلىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى قوللاش تەشۋىقات پائالىيەتلىرى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللاندى. 1949-يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندا، ئۇ قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئازادلىقتىن كېيىن، كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىنقىلابىي خىزمەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق «كومپارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمايدۇ؛ سوتسىيالىزم بولمىسا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بۈگۈنكى بەختىيار تۇرمۇشى بولمايدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشەندى. ئۇنىڭ كومپارتىيىگە مۇھەببىتى چوڭقۇر ئىدى. ئۇ گەرچە كومپارتىيە ئەزاسى بولمىسىمۇ، پارتىيە ئەزالىرىغا قويۇلغان ئۆلچەم بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن باشتىن-ئاخىرى سىر ساقلىماي ھەمكارلاشتى. ھەرۋاقىت پارتىيە ئەزالىرىدەك نەمۇنىلىك رول ئوينىدى. نەزەرىيە ۋە پەن-مەدەنىيەتنى ئۆگىنىش، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش، خەنزۇ يولداشلار بىلەن بولغان چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىنى تىرىشىپ ئۆگەندى، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى خەنزۇ مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى.

ھامۇت داموللا ھاجى جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ

ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. پارتىيە ۋە خەلقمۇ ئۇنىڭغا جەمئىيەتتە ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋە ۋە شان-شەرەپ بەردى. 1953-يىلىدىن كېيىن، ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۇچا ناھىيىلىك 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، 5 -، 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيئىتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، 1-، 2-، 3-، 4-نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەندى. ھايات ۋاقتىدا، ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، ليۇ شاۋچى، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆپ قېتىم قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

ھامۇت داموللا ھاجى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويماي، پۈتۈن ئۆمرىدە ھەقىقەت ۋە يورۇقلۇقنى قوغلىشىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيدى، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇردى، پارتىيە بىلەن «ئۇزۇن مەزگىل ھەمكارلىشىش، ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولۇش، بىر بىرىدىن سىر ساقلىماسلىق، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈش»نى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت دىنىي زاتلىرى ۋە ئاممىنىڭ ياخشى ئۈلگىسى بولدى. ئۇ گەرچە ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات، ئۇنىڭ نامى ۋە ئىش ئىزلىرى تارىختا مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ سابىق مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى)

جۇرئەت ئابلىمىت تەرجىمىسى



# شىنجاڭنىڭ «25-سېنتەبىر» ھەقىقەتكە قايتىش جەريانىدىكى بىرقانچە قېتىملىق توپىلاڭ، بۆلگۈنچىلىق دىلولىرىنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىش خاتىرىسى

ليۇ زۇنشيەن

شىنجاڭدىكى «25-سېنتەبىر» ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ غەلىبىلىك بولۇشى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ توسالغۇسىز غەلىبىلىك ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتىنىڭ تۈرتكىسى، شۇنداقلا ھەرقايسى تىنچلىقپەرۋەر كۈچلەرنىڭ جاپالىق تىرىشىشىنىڭ نەتىجىسى. گېنېرال تاۋ سىيۆنىڭ ئەقىل-پاراسەتلىك بىلەن مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىشى ۋە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىشى بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ئىشى ئاساسەن ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. ئەمما، ھەرقايسى جايلارغا يوشۇرۇنغان ئىشپىيونلار ۋە ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇترىتقۇلۇق قىلىشى بىلەن، بىرقانچە قېتىملىق كىچىك كۆلەمدىكى پاراكەندىچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىق دېلولىرى يۈز بەردى. ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ زور غەلىبىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇلار ساغلام بەدەنگە چىققان بىرقانچە «تەمرەتكىگە» ئوخشىسىمۇ، ئەمما باش قوماندان تاۋ سىيۆنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى ھەمدە كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ بۇ پاراكەندىچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىق دېلولىرىنى بىرتەرەپ قىلدى. شۇ ئارقىلىق «تەمرەتكە»نىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، غەلىبە مېۋىسىنى ساقلاپ قالدى.

ئەينى چاغدا، مەن شىنجاڭ گارنىزونى باش شتابى ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ پودپولكوۋنىك دەرىجىلىك بۆلۈم باشلىقى ئىدىم. تاۋ باش قوماندان ماڭا يۇقىرىقى دېلولارنى بىرتەرەپ قىلىشقا تولۇق ھوقۇق بەردى. بۇ ئىشلارغا 40 يىلدىن ئاشقان بولغاچقا، نۇرغۇن ئىشلار ئېسىمدىن تەبىئىي چىقىپ قالدى، شۇنداق بولسىمۇ شۇ ۋەقەلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇناقچىمەن.

## تاۋ باش قوماندان ماڭا «خان شەمشىرى»[1] بەردى

1949-يىلى 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى مەلۇم بىر كۈنى تاۋ باش قوماندان ماڭا تېلېفون بېرىپ، كۆرۈشۈشكە چاقىردى. كۆرۈشۈپلا ئۇ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن: -بىر ۋەزىپە بار ئىدى، مەن قايتا-قايتا ئويلىشىپ، پەقەت سىز بېجىرسىڭىزلا مۇۋاپىق بولارمىكىن دېگەن ئويغا كەلدىم» دېدى.

«نېمە ئىش؟»، دەپ سورىدىم.

«يېقىندىن بۇيان جايلاردا قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى، خەۋەر تاپقانسىز» دېدى ئۇ.

«خەۋەر تاپتىم» دېدىم مەن.

«بۇنى دەرھال بىرتەرەپ قىلىپ، ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ھازىر سىز دەرھال ھەربىي قانۇن گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەڭ، تېلېگراف ئاپپاراتىنى ئېلىۋېلىڭ، ۋەقە يۈز بەرگەن ھەرقايسى

① كونا زاماندا پادىشاھلار ئەمەلدارلىرىغا خانلىق شەمشەر ئىنئام قىلىپ ئالدى بىلەن ئۆلتۈرۈپ كېيىن مەلۇم قىلىش ھوقۇقى بېرىدۇ.



جايلارغا بېرىپ، بۇ بۇلاڭچىلىق ۋە قاچقۇنلۇق دېلولىرىنى بىرتەرەپ قىلىڭ. بىرەر ئىش بولسا ئۆزىڭىز قاراپ بىرتەرەپ قىلىڭ، مەندىن يولىيورۇق سورىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەقسەت-ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش» دېدى. ئۇ بىر ئاز توختىۋالغاندىن كېيىن مەندىن: سۆزۈمنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن كەسكىنلىك بىلەن: «چۈشەندىم. دېلولارنى بىرتەرەپ قىلىشنىڭ ئۆزى قالايمىقانچىلىقلارنى يىلتىزىدىن يوقىتىش. تېخىمۇ چوڭ قالايمىقانچىلىقنىڭ كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن، ھەرگىزمۇ نامۇۋاپىق تەدبىر قوللانماسلىق كېرەك» دەپ جاۋاب بەردىم.

تاۋ باش قوماندان كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. مەن بۇيرۇقنى ئېلىپ قايتتىم، ئېغىر ۋەزىپە زىممەمگە يۈكلەنگەن ئىدى، گەرچە بىرئاز دەككە-دۈككىدە بولغان بولساممۇ، ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ ماڭا «خان شەمشىرى» بەرگەنلىكى ئۈچۈن، «ئارمىيە ۋە خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇش» ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، بارلىق كۈچۈم بىلەن ساداقىتىمنى نامايەن قىلسام بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەينى چاغدا مەن بودپولكوۋنىك دەرىجىلىك بۆلۈم باشلىقى ئىدىم، ئۈستۈمدە گېنېرال مايور دەرىجىلىك باشقارما باشلىقىمۇ بار ئىدى. بۇ ئېغىر يۈكنى ماڭا ئارتىشتا ئۇلارنىڭ مۇنداق ئويى بار ئىدى: تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتقاننىڭ ئۈچىنچى كۈنى، يەنى 9-ئاينىڭ 27-كۈنى بەزى كىشىلەر ئاممىنىڭ نامايىش قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى تەبرىكلەۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باش شتابنىڭ ھەربىي سوت باشقارمىسىنى قورشاپ، تۈرمىلەرنى ئېچىپ بارلىق جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. ئەينى چاغدا قاماقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى

جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى بولۇپ، بىرەرمۇ سىياسىي جىنايەتچى يوق ئىدى، گەرچە قايتا-قايتا چۈشەندۈرسەكمۇ لېكىن غەلۋە قىلىپ توختىمىدى. ئەھۋال جىددىي ئىدى. مەن دەرھال جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، مۇھاپىزەتچىلەر لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭىنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا: «دەرھال تۈرمە ئۆگزىسىگە يېنىك پىلىموتلارنى ئورنىتىپ، تۈمۈر ئىشىكنى تاقاپ تەييارلىقنى ياخشى قىل، ئەگەر نەسىھەت قىلىش ئۈنۈم بەرمەي، ئىش تىرىغۇچىلار تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا بېسىپ كىرگىدەك بولسا، تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرسا، سەن مېنىڭ قول ئىشارىتىم بىلەن تۈرمىدىكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان جىنايەتچىلەرگە ئوق چىقار» دېدىم. مۇھاپىزەتچىلەر تەييارلىنىپ بولدى، ئەھۋال قىل ئۈستىدە ئىدى. تۈرمىنى قورشىۋالغانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۆزلىكىدىن تارقاپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تاماشا كۆرگىلى كەلگەنلەر، بىر قىسمى ساددا ئوقۇغۇچىلار ئىكەن. كېيىن تەكشۈرسەك، باشتىن ئاخىرى ئەلپازىنى بۇزۇپ، چۈشەندۈرۈشىمىزگە پەقەت قولاق سالمىغانلار جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، دوست يارەنلىرى ئىكەن. تاۋ باش قوماندان بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى مەمنۇن بولغان، مېنىڭ جىددىي ئەھۋالدا قوللانغان تەدبىرىمنى ماختىغانىدى.

## مەركىزىي شەھەردىكى بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى بىرتەرەپ قىلىش

«25-سېنتەبىر» تېلېگراممىا يوللاپ ھەقىقەتكە قايتقانىنىڭ ئىككىنچى



كۈنى، قۇمۇلدا ئالتۇن بۇلاش دېلوسى يۈز بەردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئۈرۈمچى، قاراشەھەر، بۈگۈر، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئارقا-ئارقىدىن توپىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋەقەلىرى يۈز بەردى.

10-ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «باڭخۇي» گۇرۇھىنىڭ كاتتىبېشى لىيۇ شياڭپۇ، لىيۇ گۇاڭخۇا قاتارلىق كىشىلەر قىسمىدىكى باڭخۇي گۇرۇھىدىكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كېچە-ئاخشاملىرى كۆپ قېتىم بۇلاڭچىلىق قىلدى. دېلونىڭ پاش قىلىنىشى تازا دېگەندەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋەقە بارغانسېرى ئەۋج ئالدى. بۇ قاراقچىلارنىڭ خورىكى شۇنداق ئۆسۈپ كەتكەنكى، ھەتتا كۈپ-كۈندۈزدىلا شەھەر ئىچىدىكى ئەڭ ئاۋات «داشىزى» كوچىسىدىكى بىر تاۋار-دۇردۇن دۇكىنىنى بۇلىدى. بۇنىڭ تەسىرى ئىنتايىن يامان بولدى، ئەگەر ئۇلارنى قاتتىق جازالىمىغاندا چوقۇم تېخىمۇ چوڭ پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى گارنىزون قوماندانلىق شتابى يەتتە جىنايەتچىنى تۇتۇپ قامىدى. بۇ يەتتە جىنايەتچىنىڭ ئىچىدە ئەسكەرلەرمۇ، پۇقرالارمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆپ قېتىم بۇلاڭچىلىق قىلغانلار، بەزىلىرى بولسا بىرىنچى قېتىم بۇلاڭچىلىققا قاتناشقانلار ئىدى. مەن، مەركىزىي شەھەرنىڭ تىنچ-ئامانلىقى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچ-ئامانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەگەر ئۈرۈمچى شەھىرىنى تىنچىتساق بىرنى ئۆلتۈرۈپ يۈزگە ئىبرەت قىلىش ئۈنۈمىگە ئېرىشەلەيمىز، دەپ ئويلىدىم. شۇ ۋەجىدىن، مەيلى ئاساسلىق جىنايەتچى بولسۇن، مەيلى ئەگەشكۈچى بولسۇن، جىنايىتىنىڭ يېنىك ئېغىرلىقىغا

قارىماي بىردەك ئېتىپ تاشلاش قارارىغا كەلدۇق. ئەمما ئۈرۈمچى گارنىزون قوماندانى ھەربىي قانۇننى بىلەتتى، «ئالتە قانۇن قامۇسى» دىن تولۇق خەۋەردار ئىدى، ئۇ قانۇن-قائىدىلەر بويىچە ئىش كۆرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. مەن: «ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ قانۇن، قائىدىلىرىنىڭ رولى قالمىدى، قالايمىقانچىلىقلارنى تىنجىتىپ، ئارمىيە ۋە خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن، قانۇن، قائىدىلەرنى زامان، ماكان، ئادەمگە قاراپ جانلىق تۇزۇش كېرەك» دېگەن پىكىردە بولدۇم. چېن دېفا باش شتابنىڭ شتاب باشلىقى تاۋ جىڭچۇغا تېلېفون بېرىپ يوليورۇق سورىدى. تاۋ جىڭچۇ دەرھاللا مېنىڭ باشلىقىم باش شتاب ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ شىچۇڭنى مەسلىھەتلىشىشكە ئەۋەتتى. مەسلىھەت نەتىجىسىدە ھەممىنى ئېتىپ تاشلاش قارار قىلىندى. باشقا جايلاردىكى بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنى جىددىي بىرتەرەپ قىلىش لازىم بولغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاتلىنىشتىن بىركۈن ئىلگىرى، يەنى بازار ئەڭ قايناۋاتقان يەكشەنبە كۈنى قاق چۈشتە، يەتتە جىنايەتچى كوچىلاردا سازايى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شىخابادا ئېتىپ تاشلاندى ھەمدە «شىنجاڭ گارنىزوننىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆنىڭ ھەربىي قانۇن بويىچە تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى ليۇ زۇنشيەن» نىڭ نامىدا پۈتۈن شىنجاڭغا ئېلان قىلىندى.

يەتتە جىنايەتچى ئېتىلغاندىن كېيىن، مەن يەنە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى ئۈستىگە ئالغان 179-بىرىگادانىڭ بىرىگادا كوماندىرى لو رۇجېنغا تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭغا: «ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئىشلار يەنە يۈز بەرسە ئەسكىرىي باشلىقلارنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ» ، دەپ قول ئاستىدىكىلىرىنى قاتتىق تەرتىپكە سېلىشنى



تەلەپ قىلدىم.

جازا ئىجرا قىلىنغان شۇ كۈنى كەچتە مەن يەنە ھەرقايسى باتالىيون، لىيەنلەرنى چارلىغاندا، بەزى كوماندىرلارنىڭ قىسىمدىكىلىرىگە، سىرتقا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەلۇم پولك كوماندىرى ماڭا: «قىسىمدىكىلەرگە بولغان تىزگىننى كۈچەيتىپ، قايتا ئىش چىقماسلىققا كاپالەتلىك قىلىمەن» دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسىمۇ شۇ كۈنى بىرتەرەپ قىلىندى. 179-بىرىگادا 536-پولكتىكى لىيەنجاڭ ليۇ شياۋنۇڭ ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتكە قايتىشنى ياقلىغان پولك كوماندورى لى مىنخەينى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بىر قىسىم ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنى مەجبۇرىي ئېلىپ قېچىپ كەتكەن. مەن بىر سوتچىنى 78-دىۋىزىيىگە ئەۋەتىپ، مەزكۇر دىۋىزىيىگە ھەمكارلىشىپ بەش نەپەر جىنايەتچىنى قاتتىق بىرتەرەپ قىلدۇق.

## باش جىنايەتچىنى جازالاپ، ھارام ماللارنى قايتۇرۇۋېلىپ قاراشەھەردىكى بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى بىرتەرەپ قىلىش

ھەقىقەتكە قايتقانلىق ئېلان قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي قۇمۇلدا يۈز بەرگەن ئالتۇن بۇلاش دېلوسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئادەم، ئىشلارنىڭ تەسىرىدە قاراشەھەردىمۇ بۇلاڭچىلىق دېلوسى يۈز بەردى.

قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق قىسىم 128-بىرىگادا بولۇپ، بىرىگادا

كوماندىرى جۇڭ زۈيىن ئەسلىدە تاۋ گېنېرالغا ھەقىقەتكە قايتىشنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى، ئەمما كېيىن ماچىڭشياڭ، يې چېڭ، لوشۈرىن قاتارلىقلار قاراشەھەردىن ئۆتكەندە، ئۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭغان. قېچىشتىن ئىلگىرى، ئۇ ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى بەزى ئىغۋالارنى تارقىتىپ، قاراشەھەردىكى بۇلاڭچىلىق دېلوسىنىڭ يۈز بېرىشىگە قۇتراتقۇلۇق قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىسىمغا نەچچە ئاي مائاش تارقىتىلمىغاچقا، بىر ئەكسىيەتچى ئوفىتسېر (ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئەسلى ھەربىي ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونى) بۇنى باھانە قىلىپ بۇلاڭچىلىق قىلىشقا قۇتراتقۇلىق قىلغان. بۇلاڭچىلىققا قاتناشقانلار تەشكىلىي تۈزۈلمىدىكى ليەندۈيلەر بولماستىن، بەلكى بىرىگاداغا بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملار ۋە باشقا قىسىملاردىن بولۇپ، جەمئىي 100 نەچچە ئادەم ئىدى. ئۇلار بەزى دۇكان ۋە ئاھالىلەرنى بۇلىغان. بىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردىن ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، قىسىمغا بېرىپ ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتقانلارنى تەكشۈرۈپ باش جىنايەتچىنى، يەنى ھېلىقى بۇلاڭچىلىق قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان ئىشپىيوننى تېپىپ چىقتۇق ۋە پۈتۈن قىسىم بويىچە يىغىن ئېچىپ ئۇنى ئېتىپ تاشلىدۇق. باشقا ئەگەشكۈچىلەر بۇلىغان هارام ماللارنى قايتۇرسىلا سۈرۈشتۈرمىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە يېڭى بىرىگادا كوماندىرى چېن جۇنغا هارام ماللارنى قايتۇرۇۋېلىش، قايتۇرۇش ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاممىنى قۇتقۇزۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەشنى تاپشۇردۇق.



## ئىككى مۇناپىقنى يوقىتىپ، ئارمىيە ۋە خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇپ، كۇچادىكى بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىش

1949-يىلىدىكى تاۋۇز چاغىنىنىڭ ئالدىدا، كۇچانىڭ ھاكىمى دىڭ لىنەن كۇچادا تۇرۇشلۇق 65-بىرىگادا ئاتلىق پولكىدىكى ھەر بىرەيلەنگەن، بايراملىق بىردىن كۈمۈش تەڭگە بېرىپ ھال سورىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما نەقلەشتۈرمىگەن. تاۋۇز چاغىنى كۈنى ھەرقايسى قىسىملاردا زىياپەت بولغان. زىياپەتتە كۆپچىلىك هاراق ئىچىپ قىزىغاندىن كېيىن، ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىپ، غوتۇلدىغىلى تۇرغان. شۇ چاغدا مەزكۇر پولكنىڭ مۇئاۋىن پولك كوماندىرى گو بىتيەن بىرقانچە ئېغىز قۇتراتقۇ سۆزلەرنى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئوتتا ماي چاچقاندەك ئاران تۇرغان ئەسكەرلەر توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، بىرقانچە پۇقرانىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرىۋەتكەن. ھەتتا بەزى ئەسكەرلەر دىڭ ھاكىمنىڭ ئۆيىنى بۇلىغان، مەلۇم بىر ئەسكەر ئۇنىڭ 17 ياشلىق قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغان.

بۇ ئىشتىن كېيىن، 65-بىرىگادانىڭ ھەربىي قانۇن ئىشخانىسى گو بىتيەننىڭ ئوت قويرۇقلۇق قىلىپ بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىق جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنى ئېتىپ تاشلىدى. دىڭ ھاكىمنىڭ قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلىش دېلوسىنى پاش قىلىش ئۈچۈن، گۇرۇپپىمىز خېلى كۈچ سەرپ قىلدى.

ئالدى بىلەن دىڭ ئائىلىسىنى بۇلىغان بىرقانچە ئەسكەرنى تېپىپ، ئاندىن دىڭ ھاكىمنىڭ قىزى ۋە ئۆي خىزمەتچىسىنىڭ ئەيىپنامىسىدە

تەسۋىرلەنگەن باسقۇنچىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بۇلاڭچىلىققا قاتناشقان ئەسكەرلەرنىڭ ئېغىز ئىقرارىغا بىرلەشتۈرۈپ، باسقۇنچى جىنايەتچىنى تېپىپ چىقتۇق. مەزكۇر جىنايەتچى مۇئاۋىن بەنجاڭ بولۇپ، ئىنتايىن ھىيلىگەر ئىدى، ئۇ قەتئىي ئىنكار قىلىپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي قانۇن گۇرۇپپىسى كۇچادىكى سۇن جۇڭشەن خاتىرە سارىيىنى سوت مەھكىمىسى قىلىپ ئوچۇق سوت ئېچىپ، باشقىچە شەكىلدىكى «جۇڭكۇينىڭ جىن تۇتۇشى» ئويۇنىنى قوللاندۇق.

ئالدى بىلەن گۇناھسىز تۆت ئەسكەرنى بىر قاتار قىلىپ تىزىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھېلىقى ھىيلىگەر باسقۇنچى جىنايەتچىنى تۇرغۇزدۇق. تەسادىپى ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنى زەنجىر بىلەن چېتىپ قويدۇق. مەن:

«ھازىر سوت باشلاندى! دەۋاگەر سوتقا كىرسۇن» دەپ جاكارلىدىم.

سۆزۈم ئەمدى تۈگىشى بىلەن ئوتتۇرىدا تۇرغان ھېلىقى باسقۇنچى جىنايەتچىنىڭ چىرايى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، ئىككى پۇتى غال-غال تىترەشكە باشلىدى؛ باشقا تۆت «جىنايەتچى» بولسا ھېچقانداق جىددىيلەشمەي تەمكىن تۇردى. ھايال ئۆتمەي دىڭ ھاكىمنىڭ قىزى ئېغىر قەدەملىرىنى كۆتۈرۈپ سوتقا كىردى، ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن، ھەسرەتكە تولغانىدى. ئۇ ئۆزىنى توختاتقاندىن كېيىن، مەن: «دىڭ خانىقىز سىز تۆۋەندە تۇرغان 5 جىنايەتچىگە ئىنچىكىلەپ سەپ سېلىڭ، ھېلىقى ئەبلەخنىڭ كىملىكىنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرىڭ» دېدىم. دىڭ ھاكىمنىڭ قىزى بىر قۇر كۆز يۈرگۈزۈپ چىققاندىن كېيىن، ئوتتۇرىدا تۇرغان ھېلىقى ئەبلەخنى بىرقاراشتىلا تونىدى، غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن قادالدى. ھېلىقى ئەبلەخ دەرھال روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ، يوغان



ئاچقان كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئېگىز كۆتەرگەن بېشى ساڭگىلىدى. پېشانىسىدىن مۇنچاق-مۇنچاق تەر چىقىپ، پۈتۈن بەدىنى بەزگەكتەك تىترەپ كەتتى. بۇ چاغدا، پۈتۈن سوت مەيدانى جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى.

دەل شۇ پەيتتە، ھېلىقى خورلانغان قىز قەھرى-غەزىپى بىلەن:

«دەل ئاشۇ شۇ، دەل ئاشۇ شۇ، دەل ئاشۇ ئالۋاستى شۇ! » دەپ ۋارقىرىدى. بۇ چاغدا، ھېلىقى ئەبلەخ پوككىدە قىلىپ تىزلاندى-دە:

«بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار، ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن» ، دەپ قايتا-قايتا يېلىنىشقا باشلىدى.

ئۇ قولىنى قويغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق قاماپ قويۇشقا بۇيرۇق قىلدىم. سوئال-سوراقمۇ شۇ يەرگىچە بولۇپ، سوتنىڭ يېپىلغانلىقىنى جاكارلىدىم.

ئىككىنچى كۈنى، ئوچۇق ھۆكۈم قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، ھېلىقى باسقۇنچى جىنايەتچى ئېتىپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىي قانۇن گۇرۇپپىسىنىڭ نامىدا بۇلاڭچىلىق قىلىشقا قۇترىتقۇلۇق قىلغان ئاساسلىق جىنايەتچى گو بىتيەننىڭ جىنايىتى ۋە ئۇنىڭغا چىقىرىلغان ھۆكۈم ئاممىغا ئېلان قىلىندى. بۇلاڭچىلىق قىلىشقا ئەگەشكۈچىلەرنى بولسا، ھارام مالنى قايتۇرسىلا، جىنايىتى سۈرۈشتۈرۈلمىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ بۇلاڭچىلىق دېلوسى ئىچىدە، كۇچادىكىسى ئەڭ ئېغىر، پۇقرالارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئەڭ چوڭ بولدى. تاۋ گېنېرال بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئىلتىماسىمنى تەستىقلاپ، دەرھال ليۇ دۇن باشلىقلىقىدىكى قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتتى. ئۇلار ماشىنىغا بېسىلغان ھەرخىل ماددىي ئەشيا ۋە كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئېلىپ، كۇچا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، پۇقرالارنى قۇتقۇزدى. كۆيۈپ كەتكەن ئۆيلەرنى

65-برىگادىنىڭ دەرھال قايتىدىن رېمونت قىلىپ ياسىشىغا بۇيرۇق قىلىپ، پۇقرالارنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

## ئاساسىي جىنايەتچىنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىپ، بۇگۇردىكى بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى بىرتەرەپ قىلىش

بۇگۇر بۇلاڭچىلىق دېلوسى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، بۇگۇردە تۇرۇشلۇق 128-برىگادا 383-پولكىنىڭ كوماندىرى ياڭ گۇيشېڭ مەزكۇر پولك 7-لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى (ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن)نىڭ يامان غەرەزدە بولىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئىچكى خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشنى باھانە قىلىپ، ئۇنى ئېتىپ تاشلايدۇ ۋە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ جىنايىتىنى جاكارلاپ، كۆپچىلىكتىن ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قىسىملىرىنى قاتتىق باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياڭ گۇيشېڭنىڭ تەدبىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق بولۇپ، قىسىمنى خاتىرجەم قىلىپ، شەھەرنىڭ تىنچ، مۇقىملىقىنى ساقلايدۇ (قىسىم تەرتىپكە سېلىنغاندا ياڭ گۇيشېڭ 9-كورپۇسنىڭ سەنمو چۇجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ).

بۇ بۇلاڭچىلىق دېلوسى شەھەر ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، 20 نەچچە ئادەم قاتناشقان كىچىك دائىرىدىكى ۋەقە ئىدى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ياڭ گۇيشېڭ دەرھال ئاساسىي جىنايەتچىنى قولغا ئېلىپ، قاماپ قويۇپ، سوت ئېچىشنى كۈتتى. مەن ھەربىي قانۇن گۇرۇپپىسىنى باشلاپ بۇگۇرگە كېلىپلا دەرھال چوڭ يىغىن ئېچىپ، ئاشكارا ھۆكۈم چىقاردۇق.



قاماقتىكى بۇ ئاساسىي جىنايەتچى بۇلاڭچىلىق قىلىشقا باشلامچىلىق قىلىپلا قالماستىن، يەنە پۇقرالارنىڭ قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، جىنايەت ئۈستىگە جىنايەت ئۆتكۈزگەچكە، دەرھال ئېتىپ تاشلاندى. بۇنىڭ بىلەن پۇقرالارنىڭ غەزىپى بېسىلدى، ئارمىيىنىڭ كۆڭلىمۇ ئەمىن تاپتى.

بۇگۇردىكى بۇلاڭچىلىق دېلوسى ئوچۇق سوت قىلىنىۋاتقان چاغ، ئازادلىق ئارمىيە 1-بىڭتۇەننىڭ 4-دىۋىزىيىسى بۇگۇرگە يېتىپ كەلگەن ۋاقىتقا توغرا كەلدى. سوت ئېچىلىشتىن بۇرۇن، مەزكۇر دىۋىزىيە قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ لىچاڭ كېلىپ سىرتتىن ئاڭلىغاچ ئۆگىنىشكە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇنى كوللېكتىپ سوراق قىلىشقا قاتنىشىشقا سەممىيلىك بىلەن تەكلىپ قىلدىم. ئۇ كەمتەرلىك ۋە سەممىيلىك بىلەن: «بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش قوشۇنىڭلارنىڭ ھەربىي ئىنتىزامنى چىڭىتىشىدىكى ياخشى ئىش، بىز ئارىلاشساق بولمايدۇ، كەمتەرلىك قىلماي، سوراقنى باشلاۋېرىڭ»، دېدى. تۇنجى ئۇچراشقان ئازادلىق ئارمىيەت كادىرىنىڭ بۇنداق كەمتەر، كىچىك پېئىللىقى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

## جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈپ، ئالتۇنلارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، قۇمۇلدىكى بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى بىرتەرەپ قىلىش

(1) مەخپىي ساقلاش

1949-يىلى يازدا، لەنجۇ ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالدى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي بانكىسى لەنجۇ تارماق بانكىسىنىڭ باشلىقى،

قوشۇمچە غەربىي شىمال مەمۇرىي ھەربىي باشلىق مەھكىمىسى ئىقتىساد گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى جاڭ گۇاڭيا مۇئاۋىن باش قوماندان گېنېرال تاۋ سىيۇنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، تارماق بانكىنى جاڭيېگە چېكىندۈردى، كېيىن جيۇچۇەنگە يۆتكىدى. 9-ئاينىڭ 29-كۈنى ئەتراپىدا تاۋ مۇئاۋىن باش قوماندان يەنە جاڭ بانكا باشلىقى بىلەن بىرلىكتە ئىمزا قويغان تېلېگراممىنى ئەۋەتىپ، غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى پېڭ مىڭدىڭدىن ئادەم ئەۋەتىپ، مەزكۇر بانكىنىڭ ئامبىرىدا ساقلىنىۋاتقان 9700 سەر ئالتۇن، 12 يەشىك كۈمۈش تەڭگە ۋە ئاز مىقداردىكى چەت ئەل پۇلىنى پىچەتلەشنى ھەمدە ئەسكەر ئەۋەتىپ تارماق بانكىنى قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. جاڭ گۇاڭيا تارماق بانكا خادىملىرىنى باشلاپ 24-كۈنى قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى ۋە بارلىق ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى مەركىزىي بانكا قۇمۇل تارماق بانكىسىغا ئامانەتكە قويدى. ئەينى چاغدا ئەسلىدە بۇ ئالتۇن كۈمۈشلەرنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ ساقلىماقچى ئىدى، ئەمما، تاۋ گېنېرال بۇ ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېنلارنىڭ بۇلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، قۇمۇلدا مەخپىي ساقلاشنى توغرا تاپقانىدى.

(2) مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشى

ئالتۇننى يۆتكەپ ساقلاش قاتتىق مەخپىي بولغان بولسىمۇ، ئەمما، مەست بولۇپ قالغان بىر ماشىنا شوپۇرىنىڭ بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى. ئۇ قاتتىق مەست بولغاندىن كېيىن ئۆلپەتداشلىرىغا: «بۇرادەرلەر، سىلەر مېنىڭ نېمە توشۇغىنىمنى بىلەمسىلەر؟-مەن ئالتۇن توشۇدۇم! ئەگەر ئۇلار بەرداشلىق بېرەلىگەن بولسا، ماڭا بۇ نەرسىلەرنى توشۇتامتى؟» دېگەن. سۆزلىگۈچى مەست



بولسىمۇ، ئاڭلىغۇچى ساقتە! بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل بانكىسىدا ئالتۇن ساقلىنىۋاتقانلىق مەخپىيىتى تېزلا ئاشكارىلانغان.

(3) بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراش

قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئىچىدىكى «باڭخۇي» گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئىشپىيونلار بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئوت قويرۇقلۇق قىلىپ: «بۇلار گومىنداڭنىڭ ئالتۇنى، گومىنداڭ مائاشىمىزغا قەرزدار بولغاچقا، ئۇنى بىزگە تەقسىم قىلىپ بېرىشى كېرەك. بۇ، مال ئىگىسىگە قايتقانلىق ھېسابلىنىدۇ» دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن تېلېگراممىا يوللاپ ھەقىقەتكە قايتقانىنىڭ 3-كۈنى يېرىم كېچىدە، ئۇلار خېلى كۆپ ئەسكەرنى كۈشكۈرتۈپ، قۇمۇل تارماق بانكىغا ئامانەتكە قويۇلغان ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى پاك پاكىز بۇلاپ كەتكەن.

تاڭ سۈزۈلگەندىن كېيىن، كىشىلەر بانكىنىڭ ئىچى-سىرتىدا ئۇرغۇن كۆمۈش تەڭگىلەرنىڭ چېچىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ ھەممە بايلىقلارنى ئېلىپ كېتىشكە قۇربى يەتمەي، پەقەت ئالتۇننىلا بۇلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

(4) جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش

قۇمۇلنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قىسىم 178-بىرىگادانىڭ 533-پولكى بولۇپ، قۇمۇل بانكىسىنىڭ ئامانلىقىغىمۇ مۇشۇ پولك مەسئۇل ئىدى. ھەقىقەتكە قايتىش ھارپىسىدا تاۋ سىيۈ مەزكۇر پولكنىڭ كوماندىرى چېن گوڭپۇغا: «ئۇرۇشقا، تەسادىپىي ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ، ھوشيارلىقنى قاتتىق ئۆستۈرۈڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. بىراق بۇلاڭچىلىق يۈز بەرگەن شۇ كېچىسى چېن گوڭپۇ ئۆيىدە ماجاڭ ئوينىغان. ۋەقەدىن كېيىن چېن گوڭپۇنىڭ ئالتۇن بۇلاشقا

كۆشكۆرتمىگەنلىكى ۋە قوماندانلىق قىلمىغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھوشيارلىقنى يوقىتىپ، ئەسكەرلىرىنى ياخشى باشقۇرمىغاچقا، بۇلاڭچىلىق دېلوسى يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان، دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان دېگەن گۇمان بىلەن ئالتە كىشى قامالدى. كېيىن بۇ يەتتە كىشى ھەربىي رايون كادىرلار مەكتىپىگە نەچچە ئاي ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلىپ باشقىدىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. چېن گوڭپۇ 6-دىۋىزىيىنىڭ 18-پولكىغا تەقسىم قىلىنىپ، مۇئاۋىن شتاب باشلىقى بولدى.

### (5) ئۆزىنى مەلۇم قىلىش

1949-يىلى 12-ئاينىڭ باشلىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنى بىرتەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەن ھەربىي قانۇن گۇرۇپپىسىنى باشلاپ قۇمۇلغا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاۋ گېنېرالنىڭ تەكلىپى بىلەن، 1-بىڭتۇەننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى ليۇ جىنشىمۇ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتىدە قۇمۇلغا كەلدى. شۇ يەردە تۇرۇشلۇق 178-بىرىگادىنىڭ كوماندىرى ليۇ لۇنيۈەن زىياپەت ھازىرلاپ بىزنى كۈتۈۋالدى. ساھىپخان بىلەن مېھمانلار ئۆزئارا قەدەھ تۇتۇشۇۋاتقان ۋاقىتتا، بىر ئەسكەر تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى ۋە: «بۇلىغان بارلىق ئالتۇنلارنى قايتۇرۇپ بېرىمەن» دېدى. بۇ ھەقىقەتەن كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق ئىدى. مەن دەرھال ئۇنىڭغا بىر قەدەھ تۇتۇپ، ئۇنى راسا ماختىدىم ھەمدە: «بىردەم ساقلاپ، زىياپەت تۈگىگەندىن كېيىن تاپشۇرۇڭ»، دېدىم.



ھەربىي قانۇن گۇرۇپپىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئەسلىدە جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش بولۇپ، بۇلانغان ئالتۇنلارنى قوغلاپ تەكشۈرۈش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس ئىدى. ئەمما، بۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ئەسكەردىن مۇنداق ئىلھامغا كەلدىم: جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالتۇنلارنىڭ دېرىكىنىمۇ سۈرۈشتۈرسەك بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ئويۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىككىسى بىلەن مەسلىھەتلەشتىم.

مېنىڭ ئويۇمنى ئاڭلاپ ليۇ لۇنيۈەن قوشۇلمىغاندەك قىلىپ: «تاۋ گېنېرال 533-پولك ئۈرۈمچىگە بېرىپ تەرتىپكە سېلىنىشى كېرەك، دېگەن بۇيرۇقنى چۈشۈردى، ئەگەر بىز ئالتۇننىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلساق، قىسمنىڭ يۈرۈش قىلىش ۋاقتى چوقۇم كېچىكىدۇ، بولۇپمۇ كىچىكنى دەپ چوڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىش، يەنى نەچچە كېسەك ئالتۇننى دەپ، نەچچە يۈز ئەسكەر قېچىپ كېتىدىغان ئىش سادىر بولمىسۇن» دېدى.

مەن: «ئەسكەرلەرنىڭ قويىنىدا ئالتۇن بولسا، پۇرسەت تاپسىلا قېچىپ كېتىشنى ئويلايدۇ، ئەگەر ئاقتۇرۇپ تېپىۋالساق قاقسەنەم بولۇپ قالىدۇ-دە، قېچىپ كېتىش كويىدا بولمايدۇ» دېدىم.

مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئازراق ئويلىنىۋېلىپ كۆلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: «تېلېفون بېرىپ، باش قوماندانىدىن يوليورۇق سوراپ باقايلى» دېدى. تېلېفون ئۇلىنىپ سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، ئاغزىنى ئۇ مىچەيتكىنىچە لام-جىم بولۇپ قالدى. ليۇ جىنشى بۇ ھالنى كۆرۈپ دەرھال: «نېمە ئىش بولدى؟» دەپ سورىدى. ليۇ لۇنيۈەن ئاچچىقىنى ئاران بېسىۋېلىپ تۇرۇپ: «باش قوماندان مېھمان قوبۇل قىلىۋاتقان

ئىكەن، تېلېفوننى تاۋ شتاب باشلىقى ئالدى. ئۇنىڭغا يېرىم كۈن ئېغىز ئۇپۇراتسامۇ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە ليۇ بۆلۈم باشلىقىنىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆرۈڭلار دېدى»، دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ چاغدا ليۇ جىنشى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ تاۋ شتاب باشلىقى بىلەن ياپون تىلىدا بىر هازاغىچە سۆزلەشتى، نېمە دېيىشكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. شۇ ئاخشىمى ليۇ جىنشى ماڭا: «ليۇ لۇنيۈەن بولغاچقا، خەنزۇچە سۆزلەشنى بىئەپ كۆردۈم، تاۋ جىڭچۇ بىلەن مەن ئىلگىرى ياپونىيىدە ئوقۇغان، شۇڭا ياپونچىنى بىلىمىز» دېدى. ئارقىدىنلا يەنە: «مەن سىزنى قوللايمەن. تاۋ جىڭچۇ بىلەن مېنىڭ قارىشىم پۈتۈنلەي بىردەك» دېدى. شۇنداق قىلىپ ھەربىي قانۇن گۇرۇپپىسىنىڭ قوش ۋەزىپىسى بېكىتىلدى: يەنى جىنايى جاۋابكارلىق سۈرۈشتۈرۈلگەندىن كېيىن، هارام ماللارنىڭمۇ ئىزىغا چۈشىدىغان بولدۇق. ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ھېلىقى ئەسكەر بىزگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرگەن بولسىمۇ، خەلق ئاممىسىغا بولسا نۇرغۇن ئالتۇن قايتۇرۇپ ئەكەلدى.

(6) هارام مالنى قايتۇرۇۋېلىش

ئالتۇن بۇلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، باش شتاب سىياسىي خىزمەت مەخسۇس خادىمى ۋاڭ دېگاننى 178-بىرىگادىغا ھەمكارلىشىپ هارام ماللارنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتتى، جەمئىي 3000 سەر ئالتۇن قايتۇرۇۋېلىندى. بۇ بۇلانغان ئالتۇنلارنىڭ $\frac{1}{3}$ گە توغرا كېلەتتى. قالغان ئالتۇنلارنىڭ داۋاملىق دېرىكىنى قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. هارام ماللارنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئەمما مەنىلىك بولدى.



ليۇ لۇنيۈەننىڭ زىياپىتى ئاخىرلىشىپلا، ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ھېلىقى ئەسكەر كېلىپ، يانچۇقىدىن بىرنەچچە پارچە ئالتۇننى چىقاردى.

— بانكىدىكى كېسەك ئالتۇننىڭ ھەربىر دانىسى 25 جىڭ كېلىدىغان تۇرسا، بۇ پارچە ئالتۇنلار نەدىن كەلگەن؟

— بۆلۈشۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن پالتا بىلەن چېپىپ پارچىلىغان.

— بىر دانىسىنى نەچچىڭلار بۆلۈشتۈڭلار؟

— مەن ئېرىشكەن دانىسىنى بەشىمىز بۆلۈشتۇق.

— ئۇلارنىڭ ئىسمى ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئېسىمدە،- دېدى ئۇ، بەش كىشىنىڭ ئىسمى ۋە قايسى قىسىمدىن ئىكەنلىكىنى يېزىپ بەردى. ئارقىدىن مەن يەنە سورىدىم:

— يىگىت، بەشىڭلار بۆلۈشكەندە سەن بەش جىڭغا ئېرىشسەڭ توغرا بولاتتىغۇ، بۇلار بەك ئاز ئىكەنغۇ؟....

ئۇ دۇدۇقلاپ، ھېچنېمە دېيەلمىدى.

— ئەگەر بولسا ھەممىنى تاپشۇرساڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىڭ تېخىمۇ چوڭ بولمامدۇ؟

بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى پاللىدە يورۇدىدە:

— يەنە بار! ھەممىسىنى چۆللۈككە كۆمۈپ قويغان، دېدى.

ھەربىي قانۇن گۇرۇپپىسى دېلولارنى ئىشلەۋاتقان دەسلەپكى چاغلاردا، قۇمۇلغا كىرىپ ئورۇنلاشقان ئازادلىق ئارمىيە دېلولارنى بېجىرىشنى ئۆگىنىشكە بىر نەپەر كادىرنى ئەۋەتكەنىدى. بۇ چاغدا، ئۇ تۇيۇقسىز ھاياجانلانغان هالدا:-تېزدىن بېرىپ ئىزدەيلى،-دەپ گەپ قىستۇردى.

— ئالدىرىمايلى!-دېدىم مەن:-تېپىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن سەن ئالدى بىلەن خەرىتە سىزىپ، كۆمگەن جايىنى، قويغان بەلگىنى قانچە

ئورەككە كۆمگەنلىكىگىنى، جەمئىي قانچە پارچە كۆمگەنلىكىگىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەر.

ئالتۇن كۆمۈلگەن خەرىتە سىزىلىپ بولغاندىن كېيىن مەن: -سەن قانچە جىڭ ئالتۇننى بۇ ئورەكلەرگە كۆمدۈڭ؟ -دەپ سورىدىم.

— جىڭلاپ باقماپتىمەن، تەخمىنەن 5.4 جىڭغۇ دەيمەن-دېدى ئۇ تورۇسقا قاراپ تۇرۇپ.

مەن مۇھاپىزەتچىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرىپ كولاشقا بۇيرۇدۇم. ھېلىقى ئازادلىق ئارمىيىدىن كەلگەن يولداشمۇ ئۇلار بىلەن بىللە باردى.

تەخمىنەن يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كەلدى. مۇھاپىزەتچى ۋە ئازادلىق ئارمىيىدىن كەلگەن يولداشنىڭ خۇشاللىقىدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار تارازىدىن بىرنى تېپىپ جىڭلىۋېدى 8 جىڭدىن ئارتۇق كەلدى.

كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئالتۇننى كولاش جەريانىدا، ھېلىقى ئەسكەر بىرقانچە ئورەكنى كولاپلا توختاپ قالغان بولۇپ، ئازادلىق ئارمىيىدىن كەلگەن يولداش ۋە مۇھاپىزەتچىنىڭ قايتا-قايتا ھەيدەكچىلىك قىلىشى بىلەن، مۇشۇ ئالتۇنلار كولىنىپ چىققان.

مەن ھەيران بولغان ھالدا ھېلىقى ئەسكەردىن: -سەن بىر ئۆزۈڭ مۇشۇنچىلىك جىق ئالتۇنغا ئېرىشسەڭ، باشقىلارنىڭ پىكرى بولمىدىمۇ؟ دەپ سورىدىم.

— ياق، مەن باشقا بىر توپتىنمۇ بىر كىشىلىك ئۈلۈشكە ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن، مۇشۇنداق جىق بولغان-دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە بىر توپ ھارام ماللارنى بۆلۈشكەنلەرنىڭ ئىسمىنى يېزىۋالدىم. كونىلاردا «ياخشى ئىشقا كاشىلا كۆپ» دەيدىغان گەپ



بار. ئەمما بىزنىڭ ھارام ماللارنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتىمىز «ياخشى ئىشقا ياردەم كۆپ» بولدى. ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ھېلىقى ئەسكەر يىپ ئۇچى بولدى. بۇ يىپ تارتقانسېرى ئۇزۇراپ، تېخىمۇ كۆپ قارا قوللار تارتىپ چىقىلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، بىز باشقا تەرەپلەردىنمۇ ياردەمگە ئېرىشتۇق: ۋاڭ دېگاننىڭ ھارام ماللارنى ئىزدەش جەريانىدا خاتىرلەپ قالدۇرۇپ قويغان ئىسىملىكىمۇ بىزنىڭ ھارام ماللارنى ئىزدەش يىپ ئۇچىمىزنى تېخىمۇ بېيىتتى؛ 178-برىگادادىكى بىرنەچچە شتاب باشلىقىمۇ ئالتۇن بۇلاشقا ئائىت خېلى كۆپ ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلغاچقا، بىزنىڭ كۆزىمىز تېخىمۇ روشەنلەشتى. بەزى باتالىئون كوماندىرلىرى دەسلەپتە ھارام ماللارنى سۈرۈشتە قىلىشقا قارشى ئىدى. چۈنكى ئۇلار ھارامماللار سۈرۈشتە قىلىنسا ئەسكەرلەر قېچىپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بىز قايتا-قايتا خىزمەت ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتۈپ، بىزنىڭ ھارام ماللارنى ئىزدىشىمىزگە ياردەم قىلدى. ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق 1000 سەردىن ئارتۇق ئالتۇن قايتۇرۇۋېلىندى. بۇنىڭغا ئىلگىرى قايتۇرۇۋېلىنغان 3000 سەر ئالتۇن قوشقاندا، جەمئىي 4000 سەردىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلانغان ئالتۇنلارنىڭ يېرىمىغا يېقىنلاشتى. ئۇنداقتا، قالغان يېرىمى نەدە؟ مېنىڭ پەرىزىمچە، قېچىپ كەتكەن ئەسكەرلەر خېلى كۆپىنى ئېلىپ كەتكەنىدى؛ بىر قىسمى چۆللۈكتە يوقىلىپ كەتكەن، ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. كېيىن ئۆتمۈشنى ئەسلەش ھەرىكىتىدە يەنە خېلى كۆپ قىسمى قايتۇرۇۋېلىندى.

قايتۇرۇپ ئېلىنغان 4000 سەردىن ئارتۇق ئالتۇن كېيىنچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ تەستىقى بىلەن، 22-بىڭتۇەن (شىنجاڭ

ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ تەكتى) نىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش فوندى قىلىندى.

(7) باشقىلار

ئەينى يىلى مەن تاۋ گېنېرالنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇمۇلدىكى بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلغان چاغدا 7 ئادەمنى قولغا ئېلىپ، جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئامالنىڭ بارىچە ئالتۇنلارنى قايتۇرۇۋالغاندىن باشقا، بىرمۇ ئادەمنى ئېتىپ تاشلىمىغانىدىم. بىراق، 1951-يىلدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشتا، ھەقىقەتكە قايتىش ۋاقتىدا قۇمۇلدا مۇداپىئەدە تۇرغان 533-پولكنىڭ كوماندىرى بولغان چېن گوڭپۇ ئېتىپ تاشلاندى. ئۇنىڭ ئاساسلىق جىنايىتى: ئەسكەرلەرنىڭ ئالتۇن بۇلۇشىغا يول قويغان دېيىلگەنىدى. مەيلى 1949-يىلى قىشتا قولۇمدا «خان شەمشىرى» بولغان ۋاقىتتا بولسۇن ياكى 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، ناھەق ئەنزىلەرنى ئاقلاشقا چاقىرىق قىلغان چاغدا ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى سوت مەھكىمىسى كونا دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈپ، مەندىن ئەھۋال ئىگىلىگەندە بولسۇن، مەن ئوخشاشلا تۆۋەندىكىدەك ئانالىز قىلغانىدىم: شەھەرنى ساقلاۋاتقان، بانكىنى ساقلاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى چېن گوڭپۇنىڭ قىسمى، ئۇ ئەگەر ئالتۇننى بۇلىماقچى بولسا ناھايىتى ئاسان بولۇپ، پەقەت بىر بەن ئەسكەر، بىر ماشىنا ئەۋەتسىلا بانكىنىڭ ئامبىرىدىكى ھەممە نەرسىنى پولك شتابىغا يۆتكەپ كېتەلەيتتى، نەچچە يۈز ئەسكەرنى قۇترۇتۇپ، مالىمانچىلىق چىقىرىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئەلۋەتتە، چېن گوڭپۇنىڭ جىنايىتى بار، ئۇ بولسىمۇ ئەسكەرلىرىنى قاتتىق باشقۇرماي، ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ



قويۇش. بىراق بۇ خۇن جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىك ھېسابلانمايتتى. «سولچىل» لىق تۈگەپ، ھەممە جاي باھار تۇسىگە كىرگەن يېڭى دەۋردە، ھەربىي رايون سوت مەھكىمىسى چېن گوڭپۇنى ئاقلاپ، ئۇنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. تارىخ پارتىيىمىزنىڭ خاتالىق سادىر قىلغان بولسا تۈزىتىدىغان ئۇلۇغ پارتىيە ئىكەنلىكىنى تەنتەنىلىك بىلەن ئىسپاتلىدى.

## كۈمۈشتە لى شيەنفىڭنى تاسادىپىي قولغا چۈشۈرۈش

جايلاردىكى بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، ھەربىي قانۇن گۇرۇپپىسى كۈمۈشتىن ئۆتكەن چاغدا، قاچقۇن لى شيەنفىڭنى تاسادىپىي تۇتۇۋالدى.

لى شيەنفىڭ باشقىدىن تەشكىل قىلىنغان 42-دىۋىزىيە 65-بىرىگادا 194-پولكتىكى پاتالىئون كوماندىرى بولۇپ، تۇرپاندا تۇراتتى. ئۇ ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇپ، ئىككى لىيەن ئەسكەرنى باشلاپ ئارغىبۇلاققا بېرىپ قېچىپ كەتمەكچى بولغاندا قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق 129-بىرىگادىدىكى ۋاڭ شويى باتالىئونىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشى بىلەن، كۆپ قىسىم كوماندىر ۋە ئەسكەرلەر ئەسلى تۇرۇشلۇق ئورنىغا قايتىپ كەتكەن، پەقەت نەچچە ئون ئەسكەرلا لى شيەنفىڭغا ئەگىشىپ تەڭرىتاغ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتكەن. كېيىن ئەسكەرلەر ئاچلىققا چىدىماي، تاغدىن چۈشۈپ يەيدىغان نەرسە ئىزدەۋاتقان چاغدا ھەممىسى قولغا چۈشكەن. يالغۇز لى شيەنفىڭلا قېچىپ كەتكەن.

ھەربىي قانۇن گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۈرۈمچىدىكى بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى بىرتەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قاراشەھەرگە كېتىپ

بېرىپ، كۇمۇشتىكى بىر ئاشپۇزۇلدا تاماق يېدۇق. ئاشپۇزۇل سىرتىدا پوستا تۇرىۋاتقان مۇھاپىزەتچىم ماڭا: «ساقچى ئىدارىسى يۈرۈش-تۇرۇشى گۇمانلىق، يېنىدا تاپانچىسى بار بىر ھەربىي ئادەمنى تۇتۇۋاپتۇ» دەپ دوكلات قىلدى. مەن: «سەن ساقچى ئىدارىسىغا دېگىن، ئۇلار ئۇ ئادەمنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلسۇن» دېدىم.

ھايال بولمايلا، بىرقانچە ساقچى بىر ئادەمنى يالاپ ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپايغان، كىيىملىرى يىرتىلغان بولۇپ، ئىنتايىن ھودۇقۇپ كەتكەنىدى. مېنى كۆرۈپلا، دەرھال يۈكۈندىدە:-مېنى ئېتىۋەتمەكچى بولساڭلار، مۇشۇ يەردىلا ئېتىۋېتىڭلار، مېنى ئازادلىق ئارمىيىگە تاپشۇرۇپ بەرمەڭلار!-دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى.

— ئىسمىڭ نېمە دەپ،-سورىدىم.

— مەن لى شيەنفىڭ.

...........

ئاددىغىنە سوئال سوراقتىن كېيىن، مەن دەرھال تاۋ گېنېرالغا ۋە لى شيەنفىڭ قاراشلىق باشقىدىن تەشكىل قىلىنغان 42-دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى جاۋ شىگۇاڭغا «لى شيەنفىڭ تۇتۇلدى» ، دەپ تېلېگرامما يوللىدىم. شۇ چاغدا تاۋ گېنېرالدىن جاۋاب كەلمىدى، جاۋ شىگۇاڭدىن: «شۇ جايدىلا ئېتىپ تاشلاڭلار» ، دېگەن جاۋاب تېلېگرامما كەلدى.

شۇ چاغدا مەن لى شيەنفىڭنىڭ ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ كېتىشىدە چوقۇم «ئارقا كۆرۈنۈشى» بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان بولساممۇ، بىراق كۆپ قېتىملىق سوراقتا ئۇ «مېنى ھېچكىم كۈشكۈرتمىدى، ئۆزۈمنىڭ قارارىم» ، دەپ تۇرىۋالدى. ئەگەر ئۇنى ئالدىراپلا ئېتىپ تاشلىغاندا، سۈرۈشتۈرۈشكە ئامالسىز گۇمانلىق دېلو بولۇپ قېلىشى



مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مەن ھازىرچە ئۆلۈمگە بۇيرىماسلىقنى قارار قىلدىم. ھەربىي قانۇن گۇرۇپپىسى يول بويى دېلو بېجىرىپ ماڭغاچقا، جىنايەتچىنى قامايدىغان جاي يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن لى شيەنفىڭنى يېقىندىلا ئاقسۇغا كىرىپ ئورۇنلاشقان ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 4-دىۋىزىيىسىدە ۋاقىتلىق قاماپ قويماقچى بولدۇق.

4-دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى بۇ ئىلتىماسىمنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلدى ھەمدە سىپايىلىك بىلەن: «قوشۇنىڭلارنىڭ ئىنتىزامىنىڭ چىڭلىقى كىشىنى قايىل قىلىدۇ. بىراق گومىنداڭ ۋە كومپارتىيىنىڭ شاپائەت ۋە ئاداۋىتى بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن، بۇنداق زور بۇرۇلۇش بولىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، ئايرىم كىشىلەر ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالماسلىقى مۇمكىن، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ھەقىقىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئادەمنى تېرىك تۇتۇپ تۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر. ئادەم ھامان ئۆزگىرىدۇ، بۇ كىشى ئۆگىنىش ئارقىلىق مەيداننى ئۆزگەرتسە، يېنىك بىر تەرەپ قىلساقمۇ بولىدۇ» دېدى.

4-دىۋىزىيە لى شيەنفىڭنى ئۆگىنىشكە قاتنىشىپ ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، 2-كورپۇسنىڭ ئالاقىلىشىش بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

قىسىملار قايتا تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، مەن بىڭتۇەن باشلىقلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولدۇم. 1950-يىلى ئەتىيازنىڭ مەلۇم بىر كۈنى گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ ئىشخانامغا كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن تىنچلىق سورىدىم ھەمدە ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم. گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ ئىسمىمنى ئاڭلاپ، ھەيران قالغانلىقىدىن:

— ھوي، سىز ليۇ زۇنشيەنمۇ! مەن 40 نەچچە ياشقىچە بىكار

ياشاپتىمەن، سىز كىچىك تۇرۇپ ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلايدىكەنسىز، ياشلارنى سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن-دېدى.

## كېيىنكى گەپلەر

جايلاردا يۈز بەرگەن بۇلاڭچىلىق، ئاسىيلىق قىلىپ قېچىش دېلولىرىنى بىرتەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەربىي قانۇن گۇرۇپپىسى 1950-يىلى 1-ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. مەن 10 مىڭ خەتلىك دوكلات يېزىپ تاۋ گېنېرالغا ئاپىرىپ بەردىم. دوكلاتتا ھەرقايسى دېلولارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ۋە بىر تەرەپ قىلىش جەريانىنى بايان قېلىپلا قالماستىن، يەنە تاۋ گېنېرالنىڭ ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، ئارمىيىگە تېخىمۇ ياخشى قوماندانلىق قىلىشى ئۈچۈن، دېلولارنى بېجىرىش جەريانىدا ئېرىشكەن ئارمىيە ۋە يەرلىكنىڭ نۇرغۇن ئەھۋالىرىنى تەپسىلىي شەرھىيلەپ چىقتىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى جايلاردىكى مالىمانچىلىقنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرىنىمۇ ئانالىز قىلدىم. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) جاھاننى مالىمان قىلىش ئۈچۈن، ئىشپىيونلار قۇتراتقۇلۇق قىلغان.

1949-يىلى لەنجۇ، شىنىڭلار ئارقا-ئارقىدىن ئازاد بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئىشپىيونلار شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن. شىنجاڭدا ئەسلىدە بار بولغان ئىشپىيونلاردىن پەقەت راۋ تېشەن، ليۇ خەندۇڭ، ياڭ ۋېي قاتارلىق بىرقانچە ئاتامان قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، نۇرغۇنقولچوماقلىرى ھەرقايسى جايلارغا يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كومپارتىيىگە قارشى مەيداندا چىڭ تۇرىدىغانلار بولۇپ، جاھان مالىمان بولمىسا كۆڭلى ئەمىن تاپمايتتى، پۇرسەت بولسىلا، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ



ئىش تىرىيتتى. جايلاردا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقلارنىڭ بۇ ئادەملەر بىلەن ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن مۇناسىۋىتى بار ئىدى.

(2) ئۆزگىرىش ناھايىتى تېز بولغاچقا، يامان كىشىلەرنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغان.

رەسمىي ھەقىقەتكە قايتىشتىن بۇرۇن، بىر مەزگىلگىچە تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش تەييارلىقلىرى بولغانىدى، بۇ خىل تەييارلىقلار پەقەت ھەربىي، مەمۇرىي ساھەنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، تۆۋەندىكى كەڭ ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر خەۋەرسىز ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئەينى چاغدا ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، تۆۋەندىكى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرگە تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى تونۇتۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ھەقىقەتكە قايتىش ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكىلەردە ئىدىيىۋى تەييارلىق بولمىغاچقا، يامان ئادەملەرنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئاسانلا ئۇچراپ، تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغان.

(3) ئارمىيە ئىچىدىكى «جاھانكەزدى باتۇرلار» كونا ھۇنىرىنى ئىشقا سالغان.

ياپۇنغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە، خېنەن، ئەنخۇي چېگرىسىدا بىرقانچە توپ باندىتلار بار بولۇپ، بىرلىكتە ياپۇنغا قارشى تۇرۇش چوڭ تۇغى ئاستىدا، بۇلار يېڭىباشتىن تەشكىل قىلىنغان ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا شىنجاڭغا كىرگەنىدى. كۇچادا تۇرۇشلۇق 65-بىرىگادانىڭ ئاتلىق پولكىدا ۋە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 533-پولكتا مۇشۇنداق باندىتلىقتىن كېلىپ چىققان ئەسكەرلەر خېلى كۆپ ئىدى. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ تەبىئىيتىنى ئۆزگەرتىشى تەس بولۇپ، بىرەر شەپە بولسىلا، كونا ھۇنىرى ئېسىگە

كېلىپ، هارامدىن بىيىشنىلا ئويلايتتى. كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغان كۇچا، قۇمۇلدىكى بۇلاڭچىلىق دېلوسىدا بۇ بۇرۇنقى «جاھانكەزدىلەر» ھۈنەرلىرىنى تازا ئىشقا سالغانىدى.

بۇ دوكلاتتا مەن يەنە تۆۋەندىكى بىرقانچە قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم:

ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى كۆپ خىل تىنچلىقپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ئورتاق رول ئوينىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك، ئەمما، دائىم باشقىلار سەل قارايدىغان ئامىل-كەڭ ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنۇپ يۇقىرىغا ئىتائەت قىلىپ ۋە ئۆز نىسىۋىسىگە شۈكۈر-قانائەت قىلىپ، يامان ئىش قىلىشتىن خىجىل بولۇشتەك قىممەتلىك روھىنىڭ بولغانلىقىدا.

ھەممىگە مەلۇمكى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىدىكى كەڭ ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى يېزىلاردىن تۇتۇپ كېلىنگەن دېھقان باللىرى بولۇپ، ئۇلار ساددا، ياۋاش، ئىتائەتمەنىدى ھەمدە قىسىمنىڭ ئاساسىي تەركىبىي ئىدى. يامانلىرى بار دېگەندىمۇ ناھايىتى ئاز سانلىق ئىدى. مەن جايلارغا بېرىپ، ھەرقايسى قىسىملاردا دېلولارنى بىرتەرەپ قىلغان چاغدا، سوراقتا تارتىلغان نۇرغۇن ئەسكەرلەر كەسكىنلىك بىلەن ماڭا: «ھەربىي قانۇن ئەمەلدارىغا دوكلات، ئادەم بۇلايدىغان ئىشنى مەن قىلمايمەن؛ كېيىن ئۆلسەم ئاتا-بوۋامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن» دېگەنىدى. بۇ سۆزلەر مېنى قاتتىق ھاياجانغا سالغانىدى. جەنۇبىي ۋە شەرقىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىمدە بارغان نۇرغۇن يەرلەردە، ئوخشىمىغان سورۇنلاردا، مانا مۇشۇنداق جۇشقۇن، مەردانە ئاۋازلارنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئوخشاشلا



ئومۇمەن يامان ئىش قىلىشتىن خىجىل بولىدىغان، ئەجدادىنىڭ نامىغا داغ تەككۈزۈشنى خالىمايدىغان مەنىدە ئىدى.

مەن بۇ خىل جۇشقۇن ئاۋازلاردىن، داۋالغۇش، ئەنسىزلىك ئەۋج ئالغان بۇرۇلۇش پەيتىدە، بىرقانچە قېتىملىق كىچىك كۆلەمدىكى مالىمانچىلىقتىن باشقا، 100 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننىڭ چېرىپ كەتمىگەنلىك سەۋەبىنى تاپقاندەك بولدۇم.

ھەقىقەتكە قايتىشقا تۈرتكە بولغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولغاندىن سىرت، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر، قانائەت قىلىش، ئوفىتسېرلارنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنۇشىمۇ مۇھىم ئامىل. ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملاردىكى ئوفىتسېرلارنىڭ كۆپ قىسمى ھەر خىل ھەربىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن، فاشىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان، «مۇتلەق بويسۇنۇش» قارىشى ئۇلارنىڭ كاللىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. «ھەربىيلەر بويسۇنۇشنى ئۆز بۇرچى قىلىش كېرەك» دېگەن سۆز ئۇلارغا مىزان ئىدى. ئادەتتە ئۇلار يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا قەتئىي بويسۇناتتى، يوليورۇق بولمىسا، قەتئىي ئۆز بېشىمچىلىق قىلمايتتى. ئوفىتسېرلاردا مۇشۇنداق روھىي ھالەت بولغاچقا، بىزنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولغانىدى.

باش ئەگمەدە تۇرۇشلۇق قايتىدىن تەشكىل قىلىنغان 65-بىرىگادانىڭ مەلۇم لىيەنىدىكى ئەسكەرلەر لىيەنجاڭنى مەجبۇرلاپ، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغۇرلاپ، پۇقرالارنى بۇلىماقچى بولغاندا، لىيەنجاڭ ئامالىنىڭ بارىچە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ توسقان ۋە كۆپچىلىككە: «يۇقىرى ھەقىقەتكە قايتىشقا مۇراجىئەت قىلدى، بىز ھەربىي بولغاندىن كېيىن بويسۇنۇشىمىز

# 目　　录


总书记与新疆各族人民心连心 ………… 王智生
第一次见总理 ……………………………… 朱忠琪
眷眷之情　天山为证 ……………………… 田玉棉
新疆起义后侧记王震 ……………………… 陶天白
新疆部分少数民族的迁徙定居与迁返 … 王尚仁
友好使者 …………………… 贾合甫·米尔扎汗
“苏修”策动的伊塔事件 ………………… 吕乾训
历史的震颤 ……………………………… 王冈龙
党的统一战线在兵团 ……………………… 卢振云
肝胆相照　风范永存 ……………………… 贺劲南
诛恶安军　除暴安民 ……………………… 刘尊贤


كېرەك، بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ مالىمانچىلىق چىقارساق قانداق بولىدۇ؛ پۇقرالارنىڭ گۇناھى نېمە، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى بۇلايمىز. . . !» دېگەن. لىيەنجاڭنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئەسكەرلەر قالايمىقان توۋلىشىپ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتكەن. لىيەنجاڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلانغان بولسىمۇ، يەنىلا تەمكىنلىك بىلەن تاپانچىسىنى چىقارغان. بۇنى كۆرگەن ئەسكەرلەر ئالاقزادە بولۇپ كەينىگە چېكىنگەن. بۇ چاغدا لىيەنجاڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ، ئېچىنغان ھالدا: «كەينىگە چېكىنىپ نېمە قىلىسىلەر! سىلەر مېنىڭ قېرىنداشلىرىم، مەن سىلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيمەن، ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىمدىنلا ئۆكۈنىمەن، مەن باتالىئون كوماندىرىغا، پولك كوماندىرىغا يۈز كېلەلمەيمەن!» دەپلا تاپانچىسىنى چېكىسىگە تەڭلەپ ئوق چىقىرىپ، مەردانىلىك بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان.

لىيەنجاڭنىڭ ساپ قېنى ئەسكەرلەرنىڭ ۋىجدانىنى قوزغىغان. ئۇلار قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە لىيەنجاڭنىڭ جەسىتىنى كۆمۈپ قويغاندىن كېيىن، قىسىمغا قايتىپ، قايتا مالىمانچىلىق تۇغدۇرمىغان.

1950-يىلى باش باھارنىڭ بىركۈنى، باش قوماندان ۋاڭ جېن بىڭتۈەن ئىشخانىسىغا دەم ئالغىلى كىرگىنىدە، بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلەندى ۋە ھاياجانلانغان ھالدا: «ياخشى! بۇنداق لىيەنجاڭلار ھەقىقەتەن ياخشى، ئوبدان تەقدىرلەش كېرەك» دېگەنىدى.

(ئاپتورى: سابىق گومىنداڭ شىنجاڭ گارنىزونى قوماندانلىق شتابى ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ پودپولكوۋنىك دەرىجىلىك بۆلۈم باشلىقى بولۇپ، 1949-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا قاتناشقان. ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن)

جۈرئەت ئابلىمىت تەرجىمىسى

顾　　问：赛尔杰
编委会主任：艾力肯·乌守尔·艾里
编委会委员：艾力肯·乌守尔·艾里
司马义·伊布拉音
阿里木·朱马什
艾合买提江·艾山
托合提·阿尤甫
迪拉热·哈米提
艾景顺
主　　审：艾力肯·吾守尔

主　　编：吐尔洪·吾买尔
责任编辑：居来提·阿布力米提
编　　辑：坎再　贾孜拉

新疆文史资料选辑(维吾尔文)(46)
政协新疆维吾尔自治区委员会文史资料和学习委员会编
乌鲁木齐市南湖北路63号　邮编:830063

乌鲁木齐新协印务有限公司
乌鲁木齐新华北路47号　邮编:830002

字数:172千字　开本:大32开　印张:10.75印张
印数:1～1 000册
2005年3月印刷

新疆维吾尔自治区内部资料准印证(2005)年061号总第334号
(内部资料　免费交流)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ